

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

2-سان

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003

2003

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: تالانتلىق
كومپوزىتور، «باھار مۇزىكىسىدىن پارچە»، «بۇلبۇل»، «كارۋان ناخشىسى»
«كۆركەم تەڭرىتاغلىرى» قاتارلىق ئۆلمەس ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى
ئابدۇرېشىت توختى ئەپەندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(52-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2003-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 260-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


شۇئارىمىز: ● خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى نېمىشقا قىلالمايمىز؟ …………… ت. ئارتىشى تەرجىمىسى 2

**قانۇن مۇقەددەس**

قانۇن ھەققىدە مۇلاھىزىلەر …………… لى. ئەمەت قاتارلىقلار تەرجىمىسى 5

قانۇننىڭ ھۆرمىتى ۋە سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى …………… ئىبراھىم ئەمەت 9

**تەپەككۇر كۆزى**

ئەقىل مېۋىلىرى …………… ئا. ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار 13

**ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار**

شەيتاننىڭ 2-قۇرۇلتىيى …………… مۇھەممەد مەتنىياز دانىش 22

**روھ چۇقانلىرى**

«يېگانە ئارال»غا سەپەر …………… ن. ئۆچقۇن، س. قەييۇم 28

**دېھقان نېمە دەيدۇ**

دېھقاننىڭ نالىسى …………… لى تۇڭگېن 42

ئەل قاتارى پاراڭلار …………… ئابدۇراخمان ئەزىز 44

دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى …………… يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق 47

**ئاچچىق كۈلكىلەر**

قىرتاق پاراڭلار …………… گۇمىن من، م. ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار 56

**خانىم قىزلىرىمىز نېمە دەيدۇ**

يېڭى دەۋر شەھەر قىزىنىڭ ئۆزىنى «تەكشۈرۈشنامە»سى …………… ر. ئابلىكىم 61

**ئىبرەتلىك پاراڭلار**

ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ …………… ت. ئارتىشى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 66

**ئۆمۈر تەلقىنلىرى**

سەرگۈزەشتىلەردىن بىركەلىمە …………… ئا. ئابدۇللا زوقىي 79

**تەقدىرىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق**

ئېشەكنىڭ تەقدىرى …………… ت. ئىبراھىم تەرجىمىسى 80



مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ناخشا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز ناخشىچى رابىيە مۇھەممەت خانىم. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى رىسالەت مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى

# نېمىشقا قىلالمايمىز؟

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:

▲ ھەر قانداق بىر مەسىلە مىللىي مۇناسىۋەتكە تاقىلىپ قالسىلا ئېھتىيات قىلغانلىق ئۈستىگە ئېھتىيات قىلىدىغان بوپقالدۇق. مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى چىڭ مەسىلە، ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسى يوق گەپنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. لېكىن ھازىر گەپ شۇ يەردىكى، مىللىي تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە پايدىلىق بولغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىمۇ ئېغىزغا ئېلىشتا ئەندىشە كۆپ.

▲ قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى قىلالماسلىقتا مەسىلە قەيەردە؟ ئىنچىكىلەپ ئويلايدىغان بولساق، مەسىلە شۇ يەردىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىدە چاتاق بار. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەقسىتى-مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ھەم يۈكسەلدۈرۈش. ئىتتىپاقلىقنى ئەنە شۇ تۈپ مەقسەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ھالدا تىلغا ئالساق، ئۇ چاغدا ئىتتىپاقلىق ئۇچۇنلا ئىتتىپاقلاشقان بوپقالىمىز. ئىتتىپاقلىشىش مۇھىم، ئىتتىپاقلىشىشتىكى مەقسەت-مۇددىئا تېخىمۇ مۇھىم. ھەر قايسى مىللەت تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىش ماڭغاندا، ئۆزىنىڭ يامان تەرەپلىرىنى باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ئارقىلىق يوقىتىشى، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشى، ئۆزئارا ئەقىللىشىپ-مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشى لازىم.

▲ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن بۇيان مىللەتلەر ئارا پارچىلانماس بىر پۈتۈنلۈك بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىلغا ئالغاندا، تېخىمۇ ئۈستۈن مەزمۇن بولۇشى لازىمكى، دىققەتنى ئىتتىپاقلىشىشنىڭ مەقسىتىگە-يەنى تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە بۇراش لازىم. ئەنە شۇ مەقسەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپنى دادىل سۆزلەش كېرەك، بۇ جەھەتتە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش كېرەك.

ئىجتىمائىي روھىي ھالەت توغرىسىدا

تەھلىل: مەخسۇس مۇخبىر لولۇ

بىر مۇخبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە مەكتەپكە كىرىپ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇشىنى بايان قىلىدىغان بىر پارچە ماقالىنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان يېزىپ پۈتتۈرەلمەپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى

## زامان تەفەززا پىكىرلەر

سورىسام: ئەندىشىدە قالدىم، دەيدۇ. نېمە ئەندىشە ئىكەن دەپ سورىسام، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى، ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى.

بۇنداق ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق ئىش مىللىي مۇناسىۋەتكە تاقىلىپ قالسىلا، كىشىلەر ئېھتىيات قىلغانلىق ئۈستىگە ئېھتىيات قىلىدىغان بوپقالدى. مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى چىڭ مەسىلە، ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسى يوق گەپنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئىشنى قىلماسلىق كېرەك، شۇنداق قىلىش تامامەن توغرا،

كۆپ مىللەتلىك رايوندا ھەر بىر ئادەم بۇنى تونۇپ يېتىشى، ئەقىدىسى قىلىۋېلىشى لازىم. لېكىن ھازىر مەسىلە شۇيەردىكى، مىللىي تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە پايدىلىق بولغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىمۇ ئېغىزغا ئېلىشتا ئەندىشە كۆپ. مەسىلەن، يېقىندا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشى، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى ـ بۇ ئىش مىللىي يۈكسىلىشكە پايدىلىق تۇرسا، بۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنچە خۇدۇكسىرەيمىز؟ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشىنى ئاخبارات ۋاستىلىرى چوڭ داۋراڭ بىلەن تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، بۇنى يامان بولدى دېگەن ئادەم يوق؛ جۇڭگولۇقلار چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇۋاتىدۇ، بۇنىمۇ يامان بولدى دېگەن ئادەم يوق، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسا، خەنزۇتىلىنى ئۆگەنسە نېمىشقا بۇنىڭدىن غەم ـ ئەندىشىگە قالىدىغانلار بولىدىكەن؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى خەنزۇچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش مەسىلىسىدىلا ئەمەس؛ دەھرىيلىكنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي مەدەنىيەت ھاۋاسىنى بوشاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە غەلىتە ئەندىشىلىرى بار. بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە گەپ قىلىنغاندا، ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، قارشى تۇرىدىغانلارمۇ چىقىدۇ؛ لېكىن بۇنداق قارشىلىق شۇ ئادەملەرنىڭ تونۇش-چۈشەنچە جەھەتتىكى سەۋەنلىكى بولۇپ، شۇ ھەقتە گەپ قىلغان ئادەملەرنىڭ قانداقتۇر توغرا ئىش قىلمىغانلىقى ئەمەس. ئەگەر قارشى تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن دەپ، قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى قىلمىساق، مانا ئۇ مىللىي يۈكسىلىشكە پايدىسىز بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي روھىي ھالەتتۇر. بۇنداق روھىي ھالەت 21-ئەسىردىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرسا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، زامانغا زادىلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

قىلىشقا تېگىشلىك گەپنى قىلالماسلىقتا مەسىلە قەيەردە؟ ئىنچىكىلەپ ئويلايدىغان بولساق، مەسىلە شۇ يەردىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى چۈشەنچىدە چاتاق بار. كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇھىم. لېكىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس. مەقسەت ـ مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئەنە شۇ توپ مەقسەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ھالدا تىلغا ئالىدىكەنمىز، ئۇ چاغدا پەقەت ئىتتىپاقلىق ئۈچۈنلا ئىتتىپاقلاشقان بوپقالىمىز-دە، پرىنسىپال مەسىلىلەردىن قېچىپ، ئۆز ئارا مادارا قىلىپ، بوپتۇلا دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدى-غان، باشقىلارنىڭ ئېزىپ-قايمۇقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مەيلىگە قويۇۋېتىپ كارىمىز بولمايدىغان، پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان، پەقەت يۈزەكى ئىناقلىقنىلا كۆزلەيدىغان بوپقالىمىز. بۇنداق ئىتتىپاقلىق بىز ئارزۇ قىلىدىغان ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق جۈملىسىگە كىرمەيدىغان، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈدىغان ياسىما ئىتتىپاقلىقتۇر. يېقىندا ئېيتقىنىمىزدەك، چىن-رەسمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە گەپ قىلىشتا ئەندىشە قىلىشنىڭ ئۆزى چىن مەنىدە ئىتتىپاقلىشىشنى ئەمەس، ئەپلەپ سەپلەپ ئۆتۈشنى كۆزلىگەنلىك بولىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى توغرا چۈشەنگەندە، ئىتتىپاقلىقنى ئىتتىپاقلىشىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئادىن ئايرىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئىتتىپاقلىشىش مۇھىم، ئىتتىپاقلىشىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئا تېخىمۇ مۇھىم. ئىتتىپاقلىقنىڭ نەتىجىسىنى مەقسەت ـ مۇددىئانى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغاندىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئىتتىپاقلىشىشتا كۆزلىگەن نىشان بولغاندا، شۇ ئىتتىپاقلىق تۇرغۇن ھالەتتە توختاپ قالمايدۇ، ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئىتتىپاقلىشىش جەريانى ئۆز ئارا ئەقىللىشىش جەريانى، ئۆز ئارا ئەقىللىشىش-مەسلىھەتلىشىش، ئۆز ئارا ئارتۇقلۇقلارنى ئۆگىنىش، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىش جەريانىدۇر. ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆزىگە خاس ياخشى تەرەپلىرى ۋە يامان تەرەپلىرى بولىدۇ. بۇنداق ياخشى ـ يامانلىق تار مىللىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھالانمايدۇ، ئۇنى باھالاپ بېرەلەيدىغان بىرلا ئۆلچەم ـ زامانىۋى مەدەنىيەت. ياخشىلىق دېگىنىمىز ـ زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن تەرەپلىرىدۇر؛ يامانلىق دېگىنىمىز ـ زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرىدۇر. تەرەققىيات دېگىنىمىز ـ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىشتۇر؛ يۈكسىلىش دېگەندە زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. تەرەققىي قىلىش ۋە يۈكسىلىش ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئومۇمىي نىشانىدۇر. ھەرقايسى مىللەتلەر شۇ ئومۇمىي نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش جەريانىدا ياخشى تەرەپلىرىنى تېز ئىلگىرىلىتىپ ماڭالىسا، يامان تەرەپلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلىشى مۇمكىن؛ ئۆزىنىڭ يامان ھالەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ياخشى ھالەتلىرى ئارقىلىق يوقاتسا، تەرەققىيات قەدىمىنى ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتكە قاراپ يۈكسىلىشىنى تېزلىتەلەيدۇ؛ ئۆزىنىڭ يامان ھالەتلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشتىن خۇدۇكسىرەپ، باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلمىسا، نەتىجىدە ئۆزىنى قالاق ھالەتتە توختىتىپ قويىدۇ. ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈش ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىش لازىم، چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق قالاق ھالەتكە

چېقىلالمايدۇ.

ئازاد بولغان چاغدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىش ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى تېخىمۇ كۆپەيدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئۆتمۈشتە ئاسانلا يۈز بېرىدىغان ئۇقۇشۇلماسلىقلارنى ئۆيلىساق، بەزىسىگە ھازىر كۈلگىمىز كېلىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن بۇيان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا گىرەلىشىپ كەتكەن مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كەلدى، تېخىمۇ زور مەنپەئەت بىرلىكى پەيدا بولدى. ھازىرقى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئىتتىپاقلىق ئۈستىدە گەپ بولغاندا، بۇ مىللەت ئۇ مىللەتنىڭ يېتىم بالىسىنى بېقىۋالدى، ئۇ مىللەت بۇ مىللەتتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئايالنى قۇتقۇزۇۋالدى، دېيىدىغان گەپلەر ھازىر ئېتىباردىن قېلىپ، تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىش بوپقالدى. بۈگۈنكى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، تېخىمۇ ئۈستۈن مەزمۇن بولۇشى لازىم. ئىتتىپاقلىق دېگەندە دىققەتنى ئىتتىپاقلىقنىڭ مەقسىتىگە - تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە قويۇش لازىم. ئەنە شۇ مەقسەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپنى دادىل سۆزلەش كېرەك. ھەققەت ھەممىدىن بەك بويسۇندۇرۇش كۈچىگە ئىگە. توغرا نەرسە ھەرقاچان كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ، مانا مۇشۇ جەھەتتە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئۆزىڭگە قاراڭغۇ بولۇپ تۇرغان ئىش باشقىلارغا ئايدىڭ كۆرۈنىدۇ» دېيىدىغان ماقال بار. زامانىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بەزى نەرسىلەر، ئۆز مىللىتىمىز تەرەپتىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى چەكلەپ تۇرغانلىقتىن، ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇپ كۆرۈنۈشى، باشقا مىللەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەقىلگە ئۇيغۇن بولماسلىقى مۇمكىن. كۆپ مىللەت بىللە ياشىغاندا، روھىي ھالەت ساغلام بولسىلا ئۆزىدىكى مەسىلىنى باشقا مىللەتنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەينەك قىلغان ھالدا بىلىۋېلىش مۇمكىن، مانا بۇ كۆپ مىللەت بىللە ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكى. مۇشۇنداق ئەۋزەللىكنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

---

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2003 - يىل 6 - يانۋار سانىدىن

**توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى (M2)

## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 - قورۇ

### 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLIKATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION

P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China

FAX:(010)65063101




# قانۇن ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

## قانۇن ھەققىدە ئۈزۈك خىياللار

### 1

قانۇن بولمىغان جەمئىيەت تەرتىپسىز جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ھاياتلىق قانۇنىيىتى رول ئوينايدۇ – ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولىدۇ، ماسلىشالىغانلار ھايات قالىدۇ.

قانۇن بولمىغان جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلارنىڭ

**قانۇن مۇقەددەس**

ئىرادىسى قانۇن ئورنىدا يۈرگۈزۈلىدۇ. پۇقرالار خۇددى يەرگە تېرىلغان كۆدىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھۆكۈمرانلار ئۇنى يېگۈسى كەلسە ئورۇپ يەۋېرىدۇ. يېگۈسى كەلمىگەندە يەنە ئۆسۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

قانۇن بولمىغان جەمئىيەتتە خەلقنىڭ پىكىر قىلىشىغا، بىرەر نەرسىدىن گۇمانلىنىشىغا، مۇستەقىل ئىدىيە-كۆز قاراشنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. خەلق گويا ئوخشاش بىر ھۆجەيرىدىن «كلونلاشتۇرۇپ» چىقارغاندەك، ئوخشاش نەپەستە سۆزلەيدۇ.

قانۇن بولمىغان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى شۇكى: ئۇنىڭدا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر

www.uyghurkitap.com

تۈركۈم ئاما بولىدۇ. تەربىيە كۆرگەن، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا سادىق بىر ئوچۇم ئەمەلدارلار بولىدۇ.

قانۇن بولمىغان جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلار ئىنتايىن كۈچلۈكتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاجىزلىقتا بەئەينى يەرگە بور بىلەن سىزىلغان رەسىمگە ئوخشاش بولۇپ، يامغۇر يېغىپ قالسا پاك-پاكىز يۇيۇلۇپ، ھېچقانداق بىر ئىز ناسىمۇ قالمايدۇ.

قانۇن بولمىغان جەمئىيەت - مۇقەررەركى، مۇستەبىت جەمئىيەتتۇر. قانۇن بولمىغان جەمئىيەت - مۇقەررەر ھالدا تەرتىپسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىنى يارىتىدۇ.

## 2

قانۇننىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىر مەسىلە، قانۇننىڭ دېموكراتىك، ئىلمىي بولۇش-بولماسلىقى بولسا، باشقىلا بىر مەسىلە. قانۇن ھۆكۈمرانىنىڭ ئىرادىسىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، خاتا لۇشيەن، سىياسەتلەرنى يۈرگۈزىدىغان قورالغا ئايلىنىپمۇ قالىدۇ. ھەتتا ئېچكى جەھەتتە خەلقنى باستۇرىدىغان، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

دېموكراتىك، ئىلمىي روھقا ئىگە بولمىغان قانۇننىڭ تۈرغۇزۇلۇش جەريانىنىڭ ئۆزىلا ئىلمىي ئەمەس - ئۇنىڭدا ئاۋامنىڭ قاتنىشىشى رەت قىلىنىدۇ. ئازساندىكى بىر قانچە «سەرخىللار» ياكى نەپكە ئېرىشكۈچى ئورۇن ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاندىن گۇرۇھنىڭ چاڭگىلىغا ياكى باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قالغان قانۇن تۇرغۇزۇش ئورۇنلىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن «ئۆتىدۇ». بۇنداق قانۇننى «ساختا قانۇن» دېگەن تۈزۈك.

«ساختا قانۇن» نىڭ قوغدايدىغىنى ھۆكۈمرانىنىڭ مەنپەئىتى، نەپكە ئېرىشكۈچىنىڭ مەنپەئىتى، جەمئىيەتتىكى مۇشتۇمزور تائىپىنىڭ مەنپەئىتىدۇر. ئۇنىڭدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان بىقۇۋۇل ئاما نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. ئاۋام شۇڭا: «قانۇن ئەمەلدارغا ئەمەس، پۇقراغا تۈزۈلگەن» دەيدۇ.

«ساختا قانۇن» نىڭ بەزىدە خەلقنى قوغداپ سېلىشى، ماھىيەتتە بىر چۈمپەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقنى ئەخمەق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا «پۇقرانىڭ ئەمەلدار ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى»، «ئەمەلدار چىرىكلىكى» دېگەندەك دېلولارغا تېگىپلا قويسا، ئۇنىڭ ساختا ماھىيىتى خەلقى ئالەمگە «مانا مەن» دەپلا ئاشكارا بولىدۇ - «ئەمەلدارلار بىر-بىرىگە يانتاياق بولۇشۇپ»، ئەزمىلىرىنى ئېزىشىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلغىلى قويماي، چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىپ، كىچىك ئىشنى بولسا يوق قىلىشىدۇ.

«ساختا قانۇن» قانچە مۇكەممەل بولسا، خەلق شۇنچە بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ ئەدىپىنى بېرىش تېخىمۇ «قانۇن» ىي ئاساستا ئىگە بولىدۇ.

«ساختا قانۇن» ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتمۇ مۇستەبىت جەمئىيەتتۇر.

قانۇن مەۋجۇد بولغان جەمئىيەتمۇ ئوخشاشلا تەرتىپسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

## 3

دېموكراتىك، ئىلمىي روھنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان قانۇن يالغۇز جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشتىلا گەۋدىلىنىپ قالماي يەنە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئىنسانىي قەدىر-قىممەت ھەمدە قانداق قىلىپ خەلقنى ۋە خەلقنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئازاد قىلىش جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەقىقىي قانۇن كىشىلىك ھوقۇق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، مېھىر-مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدلى-ئادالەت قاتارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئومۇمىي قىممەت قاراشنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە قوغداشتا گەۋدىلىنىدۇ.

ھەقىقىي قانۇن ئاستىدىكى جەمئىيەت - مۇقەررەركى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇلىدىغان جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە دېھقان، تازىلىق ئىشچىسى ۋە رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ) نىڭ قانۇن ئالدىدا ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. قانۇن بويىچە باشقۇرۇلىدىغان جەمئىيەت - مۇقەررەركى، دېموكراتىك جەمئىيەت. بۇنداق جەمئىيەتتە مۇھىم چوڭ سىياسەتلەرنى ئۆزلىرىنى «زاماننىڭ قەھرىمانلىرى» دەۋالغانلار ئەمەس، بەلكى خەلق ئۆزى بېكىتىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت چوقۇمكى تەرتىپلىك جەمئىيەت.

پەقەت مۇشۇنداق جەمئىيەتلا خەلق ئىنتىزار بولغان كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتتۇر.

---

فېلىڭ يۈەنلى قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «ئەمەلىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 6-سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 9-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئىبراھىم ئەمەت تەرجىمىسى

## ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس بولغان «126-ماددا»

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 126-ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ: «خەلق

سوتى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ. مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. بۇ شۇنداق مەشھۇر «ئەدلىيە مۇستەقىللىقى» نىڭ مۇھىم ئاساسى. ئۇنداقتا بۇ «قانۇن» نىڭ ئەمەلىيلىشىشى زادى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى فەن فاڭپىڭنىڭ يېقىنقى سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ «قانۇن» نى تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى، دېيىشكە بولىدۇ. فەن ۋەكىل ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: «بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئەدلىيە دېلولىرىغا تەستىق پىكرى يېزىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل سوت قىلىشقا، ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ». لياۋنىڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىر دېلونى سوتلايدىغان ۋاقىتتا، «مېنىڭ گەپ قىلىش ھوقۇقۇم بار» دەپ قارىغان 15 نەپەر رەھبىرىي كادىر بۇ دېلوغا تەستىق پىكىر يازغان. . . تەستىق پىكىرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئەمەلىي ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولۇپ، بۇ ئەھۋال سوت مەھكىمىسىنى ناھايىتى تەڭلىكتە قويغان. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئەدلىيە ۋە سوت مەھكىمىسىدە ئادەتكە ئايلاندى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزگىچە «ئات» دە، بۇ!

فەن ۋەكىل لياۋنىڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى، ھازىر ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاساسى بار. ئەگەر مەسىلە بۇنچە ئېغىر بولمىغان بولسا، بۇنچە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇمۇ ھەرگىز بۇ ئىشنى «ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىغا تەسىر يەتكۈزدى» دەرىجىسىگە كۆتۈرمىگەن بولاتتى.

سوت مەھكىمىسىگە «تەستىق پىكرى» يېزىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر روشەنكى، ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس. پېقىرمۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ماقالە يازدىم. ئەمما ئەزەلدىن سوت مەھكىمىسىگە «تەستىق پىكرى» يېزىش مۇددىئاسىدا بولۇشقا جۈرئەت قىلغان ئەمەسمەن. بۇ خىل «تەستىق پىكىر» نى يېزىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ھەمدە سوت مەھكىمىسىگە ياۋاشلىق بىلەن «قوبۇل قىلغۇزالايدىغانلار» پەقەت «رەھبەرلەر». ئادەتتىكى نورمال قائىدە-تەرتىپلەرگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، شۇنچە كۆپ رەھبەر سوت مەھكىمىسىگە «تەستىق پىكىر» يېزىشنى ياقتۇرغانىكەن، ئۇنداقتا بۇنىڭ «ئۈنۈمى» چوقۇم ناھايىتى «ياخشى» بولىدۇ. بولمىسا، ئۇلار ئاشۇ ئەقىل-ئىدرىكى بىلەن مۇشۇنداق «ئۈنۈمسىز ئىش» نى قىلارمۇ؟ ئەمما چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، سوت مەھكىمىسى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ «تەستىق پىكرى» نى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەكسىچە «تەڭلىكتە قالىدۇ؟» «ئاساسىي قانۇننىڭ 126-ماددىسى» بولغاچقا، ئۇلار ئەسلىدە «مەردانىلىق بىلەن» ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەكتىغۇ؟ فەن ۋەكىل بۇ توغرىلىق گەپ قىلمىدى. ئېھتىمال دېيىشنى بىئەپ كۆرگەن بولسا كېرەك. يەنىلا «نورمال قائىدە-تەرتىپ» كە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدىغان بولساق، سودىيەلەر «تەستىق پىكرى» يازىدىغان بۇ «ئاپتور» لارنى چوقۇم ناھايىتى «ھۆرمەت قىلىدۇ». نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمىگە ئاساسلانغاندا، سوت مەھكىمىسىنىڭ «مۇستەقىللىقى» يوق. بۇ «ئاپتور» لار سوتچىلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. سوت مەھكىمىسىنىڭ خىراجىتى، ئۈسكۈنە-ئەسلىھەلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇشۇ قالتىس «ئاپتور» لارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭچە، ئۇلار بۇ ئەمەلدارلارنى «كۆزگە ئىلماسلىق» قا جۈرئەت قىلالارمۇ؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ناۋادا مەن سودىيە بوپقالغان بولسام، مەنمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

فەن ۋەكىل جۇڭگو تۈزۈلمىسىنىڭ مېغىزىنى پىششىق بىلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى تەلەپ قويمىدى. پەقەت رەھبەرلەرگە سوت مەھكىمىسىگە قارىتا ئىمكانقەدەر ئازراق تەستىق پىكىر يېزىش «تەكلىپى» نىلا بەردى، خالاس.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاساسىي قانۇن قانۇننىڭ ئانىسى. «ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش» نىڭ ۋەزنى ئادەتتىكى «قانۇنغا خىلاپ قىلىش» قا قارىغاندا خېلىلا ئېغىر.

قارىغاندا، «126-ماددا» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ.

---

خوجىجۇەن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «ھازىرقى زامان فېلىيەتونلىرى گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 8-ماي سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 8-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى

# «χنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭ ئەدەپ كېتىشى

دۆلىتىمىزنىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» فاڭجېنى ئېكىتىلگەندىن كېيىن، «شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، «يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»، «مەكتەپنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»، «ساقچىلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»، «سۇنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەندەك شوئارلار چىقىۋېرىپ، «χنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» كىم دېسە بولۇۋېرىدىغان شوئارغا ئايلىنىپ قالاي دېدى. ھەتتا جۇڭگو پوتبولچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يەن شىدۇ يېقىندا سىياسىي

قانۇن ئۈنۋېرسىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا «پۈتبولنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ خىل دورامچىلىق ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان چاكىنا، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشتەك چۈشەنچىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

«χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئاڭلىماققا ئادەمگە ھەممىلا جايدا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش دېگەندەك تۇيغۇنى بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ پوك-پوك، تىلىنىڭ تۇتۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى «مۇناسىۋەتلىك تارماق» لىرىمىزغا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش خۇشياقمىغاچقا ۋە بەزىدە قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىمۇ قىلغاچقا، «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىمىز» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇ خۇددى سېمىزلەرنىڭ ئورۇقلايمەن دەپ، ئورۇقلارنىڭ سەمىرىمەن دەپ كوتۇلدىغىنىغا ئوخشايدۇ.

2001-يىلى 16-دېكابىردا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئاخبارات تەكشۈرۈش» پروگراممىسىدا خۇبېي ئۆلكىسى چيەنجاڭ شەھىرىدىكى جياڭخەن بازىرىنىڭ يېپىق باشقۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بېرىلدى. چيەنجياڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار شەھەرلىك پارتكومنىڭ «4-ئاۋغۇست يىغىنى روھى» غا ئاساسلىنىپلا يېپىق باشقۇرۇلىدىغان جياڭخەن بازىرىنى قۇرغان. يېپىق باشقۇرۇش دېگىنى، چيەنجياڭ شەھىرىدىكى چوڭ بازارلارنىڭ ئىشلىرىغا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بىر تۇتاش مەسئۇل ۋلۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىيىتى ئىدارىسى، سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، باجخانا قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار بۇ بازارلارنى تەكشۈرمەسلىكى، بۇ بازارلاردا قانۇن ئىجرا قىلماسلىقى كېرەك، دېگەنلىك ئىكەن. يېپىق باشقۇرۇش نەتىجىسىدە، ئاشۇ چوڭ بازاردا قورال-ياراق، زەھەرلىك چېكىملىكتىن باشقا ھەممىنۋاكى نەرسە سېتىلغان، بازاردا ساختا، ناچار تاۋارلار يامراپ كەتكەن، شەھۋانىيلىق ئەدەپ، «سەتەڭ» لەر مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. يەرلىك بىرەيلەن بۇ ئەھۋالنى: «بۇ بازاردىن بىر ‹سەتەڭ› تېپىش بىر قاپ تاماكا ئالغاندىنمۇ ئوڭاي» دەپ ئوخشاتقان. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى جياڭخەن بازىرىدىكى بىر ئوقەتچىدىن: «سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلارنىڭ نوپۇزى چوڭمۇ ياكى ‹4-ئاۋغۇست يىغىنى ھۆججىتى› نىڭ نوپۇزى چوڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھازىرچە، قانۇننىڭ نوپۇزى چوڭ» دەپلا جاۋاب بەرگەن. گەپنىڭ ئۇرامدىنلا «4-ئاۋغۇست يىغىنى ھۆججىتى» نىڭ «كارغا كېلىۋاتقانلىقى» مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. مۇخبىر چيەنجياڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپىدىن: «بازارلارنى يېپىق باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا زىت ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «زىت كەلمەيدۇ دېسەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ جانلىق ئىشلىتىش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا بۇ، «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئەھۋال. رېئال تۇرمۇشىمىزدا بىر تەرەپتىن «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» تەكىتلىنىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى «ھەربىكەت نىزاملىرى»، «مەمۇرىي بۇيرۇقلار»، «يىغىن روھى» نىڭ رولىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ رولىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، بەزى «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» لارنى قۇيرۇق كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆپكە ساتقانلىق دەپ ئېيتالايمىز.

«χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىمىز» دەپ كۆنبويى داۋراڭ سالىدىغان بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇن جانلىق ئىشلەتكىلى بولىدىغان قورال. قانۇننىڭ قورallıq خاراكتېرگە ئىگە دەيدىغان بىر تەرىپى بار. بىراق، قانۇن قورال بولغىنى بىلەن، ھەرگىزمۇ خالىغانچە «جانلىق ئىشلىتىدىغان» قورال ئەمەس. مېنىڭچە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ بىرى «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەن شوئارلارنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدۇر.

«χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭ تەكىتلەيدىغىنى «ئىدارە قىلىش» تۇر. بىراق «ئىدارە قىلىش» قانۇننىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ قوراللىق خۇسۇسىيىتى، خالاس. «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» توغرا ئىكەنلىكى، دوراپ قوللىنىلغان «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ساھەلەر «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەن شوئارنى قوللىنىۋەرسە، قانۇننىڭ ئىشلىتىشچانلىق، قوراللىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىنسانىيلىق ئىدىيىسىگە ۋە ئىنسانىيلىقىنى قوغدىشىغا سەل قارىغانلىق بوپقالىدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى تەشكىلاتلار ھەتتا «پۇقرالارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارنى غىڭ-پىڭ قىلدۇرماي «ئىدارە قىلىش» قا بويسۇندۇرۇش، يۇقىرىغا ئەرز قىلغۇزماسلىق، ئىش چىقارغۇزماسلىق، ئەمەل-مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشىگە ھېچقانداق پۇتلىكاشاڭ قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر. شۇنداق بولغاچقا، «χ نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» بەزى ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىكى پۇقرالارنى «كۆندۈرۈدىغان» «قامچا» غا ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل ئەھۋال بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ جەۋھىرى - ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۆپرەك چەكلەش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۆپرەك قوغداش ئىدىيىسى تۈپتىن زىت، شۇنداقلا ئات ئايلىنىغا، يول سارىخانىغا، دېگەندەك قىلغانلىقتۇر.

---

جىلاڭ لىيەنگبىن قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «بىرلەشمە گېزىت» نىڭ 2002-يىل 9-ئاۋغۇست سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئازاد نىزامىددىن ئەنجانى تەرجىمىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# قانۇننىڭ ھۆرمىتى ۋە سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى

ئىبراھىم ئەمەت

## 1

قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگىنى ئۈچۈن، ھۆكۈمران سىنىپقا نىسبەتەن مۇقەددەس، پۇقراغا نىسبەتەن دەخلىسىزدۇر. قانۇن ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىلىرىنىڭ شەرتسىز ئىجرا قىلىنىشى بىلەن مۇقەددەستۇر.

يىراق ئۆتمۈش زامانىدا، ئاۋامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىرەر مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە چەكلەپ تۇرۇش ۋەجىدىن قانۇن تۇرغۇزۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. قانۇننىڭ پەيدا بولۇش زۆرۈرىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەسلى بىر تارازىغا ئوخشايدۇ. زامانىمىزدىكى قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ پاگونلىرىغا تارازىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەنلىكى بەلكىم شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. بۇ تارازا ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆلچەش (ئىجرا قىلىنىش) جەريانىدا چوقۇم ئادىل ۋە لىللا بولۇشى، ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ھەقىقەتتىن چەتنىگەن قانۇن ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى يوقىتىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم: «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كېرەك»، «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. يېقىندا ئاياغلاشقان ج ك پ 16-قۇرۇلتىيىدا «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش» چاقىرىقى گەۋدىلىك ئورۇندا سۆزلەندى ھەم پارتىيىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېڭى نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلدى. سەۋەبتىن زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ!

نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش زۆرۈر بوپقالدى؟ بۇ، جۇڭگودا دۆلەتنى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئېغىر ھالدا مەۋجۇد دېگەنلىكمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ماھىيەتتە سىياسەت ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دېگەنلىكتۇر. سىياسەت تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئازساندىكى نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئۇ مەلۇم سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي مەقسەتكە يېتىشنى كۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ قانۇنغا ئوخشاش مەجبۇرلاش كۈچى بولمىسىمۇ، لېكىن نوپۇز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى زاكون تايىقىنىڭ ھەيۋىسىدە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

جۇڭگو تارىخىغا نەزەر سالساق، ئەلمىساقتىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە دۆلەت سىياسەت (ئۆتمۈشتە خان يارلىقى، ھازىر رەھبەرنىڭ يوليورۇقى) بىلەن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن. جۇڭگودا خېلى بۇرۇنلا (تارىختا ۋاڭ ماڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى بولغان) قانۇن تۈزۈلگەن بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ قەغەز يۈزىدە، كۆتۈپخانىلاردا توپا باسقان ھالەتتە تاشلىنىپ قالغان. 5000 يىللىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە جۇڭگو خەلقى بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ كەتكەن. بۇنداق كۆنۈپ كېتىش جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەم جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا تاھازىرغىچە جۇڭگولۇقلار ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئەمەس، نوپۇز ئىگىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىقنى، ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئېڭىدا قانۇندىن نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئەمر-مەرۇپلىرىنى ئۈستۈن كۆرۈش، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، قۇللۇق ئىدىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن. جۇڭگو تارىخىدا كاڭ يۇۋېي، تەن سىتوڭ، لياڭ چىچاۋلار قوزغىغان «ۋۇشۈي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئاممىۋى ئاساسى بولمىغاچقا، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن مەغلۇب بولغان. قانۇننىڭ نېمىلىكىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، قانۇننىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن قانۇن ئىدىيىسى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىمەن، دېيىش ئىنتايىن ئەخمەقانىلىق ھەم قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. نوپۇز ئىگىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنى باراۋەر قىلىمەن، دېيىش تۈزكورلۇق ھېسابلىناتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇرىچە، ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك قەدىر-قىممىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغدايمەن، دېيىش بىر چوڭ ئەخمەقلىق ئىدى. ئۇلارچە، ئادەمىيلىك قەدىر-قىممەتنى نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئىنسابىدىن تىلەش ئەڭ توغرا ئۇسۇلدەك قىلاتتى...

## 2

ياۋروپالىقلاردىن ئەنگلىيىلىكلەر تۇنجى بولۇپ ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت بەرپا قىلدى. پادىشاھنىڭ ھوقۇقى — نوپۇزى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن چەكلەندى. بۇ، دۇنيا تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ بۆرۈلۈش ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىك دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1640-يىلى باشلانغان ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 1649-يىلى 19-يانۋاردا پادىشاھ كارل ستوئارت لوندونغا ھەيدەپ كېلىندى. 27-يانۋاردا 135 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئالىي سوت كارل ستوئارتنى: «زالىم پادىشاھ، خائىن، قاتىل، دۆلەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. 30-يانۋاردا پادىشاھ كارل ئاما ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى مارتتا پارلامېنت قارار ماقۇللاپ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يۇقىرى پالاتانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 19-مايدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە پارلامېنت ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ئىدى. دۆلەت مەجلىسى مەمۇرىي ھوقۇقنى باشقۇردى. ھوقۇقنى بۆلۈپ يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى (قانۇن چىقىرىش ئورنى بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنى ئايرىش، بىر-بىرىگە نازارەت قىلىش) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ دەسلەپكى ئەندىزىسى ئىدى. بىز جۇڭگولۇقلار ياۋروپالىقلاردىن ئازكەم تۆت يېرىم ئەسىردىن كېيىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش چاقىرىقىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئۆزىمىزنى يەنىلا تەلەيلىك ھېسابلىماي تۇرالمايمىز.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگو خەلقى تەپەككۇردا ئويغاندى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەردى. ئىسلاھات كوممۇنانىڭ كۆكرىپ كەتكەن سېمىز ئۆمىچىنى تولا ئىچىپ، سەكسىنىپ كەتكەن مىليونلىغان جۇڭگولۇقنىڭ قورسىقىنى توق قىلدى، يانچۇقى پۇل كۆردى. جۇڭگولۇقلار دائىم كولدۇرلاپ تۇرىدىغان قورساق ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، تاشقى دۇنياغا چەكچىيىپ قاراپ، دۇنيادا ئادەمىيلىك قەدىر-قىممىتى بىلەن ياشاۋاتقان مەدەنىي ئەللەر خەلقلىرىنى كۆرگەن چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىكىنى ئەسلەپ قېلىشتى. جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ زور مۆۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، ئۇ جۇڭگولۇقلارغا ئادەمىيلىك قەدىر-قىممىتىنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق ياشاشنى، ئۆز ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانداق قوغداشنى ئۆگەتتى. خەلق دېموكراتىيىگە، باي-باياشاتچىلىققا، ئەركىن-باراۋەر مۇئامىلىگە ئىنتىزار بولدى. بۇ، جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن، ھەل قىلماسا بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. خەلقنىڭ كۈچلۈك سادالىرى، ئاۋامنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن دېموكراتىيە ئېڭىنىڭ تەسىرىدە جۇڭگو كومپارتىيىسى «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. جۇڭگو پۇقرالىرى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج. خەلق ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

مۇكەممەت بەدەل تۆلىمەي بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ھازىرقى رېئاللىقى بۇنى بەلگىلىگەن.

## 3

بىز رېئاللىققا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىر قىسىم ئەھۋالدا، قانۇنغا قارىغاندا سىياسەتنىڭ كۆپرەك تەكىتلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، قانۇننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە بولسا كېرەك.

سىياسەتنى ھەددىدىن ئارتۇق گەۋدىلەندۇرۇش، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، قانۇننىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ. گەرچە قانۇن بىلەن سىياسەت بىر-بىرىگە زىت نەرسە بولمىسىمۇ، ئەمما سىياسەت ئازساندىكى بىر قىسىم ھوقۇقدارلار (نوپۇز ئىگىلىرى) نىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ ئەسلى قۇدرىتىدىن ھالقىپ، قانۇن ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇنى نورمال ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. سىياسەت چوقۇم قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى زۆرۈر. بىز دائىم: «بۇ مەسىلە سىياسەتكە خىلاپ»، «بۇ ئىشنى سىياسەت بويىچە قىلغان تۈزۈك»... دېگەندەك تېتىقسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. نېمە ئۈچۈن قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان مەسىلىلەر سىياسەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؟ چۈنكى زامانىمىزدا بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇن تارازىغا ئوخشىغان بىلەن، سىياسەت تارازىنىڭ تېشىغا ئوخشايدۇ. بۇ تاشلارنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى بولمايدۇ. تارازا تېشىنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكىنى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر (ھەرگىزمۇ قانۇن تۈزگۈچىلەر ئەمەس) بېكىتىدۇ. شۇڭا رېئال تۇرمۇشتا قانۇنلۇق بولغان نەرسىلەر سىياسەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ، تۈزۈلمىدىكى بىر ئىجتىمائىي كېسەللىك! ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگودا سىياسەتنىڭ باشقا شەكىللىرىمۇ بار. بىر قىسىم قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ نەزىرىدە قانۇن دېگەن «ئۆلۈك» نەرسە. لېكىن ئادەم دېگەن «تىرىك» مەخلۇق. قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە، ماددا بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئەگەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا، «قانۇن» نى «ئىجادىي يوسۇندا» ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. سىياسەت بۇنداق ئەھۋالدا قانۇننىڭ ۋاستىچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە سىياسەتنىڭ باشقىچە بىر شەكلى، قانۇننى ئۆز ئەينى بويىچە ئەمەس، ئەكسىچە «ئىجابىي يوسۇندا» ئىجرا قىلىش. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە قانۇنغا بولغان ھاقارەت ۋە ئاسىيلىق. ئۇ، ھوقۇقدارلارنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. پۇقرالار قانۇن ئارقىلىق ئۆز ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سىز ئەتراپىڭىزغا نەزەر سالسىڭىز، بۇنىڭغا سانسىزلىغان مىساللارنى تاپالايسىز. دېمەك، بىز ياشاۋاتقان رېئال تۇرمۇشتا سىياسەتتىن ئىبارەت بۇ تارازا تېشىنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. سىياسەت جۇڭگودا سىياسىي ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغان. ئۆرپ-ئادەت دېگەن مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن نەرسە. سىياسىي ئۆرپ-ئادەتمۇ شۇنداق. ئۇنىڭمۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بار. سىياسىي ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەلۇم تارىخىي دەۋردىن ھېساب ئالماي بولمايدۇ.

جۇڭگودا نېمە ئۈچۈن سىياسەتسىز ئىش ئاقمايدۇ؟ سىياسەت نېمە ئۈچۈن جۇڭگودا شۇنداق مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بولالايدۇ؟ سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور بولىدۇ؟...

شۇنداق بىر ئىجتىمائىي قاتلام باركى، ئۇلار سىياسەت تۈزەلەيدۇ، ھەرخىل سىياسىي پەتىۋالارنى چىقىرالايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، قانۇن دېگەن كىتاب جازىسىدا تۇرىدىغان نەرسە. قانۇن دېگەن ئاۋام پۇقرالار ئۈچۈن تۈزۈلگەن، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر قانۇنغا بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. سىياسەتنىڭ ئالدىدا قانۇننىڭ نەرقى بىر تىيىن. دەل شۇنداق بولغاچقا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىدا پارىخورلۇق باش كۆتۈردى. ئۇلار پارا ئېلىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن پەرۋا قىلمايدۇ. دەل مۇشۇ تەبىقىنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلماسلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدالغان مال-مۈلكى، ئىززەت-ھۆرمىتى، كىشىلىك ھوقۇقى، قەدىر-قىممىتى سىياسەت تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدۇ. سەن ئۆز ھوقۇقىڭنى قانۇنىي ماددىلارغا كۆتۈرۈپ چىقىپ قوغدايمەن، دېسەڭ، سىياسىي پەتىۋالار تەرىپىدىن دەككىگە يەيسەن، خورلىنىسەن، ئاياغ ئاستى بولىسەن، ئۈمىدسىزلىنىسەن، چىشلىرىڭ غۇچۇرلايدۇ، مۇشتلىرىڭ چىڭ تۈگۈلىدۇ، ئەسەبىيلىكىڭ مېڭەڭنى قىزىتىدۇ، قانلىرىڭ قايناپ تاشىدۇ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايسەن. بىرەرسىنى ۋاقىدە ئۇرۇپ سالسەن ياكى بوغۇپ قويسەن، شۇنىڭ بىلەن سەن ئىنتىزار بولغان، سېنى قوغداشقا قۇربى يەتمىگەن قانۇننىڭ پالانىنچى ماددىسىغا ئاساسەن سوتلىنىسەن، تۈرمىگە كىرىسەن... پۈتۈن ئۆمرۈڭ تۈرمىدە ئۆتىدۇ. بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ سەنمۇ؟ بۇيەردىكى سەۋەب — نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. سەن ئۆزۈڭنى ئاقلاپ: «مەن قانۇننىڭ پالانى ماددىسىغا ئاساسەن ھەرخىل ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك

www.ughurkitap.com

ئىدى. پالانى مىنىڭ بۇ ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى. قانۇننى ھىمات قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھوقۇقنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنسەم، قايتۇرۇپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇرۇپ سالدىم ياكى بوغۇپ قويدۇم، مەن گۇناھسىز» دېگەنلەرنىڭ ئاقمايدۇ. چۈنكى سىنىڭ ئۇرغىنىڭ ئادەم ئەمەس، نوپۇز، سىياسەت، سەن سىياسەتكە، نوپۇزغا شىلتىڭ ئاتتىڭ-دە!

ئەگەر ھەممىلا ئادەم قانۇن بويىچە ئىش قىلسا، قانۇننىڭ ھەممە ماددىلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنسا، بۇ كارامەت ئىش. بۇنداق جەمئىيەت زىددىيەتتىن خالىي ئوتوپىيىلىك جەمئىيەت بوپقالىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە زىددىيەتمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەتتە زىددىيەت بولمىسا، ئۇ قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟ سىياسەت دېگەن جەمئىيەتتىكى قوچۇپ تۇرۇدىغان كاتالىزاتور. جەمئىيەت ئۆزلۈكسىز قوچۇلۇش جەريانىدا ھەرخىل زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. لېكىن قوچۇلۇش ئاۋامنىڭ قوبۇل قىلىش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە تارىخ ئېغىر گەۋدىسىنى قاتتىق سىلكىيدۇ-دە، ھەممە نەرسىنى ئۇستىدىن غولتىپ تاشلايدۇ.

## 4

«قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئىنسانىيەت يارانقان سىياسىي مەدەنىيەت سەمەرىسى سۈپىتىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلگەن. قەدىمقى گرېتسىيىدە، ئارىستوتېل: «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن ئەلا» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جۇڭگودا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە شاڭ ياڭ، فەن فېيلارمۇ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانبولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ھەقىقىي مەنىدىكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر تۈركۈم بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى فېئودالىزمنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى «تەنقىد قىلىش» بىلەن بىرگە بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش. لېكىن بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ سىنىپىي چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمىدى.

جۇڭخۇاخەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەقىقىي مەنىدىكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس قىلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كېيىنچە، «سول» چىللىقنىڭ كاشىلىسى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن قانۇن -تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تەكىتلەپ: «خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قانۇن-تۈزۈمنى كۈچەيتىش كېرەك، دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. بۇ خىل تۈزۈم ۋە قانۇن رەھبەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرمەسلىكى... لازىم» دەپ كۆرسەتتى. 1996-يىلى جياڭ زېمىن «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1999-يىلى مارتتا 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-يىغىنى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش يولى بىلەن «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنى قانۇنلاشتۇردى ۋە مۇلاھىزىمىزنىڭ بېشىدا ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، يېقىندا ئاياغلاشقان ج ك پ 16-قۇرۇلتىيىدا «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش» چاقىرىقى گەۋدىلىك ئورۇندا سۆزلىنىپ ھەم پارتىيىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزامنامىسىغا ئالاھىدە كىرگۈزۈلدى.

«دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ماھىيەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن دۆلەتنى، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ھەرخىل قانۇنلارغا، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ نېگىزلىك قانۇنى بولۇپ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەممە يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە. ھەرقانداق شەخس ۋە تەشكىلاتنىڭ ئۆز مەيلىچە، باشقىلارنىڭ ئاساسىي قانۇندا قوغدالغان ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بەلگە. دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ - ئەمىنلىكىنىڭ كاپالىتى. ئىشىنىمىزكى، زامانىمىزدا «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» چوقۇم كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

2002-يىل 29-دېكابىر. شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر 4-تۈرمىنىڭ باشلىقى(M1)



## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ باتۇرلارنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا، قورقۇنچاقلارنىڭ تەقدىرى بولسا باشقىلارنىڭ قولىدىدۇر.

— ئابدۇرېشىت ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## زاماندىشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

▲ قانۇن-تۈزۈم، نىزام-سىياسەتلەر. . .

## تەپەككۇر گۆزى

ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئەلدە كىشلەر بىرتالاي قۇرۇق نەزەرىيىلەر بىلەن قوراللانغان بولۇپ، قايسىسىغا رىئايە قىلىشنى بىلىپ بولالماي، ئۆزىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى سېزەلمەي قالىدۇ.

▲ ئاگاھلاندۇرۇش كۆپەيگەنسېرى ئىشلار بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ.

▲ زورلاپ تېڭىلغان ھەقىقەتنىڭ سەپسەتىچىلىكمۇ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ رەسمىيەت كۆپەيگەنسېرى جەمئىيەت ساختىلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

▲ سىرنى بوينۇمغا كىشەن بوپقالمىسۇن دېسەڭ، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرگە ئېيتما.

▲ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرى ئەر-ئاياللارنىڭ يۈرىكىنى يوغىنىتىپ، «ئەركىن» جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە سەۋەب

بولغىنىغا ئوخشاش ، ھۆججەت ۋە گۇۋاھنامىلەر. . . قويمىچىلارنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

▲ ئاياللارنىڭ شوخلۇقى ئەرلەرگە ھالاكەت ئەكېلىدۇ، ئەرلەرنىڭ شوخلۇقى ئاياللارنى يولدىن چىقىرىدۇ.

▲ «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» . تەڭسىزلىك قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پىتنىخورلۇق ئادەمنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئارتۇقچە خۇشاللىق قايغۇ-ھەسرەت ئەكېلىدۇ. بىخۇدلۇق مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. زىيادە ئېھتىياتچانلىق ئادەمنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. چەكتىن ئاشقان قاراملىق ئويلىمىغان نەتىجە بېرىدۇ.

▲ ئىنسانلار ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇۋەرگەچكە، ھازىرغا كەلگىچە تەقدىر ئۇلارغا چىراي ئاچماي، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

▲ ئاقىللار بىر-بىرىگە ئورا كولاۋاتقان يەردە ، نادانلارنىڭ ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈشى ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى

## قىسمەت ھېكمەتلىرى

▲ ئاجىزلارنىڭ تارىخى كۈچلۈكلەرنىڭ ئەپسانىسىچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. مانا بۇ، بۈگۈننىڭ بىمەنىلىكى ۋە ھالاكىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

▲ زاماننىڭ بىخۇدلۇق ۋە بۇزۇلۇشلىرىدىن چىقىۋاتقان ئېغىر تىنىقلىرىنى سەزگەنلەر دانىشمەنلەردۇر. دانىشمەنلەر نىجاتلىق يولىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغۇچىلاردۇر.

▲ مەنسەپ - بىرخىل قالقان، ئالدىراپ تېشىلمەيدۇ. لېكىن ھەقىقىي زەربىگە ئۇچرىغاندا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

▲ مىللەتنىڭ خارابلىقى ئاياللارنىڭ چۈشكۈنلۈكىدىن باشلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە ئەرلەرنىڭ كۈچسىز، ئىرادىسىزلىكى ۋە مېھرىبان بولالماسلىقى سەۋەب بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ چۈشكۈنلىكىگە ئېتىقادسىزلىق، مۇشەققەت، نامراتلىق، كەيپكە بېرىلىش سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىن بار بولغان گېن مەلۇم تارىخىي دەۋرلەردە يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ، مەلۇم دەۋرلەردە ئوچۇق ئىپادىلەنمەيدۇ، مەلۇم دەۋرلەردە يامان سۈپەتلىك تۈستە كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۆزگىرىپ يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

▲ قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ھاكىمىيەتنىڭ ئادالەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ تەسلىكى ھاكىمىيەتنىڭ تۈگىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنماي، ئاياغئاستى قىلىنىشى ئورۇن ئالمىشىدىغان ھاكىمىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ قەھرىماننى خەلق ئەزىزلەپ ئۇنتۇمايدۇ، دۈشمەنلىرى ئەبەدىي قورقۇپ ۋە ئاغرىنىپ ئۇنتۇمايدۇ.

▲ ھاياجان بىلەن ياشايدىغان ئادەم، ھاياتىدا كۆپ پۇشايمان يەيدىغان، كۆپ خار بولۇدىغان ئادەمدۇر.

▲ سۈكۈت غايەت زور تەھدىت ۋە خىرىستۇر.

▲ ھەقىقەت كۆپ ھالدا تەس تولغاقتا تۇغۇلغان بوۋاقتەك مۇرەككەپلىك ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

▲ ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياللانغان ئادەملەر ۋەھىمە بىلەن ياشاپ، ئىزسىز كېتىدۇ.

▲ ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچى ئەمەس، پاك ۋە ھالاللىقى قوغداپ قالىدۇ.

▲ تەمكىنلىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمى، يېرىمى تەۋەككۇلچىلىكتۇر.

▲ ئاشكارا تىغ كۆتۈرگەن دۈشمەندىن ئاسىيلىق تۇغىنى كۆتۈرگەن يار يامان.

▲ ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ جاۋابكارلىقى ھەممىدىن ئېغىر بولىدۇ.

▲ ئىخلاسمەنلىرى جان پىدا قىلمايدىغان ئىدىيە، ئىدىيە ئەمەس، نەق سەپسەتىدۇر.

▲ ھاقارەتنى سەزمىگەن ئادەم بىچارە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ئادەمدۇر.

▲ دۈشمەننىڭ قورقىدىغىنى كۆپ دۈشمەنلىرىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازسانلىق پىداكارلاردۇر.

▲ باللاردا كۆرۈلگەن سەۋەن - خاتالىقلارنىڭ مەنبەسى ئاتا-ئانىلارنىڭ پەردازلانغان جىنايىتىنىڭ ئۇششاق ھالدا ئىپادىلىنىشىدۇر.

▲ ئىنسان ئۆزىدەك ئىنساندىن ئۈمىد كۈتۈپ ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن ھاياتتا پارلاقلىق ۋە يېڭىلىق ئانچە كۆپ بولمايدۇ.

▲ ئاقنى قارا دېگەنگە قارا بوپكەتمىسىمۇ قارامتۇل كۆرۈنىدىغان بوپقالىدۇ.

▲ رەزىل ئادەم - خىجىل بولۇۋاتقان ئادەمنى ئۇستىلەپ تەنقىد قىلىدىغان ئادەمدۇر.

▲ قەرز ئېلىۋاتقاندا نومۇس، قەرزنى قايتۇرۇۋاتقاندا مۇھەببەت زىيانغا ئۇچرايدۇ.

▲ بايلىقنىڭ ئىككى خىل ئالامىتى بولىدۇ: بىرى، ئىقتىسادچىللىق، يەنە بىرى ئىسراپخورلۇق.

▲ مەغلۇبىيەتتە ھېچقانداق خاسىيەت بولمايدۇ، باشقا گەپلەر تەسەللىيدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

▲ سەنئەت ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا بىرخىل ئازابنىڭ، ئازابلىق جەرياننىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ بىلەن قارىغۇلارچە ھەپىلىشىش، سەنئەتتىن ئۇمۇمىي قىممەت ئىزدەش يەنىلا بىرخىل زور ئازاب بىلەن خۇلاسە قىلىنماي قالمايدۇ.

▲ سەنئەتتىن تەسەللىي تېپىش ئىستىخىيىلىك تاللاش بولسىمۇ يەنىلا بىچارىلىك، تارىختىن تەسەللىي ئىزدەش خىيالپەرەسلىك، پەلسەپىدىن تەسەللىي

www.uyghurkitap.com

تېپىش ئاقىلانىلىق بولىدۇ.

▲ تارىخىي ساۋاقلارنى قوبۇل قىلمىغان مىللەت مەڭگۈخار مىللەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت ، مەڭگۈلۈك ھىجران ئۆلۈمدىن كېيىن رەسمىي سىنىلىدۇ.

▲ رېئاللىق كۆپ تەكىتلەۋاتقان نەرسىلەر مۇھىم نەرسىلەر ئەمەس، پەقەت بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر بولىشى مۇمكىن. نۇرغۇن نەرسىلەر ۋاقىت ئۆزۈرىشى بىلەن قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

▲ شانلىق تارىخى بار مىللەت، شانلىق تارىخ يارىتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن مىللەت ھېچقاچان تارىخ بىلەن ھەپىلەشمەيدۇ. تارىخىي گۇمانلىق ۋە كۈلپەت-شەرمەندىچىلىككە تولغان مىللەتلا تارىخ بىلەن توختىماي ھەپىلىشىدۇ. چۈنكى تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ ھەم كەلگۈسىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ باغلىنىشقا ئىگە.

▲ ئادەملەرنىڭ چوڭى بولۇش ھەممىگە كېلىدىغان نۇسرەت ئەمەس، بىراق ئوڭى بولۇش ھەممىگە كېلىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر.

▲ دېيىلگەن گەپنىڭ ئىگىسى كۆپ، دېيىلمىگەن گەپنىڭ ئىگىسى ئامانلىق.

▲ ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ تارىخىدۇر.

▲ ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى دىلىغا پۈككەن ئادەملەرنىڭ ئىككى توپ دۈشمىنى بولىدۇ: بىر توپ دۈشمىنى هاراق-شاراب، ئىشرەت ۋە پىتنىخور يېقىن ئادەملىرىدۇر. ئاخىرقى توپى - ئۇنىڭ تۈگىمەس گۇمان ۋە بىھۇدە ئەنسىرەشلىرىدۇر.

▲ چېكىدىن ئاشقان غەزەپ، ئۆز قەرەلىدە كەلمىگەن غەزەپ، قەرەلىدىن بالدۇر كەلگەن غەزەپ ھامان ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ غالىبىيىتىگە تەتۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

▲ كۈچ-قۇرالغا مەنسۇپ بولغان قەيسەر ئادەملەرنىڭ ھايات تىزگىنى ئىككى خىل ئادەملەردە: بىرى ئالىملاردا، يەنە بىرى ساتقىنلاردا بولىدۇ.

▲ ئىرادە، رەھىمسىزلىك، قەيسەرلىك، يىراقنى كۆرۈش ۋە پۇرسەتنى بىلىش - ئايرىم ئالاھىدە ئادەملەردىكى ئىقتىدار. شۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن تارىخ بولغىدەك ئۇلۇغ ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

▲ ئومۇمىي خاس مۇھىت، ئىقلىم شۇمۇھىتتىكى مىللەت ۋە جانلىقلاردا بىرخىل ئورتاقلىقنى - ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ:

بورانلىق، قۇرغاق، ئومۇمەن پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا رەھىمسىز قەيسەر، باتۇر ئادەملەر ۋە شۇنىڭغا ماس جانلىقلار بولىدۇ.

ئىسسىق مۇھىتتا چىدىماس، ھىيلە-مىكىرلىك، بوشاڭ-ئېزىلەڭگۈ قەۋملەر بولىدۇ ۋە شۇلارنىڭ خاراكتېرىگە ماس ھالدىكى - خۇيدىكى جانلىقلار ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە سىمۋولغا ئايلىنىدۇ.

▲ رەنجىتىپ قويغاندىن كېيىن رەنجىمەسلىكنى ئۆتۈنمەسلىك زوراۋانلىق، رەنجىمەسلىكنى ئۆتۈنۈش قىسمەن ئادالەتنى ياقلاش، ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈش نورمال پەزىلەت.

▲ قەھرىماننى تۇغۇدىغىنى ھامان قەيسەرلىكى يوقالمىغان مىللەت. ئۇنى قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇدىغىنى - قەھرىمانلىقتا باشلايدىغىنى كۆز ياش، قان ۋە ئېغىر ئالقىشلار، ئېنىقكى، تارىخنىڭ مۇقەررەر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىقلىرىدۇر.

▲ ساۋاق - كېسەللىك. ساۋاقنى قوبۇل قىلىش ساقايغان بىلەن باراۋەر. تارىخىي ساۋاقلار تېخىمۇ شۇنداق.

▲ نامەرد ئادەملەر ھامان ئۆزىگە يۆلەنچۈك ھەمدە ئەگەشكۈچى ئىزدەيدۇ ۋە مەقسىتى ئىنچىل شۆھرەت قازىنىپ ئۆرلەش. ئەگەر ئىش تەتۈرسىگە ماڭسا بالايىئاپەتنى يۆلىگەن ۋە ئەگەشكەنلەرگە دۆڭگەيدۇ.

▲ پەرزەنتنىڭ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىشىدە ئاتا-ئانىنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئىبارەت سەۋەبنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

▲ خاتالىشىدىغان ئادەم باشقىلارنى ياراتمايدىغان ئادەم، ئەڭ كۆپ خاتالىشىدىغان ئادەم بەك كۆپ مەسلىھەت قىلىدىغان ئادەم، ئازراق خاتالىشىدىغان ئادەم مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان ئادەم، پەقەت خاتالاشمايدىغان ئادەم تۇغۇلمىغان ئادەمدۇر.

▲ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر جاھاندا ئۇنۇغۇزار ۋەقەلەرنى تېرىغانلار ئەمەس، ئىدىيىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ئەمەس، بەلكى ئىدىيە ياراتقۇچىلاردۇر.

▲ ئۇرۇش - سىياسەت ئارقىلىق شۆھرەت قازانغانلارغا قارىغاندا مەرىپەتچىلىك رىيازىتىنى چەككەنلەرنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئۆمرى تولىمۇ ئۇزۇن بولىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

▲ ئالىملارنى قىسقان جەمئىيەت قاراڭغۇ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن جەمئىيەتتۇر.

▲ سەنئەت بۇزۇلغان مۇھىتتا لايغەزەل، چىدىماس ئەۋلاد يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاساسەن ئىش كەلمەيدۇ.

▲ ئۆزىنى تۈۋەن كۆرۈش بىرى نامراتلىقتىن، بىرى بىلىمسىزلىك سەۋەبىدىندۇر.

▲ ئالىملارنىڭ ئېرىشكىنى ھەقىقەت، قوغدايدىغىنى ئېتىقاد، ئاۋامنىڭ قوغدايدىغىنى گۇماندا، ئىشىنىدىغىنى بولسا تەييار، مانا بۇ نۇسرەت بىلەن كۈلپەتنىڭ نەق سېلىشتۇرمىسى.

▲ خاتالىق تەكرارلانسا ھالاكەت تېزلىشىدۇ.

▲ ھوقۇق بىلەن بويسۇندۇرۇش مۇمكىن، لېكىن بىرلىشىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ رەھبەرنىڭ ئاۋامدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرىپى، كۆپ ھاللاردا چىداپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدا.

▲ غەرەزسىز ئەل خىزمىتى ئىنسان ئورنىنى ئەڭ يۈكسەك قىلىدۇ.

▲ سۇيىقەستچىنىڭ ئىش - ئەمەلى سۇيىقەست بىلەن بولغانىدەك، ئەجىلىمۇ سۇيىقەست بىلەن بولىدۇ.

▲ مۇناپىقلارغا ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىش - دۈشمەننى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئەڭ پەسكەش - رەزىللىرى

سۈيىقەستچىلەر ۋە غەيۋەتخورلاردۇر.

▲قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار خىيالغا ئامراق كېلىدۇ. دۇنيا تەۋەككۇلچىلىكتىن جەزبىدارلىقتا تولىدۇكى، خىيالپەرەسلىكتىن بۇرۇقتۇرما بولىدۇ.

▲چۈشىنىشمىگەن ئادەمگە سىر بېرىش ئۆلۈمنامىگە ئوقۇماي قول قويغان بىلەن ئوخشاش.

▲ھاماقەتتىن ئاغرىنىش چوڭ ھاماقەتلىكتۇر.

▲مىللەتنىڭ ھالاكىتى ئۆزىنى بىلمەسلىكتىن باشلىنىدۇ.

▲بالىلار ئەركىگە، ياشلار قۇدرىتىگە، ياشانغانلار بولسا ئەقلىي كامالىتىگە تايىنىدۇ.

▲ساۋاقنى قوبۇل قىلىش - بىر قېتىملىق خەتەرلىك كېسەلدىن ساقىيىش دېمەكتۇر.

▲كۆز يېشى تەبىئىيكى ۋۇجۇدتىكى قان.

▲نامەردلەر ئۆزىنى باققان كىشىلەرنى دەسسەپ شۆھرەت شوتىلىرىغا يامىشىدۇ.

▲ھەقىقەت كۆپ ھاللاردا بىردىنبىر توغرا نەرسە ئەمەس، مۇۋاپىق كەلگەن نەرسە ھالىتىدە ئايان بولىدۇ.

▲ھايات تەمكىن ياشىغۇچىلارنى كۆپرەك سىنايدۇ ۋە جازالايدۇ.

▲بۈگۈننى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەم كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئېچىۋاتقان ئادەم شۇنداقلا بەختلىك ھەم قابىل ئادەمدۇر.

▲ھېسسىيات ئەقىلدىن غالىب كەلگەندە ئادەم ساراڭغا ئايلىنىدۇ. ئەقىل كۈچلىنىپ چەكتىن ئاشقاندا ھەقىقىي ساراڭ - تالانتلىقلار بارلىققا كېلىدۇ.

▲ئادەمنىڭ ئۆزىنى دانا ھېسابلىغان ۋاقتى ئۇنىڭ ئەخمەقلىق ۋە نادانلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا تىزىملاتقان ۋاقتىدۇر.

▲ئاشقىلىق ئۈچمەنلىككە ئايلانسا پەرىشتىلىك شەيتانلىققا ئايلىنىدۇ.

▲تەمكىنلىك - شاھلىق مەنسىپى بىلەن باراۋەر.

▲دوستلۇقنىڭ ئېسىلى - ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

▲ئاياللارنىڭ دوستلۇقى شارابقا ئوخشايدۇ، شاراپ - خۇشاللىق، ئازادىلىك، مۇھەببەتنى ئەكېلىدۇ. ۋەھالەنكى ، ئازاب، خانىۋەيرانچىلىق ۋە نەپرەتنى ئەكېلىدۇ.

▲ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم باشقىلارنى چۈشىنىشكە قىزىقىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئادەملەرنىڭ ئۆمرى زايە كېتىدۇ.

▲دۇنيادا ئىككى خىل ھېس دەرىجىدىن تاشقىرى بولىدۇ. بىرى ئۇلۇغ خىيال، يەنە بىرى رەزىل ئويلار.

- كۆرەشچان ھۆسەيىن

ئاپتور: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى

* * *

▲نادان تەقىدنى، دانا ماختاشنى خالىمايدۇ.

- مەتسەيدى مەتقۇربان

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە سىيەك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

- «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى»نى ئوقۇشتىن دەسلەپكى تەسرات

▲بىلمەسلىك ئىنسان ئۈچۈن جىنايەت، بىلەلمەسلىك ئەقىل ئۈچۈن خىيانەت.

▲مەڭگۈ - مۇمكىنسىزلىككە قويۇلغان چېكىت.

▲تەبىئىيلىك ھەقىقەتنىڭ قىپيالىڭاچ ھالىتى.

▲مۇھەببەت ھېسسىيات ۋە ئەقىل ئۈچۈن تەڭشەك.

▲قانۇنىيەت - مۇكەممەل قانۇن.

▲ئىنسان ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى بايقىمىغۇچە باشقا گۈزەللىكنى ئەسلا سېزەلمەيدۇ.

▲ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ۋەيران بولۇشتۇر.

▲بىرلا نۇقتىنى مەركەز قىلىۋېلىش ئادەمنى ئەڭ ئەسەبىي كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

▲ئىنسانىي سۆيۈش مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمى ھەمدە تەڭرىنى سۆيۈشنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئالىرىمىز بىرىنچى ئاسماندىن سادالىسىز قايتماقتا.

▲بىر ئىنسان بىر دۇنيا. ئىنسانىي سۆيگەنلىك دۇنيانى سۆيگەنلىك، دۇنيانى سۆيگەنلىك تەڭرىنى سۆيگەنلىك، تەڭرىنى سۆيگەنلىك ئۆزىنى سۆيگەنلىك.

▲ئادەم خۇدانىڭ ئاشىقى، خۇدامۇ ئىنسانغا ئاشىق. ئىنسان خۇدانىڭ تامچە يېشىدىن يارىتىلغان ۋە يارىتىلىۋاتىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى ئاددىي كۆزىمىز بىلەن كۆزەتسەك، ئۇ، كېلىشكىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇرغان تەقدىر، تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىساق، ئۇ، رەھىمسىز ئېلىشىشنىڭ شەكلەن كۆرۈنۈشى.

▲ھەقىقەت جىمجىت، خۇددى تەڭرىدەك، سەپسەتە شۇنچىلىك ئايناق، خۇددى شالاق خوتۇندەك.

▲ھەقىقانىيەتچىلەرنىڭ ھەربىر تىنىقى خۇددى ۋولقاندەك. چۈنكى ئۇ ئىنسان ئىچىگە سىغدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان ئازاب ۋە نەپرەت يالقۇنى.

▲ياخشى بالىلار بىزنىڭ بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ كېتىدىغان قىممەتلىك بەلگىلىرىمىزنىڭ بىرى.

▲بالىلارنىڭ ۋايىغا يەتكەن «كۆچەت»كە ئايلىنىشىدا ئائىلە يىلتىزنىڭ، مەكتەپ غولىنىڭ، جەمئىيەت يوپۇرماقىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

▲پەقەت ھۆر ئادەملا روھىيەت ئىنژېنېرى بولالايدۇ.

▲دەبدەبە - ساختىلىقنىڭ چوڭايتىلغان كۆرۈنۈشى.

▲نېمىشقا شائىرنىڭ تىنىقى ئاچچىق؟ چۈنكى ئۇ بارلىق مەنىۋى ئەخلەتلەرنى سۈمۈرۈۋالغان.

▲پۇشايمان - كېچىككەن دەرس.

- ئابدۇرېھىم قادىر

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىز ھەدېسىلا: «دېھقان بېيىماي ئەل بېيىماس» دەيدىكەنمىز، ئۇنداق بولسا دېھقانلىرىمىزنىڭ ئالۋاڭ-سېلىقلىرىنى بىكار قىلىپ، شۇلارنى باي قىلىش ئارقىلىق ئەلنى بېيىتمۇتسەك بولمامدۇ؟

▲ ئىلغار مىللەت ئىختىساسلىق ئىز باسارلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرسە، شورپىشانە مىللەت بىكار نان يەيدىغانلار (نانقېپىلار) نى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

▲ بىز تېخى كوممۇنىزمغا يەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئەمەلىيەتتە بىز تېخى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدۇق. ئىشەنمىسىڭىز قاراڭچۇ، دېھقانلىرىمىزنىڭ قولىدىكى ئوتىغۇچ، كەتمەنگە... بۇلار دەل ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقنىڭ ماددىي پاكىتى ئەمەسمۇ؟!

▲ دېھقان-ئېغىزدا مەدھىيىلىنىپ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغان، رېئاللىقتا بولسا كەمسىتىلىپ ئېزىلىۋاتقان، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۈن-تىنسىز مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈدىغان قوي سۈپەت بىچارە ئىنسان.

▲ بىز قاپقان قۇرۇپ جەرەن، توشقانلارنى چۈشۈرۈپ كەلدۇق-يۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ھىيلە قاپقانلىرىغا چۈشۈپ كەلدۇق.

**— ئىبراھىمجان خۇدابەردى**

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت 18 ياشتا ئۈزۈلىدۇ، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىرگەپ بولىدۇ.

▲ مىلتىقنىڭ بېسىمى تاشقى بېسىم، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ جىسمى ئۆلىدۇ؛ مەدەنىيەتنىڭ بېسىمى ئىچكى بېسىم، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ روھى ئۆلىدۇ. روھنى ئۆلتۈرۈش ئالدى بىلەن روھنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىنىدۇ.

**— ھۇسەنجان نامان**

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھازىرقى ئەركەكلىرىمىزنىڭ يالىڭاچ قىزلارنى ياخشى كۆرۈشى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ھەم گۈزەللىك ئوقۇمىنىڭ يوقلۇقىنى، قەلبىدە پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاش جىنسىي ئىنتىلىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲ «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» نىڭ ئالدىنقى شەرتى قانۇننىڭ ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرۇشىدۇر.

▲ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلام كىشىلەر بىردىن دۆلىتى بار كىشىلەردۇر.

▲ بەش-ئالتە ئائىلىنىڭ بىرەر ئىشتا ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، ئاندىن «ئىتتىپاقلىق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەلەيسەن.

▲ بۇرۇن تاجاۋۇزچىلىق قورال-ياراغلار بىلەن بولغان بولسا، ھازىر گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

▲ ئەرلەر بىر قېتىم ئۆلىدۇ. ئاياللار 99 قېتىم ئۆلۈپ - تىرىلىپ 100-قېتىم ئاندىن راست ئۆلىدۇ.

▲ يېرىم يالىڭاچ قىزلارغا ئەگەشكەن يىگىتلەر ئاقىۋەتتە ئۆزى «تۇغما» ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ پەلەستىنلىكلەر ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋىدى، «تېررورچى» دەپ ئەيىبلەندى. شۇبھىسىزكى ئىسرائىلىيە پەلەستىنگە تاجاۋۇز قىلىپ بىگۇناھ خەلقلەرنى، «غۇنچىلار» نى قىرغىن قىلىپ، زېمىنلارنى ئىشغال قىلدى، ئىسرائىلىيە «ئالىيجاناب» دۆلەت دەپ ئاتالدى. مانا بۇ جاھاندىكى ئادىل بولمىغان «ئادىللىق» تۇر.

▲ بىز قىلغان ئىشىمىزدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغاندا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۈزۈلدۈرمەي شوئار توۋلايمىز.

▲ بىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرگە بولغان چۈشىنىشىمىز خاتا. چۈنكى بىز شۇ نەرسە ئەسلى قانداق بولسا شۇنداق چۈشەنمەستىن، باشقىلار قانداق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسا شۇنداق چۈشەنگەنلىكىمىزدۇر.

▲ باشقىلارنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا چېتىلىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشقان ئادەم ئۆزىگە پالاكەت يولىنى ئاچقان ئادەمدۇر.

▲ ئىللەت ئومۇملاشسا ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ سېنى ئاغزىدا تونۇغان كىشى كۆزىدە تونۇمايدۇ.

▲ روھىيەت ئېكولوگىيىسىدىكى ئېغىر بۇلغىنىشنى ئوڭشىماي تۇرۇپ مۇھىت بۇلغىنىشنى ئوڭشاش مۇمكىن ئەمەس.

▲ قەبرە ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى قاتناش بېكىتى.

**— ئابلىكىم روزى**

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالاڭنى ئەتىۋارلاپ پادىشاھ قىلىۋالدىڭمۇ، بولدى، ئۇ چاغدا سەن قۇل بولمىساڭ بولمايدۇ.

**— مۇھەممەتجان توختى**

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ساي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پراكتىكانت ئوقۇتقۇچىسى

▲ توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنالماسلىق - بۇ دەل تەلەيي ساڭا يۈزىنى تەتۈر قىلغان چاغدۇر.

**— كەرىمە ئەھمەتجان**

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ستۇدېنتكاسى

▲ ھەرقانچە تاتلىق نەرسىمۇ ئېغىزدا تۇرۇۋەرسە تەمىنى يوقىتىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى - ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ يوقلىقى.

**— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى**

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ توغرا يول پەقەت بىردۇر، خاتا يوللار كۆپتۇر. شۇڭلاشقا، ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خاتالىشىپ كەلدى.

ـ يۈسۈپجان سەمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

▲ تالاي مۇستەبىتلىكنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان.

ـ ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## شەيتان لۇغەت سۆزلۈكلىرى

### سىياسەت

يۇقىرىدىن سۇزۇك ـ تازا ئاققىنى،
بىز كۆرگىچە لېيىپ، مۇزلاپ ـ قاتقىنى.

### مېھنەت

قان-تەر تۆكۈپ يەر ئىگىسى ئىشلىگەن،
تەييارتاپلار ئوڭدا يېتىپ چىشلىگەن.

### بازار ئىگىلىكى

ئىنساب قالماي، شورىغىزنىڭ قاتقىنى،
بالىغىزنىڭ سىزگە نەرسە ساتقىنى.

### شوئار

ئارقىسىغا ئۆندەش بەلگە قويۇلغان،
كۆندە ئونۋاق چاپلانغان ۋە سويۇلغان.

### پىكىر ساندۇقى

ئەمەلدارلار پۇقراسى ئۈچۈن ساقلاشقان.
ئاچقۇچ يىتتۈپ قۇلپىسى ھەم داتلاشقان.

### شائىر

جىقلاپ كەتكەن خۇشامەتچى قەلەمگەر،
ھەقىقىيسى ـ خەلقى سۆيگەن پەيغەمبەر.

### دېھقان

قانۇنلاردا «ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسى»،
ئېتىزلاردا چاكىرى ھەم دېدىكى.

ـ ئابدۇراخمان ئەزىز

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەرناھىيىسى ئەرمدۆن يېزىسىدىن، دېھقان

## ھەققەت تۇمانى ۋە سەپسەتە غەلىيانى

▲ «تون قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچە روشەنلىشىدۇ». بۇ سۆزدىن گۇمان قىلمەن. ئەگەر تون قاراڭغۇ بولۇپلاقالماي، تۇمانلىق بولسىچۇ؟

▲ «بېسىمقانچە كۈچلۈكبولسا، قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈكبولىدۇ». مېنىڭچە: «ناتايىن». چۈنكى بېسىمغا ئۇچرىغۇچى كۈچلۈك بولسا بەلكىم ئۇنىڭ قارشىلىقى كۈچلۈك بولار. ئەمما ئىنتايىن ئاجىز، قارشىلىق كۈچى يوقالغان ھەتتا بېسىمنى سەزمەس دەرىجىدە بولسىچۇ؟

▲ سەپسەتە ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى كۆرسىتەلەيدۇ: بىرى، ھەقىقەتنى سۆزلەش مۇمكىنچىلىكى پەقەت بولماي، ئاقىللار زورۋانلار ئالدىدا سۈكۈت قىلىشقىلا مەجبۇر بولغاندا؛ يەنە بىرى، خۇشامەتچىلەر ئەۋج ئېلىپ، ئاۋام خۇشامەتنى، ساتقىننى ئەيىب ھېسابلىمايدىغان ھالغا يەتكەندە.

ـ ئابدۇخالىقجان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ مۇھەببەتنىڭ نامىنى سېتىپ جان بېقىش يوشۇرۇن پاھىشە قىلىش، تېنىنى سېتىپ جان بېقىش بولسا ئاشكارا پاھىشە قىلىشتۇر.

ـ ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن يېزا دابۇز 1-كەنتىدىن، دېھقان

▲ مەن سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن، لېكىن مەڭگۈ سېنىڭ بولمايمەن. مانا بۇ مۇھەببەت.

▲ جاھاندا مەڭگۈ يوقالمايدىغان نەرسە يوق، بىراق مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان نەرسە بار.

ـ قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ يازنىڭ سەھىرىدە تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ، باش ئۈستۈمدە گىڭىلداپ تورۇۋالغان روچىۋىنىگە ئۇنچە بەك ئۆچلۈك قىلىپمۇ كەتمە. چۈنكى ئۇ، سېنى بىزار قىلغىنى بىلەن، ئەتىگەنلىك بىھۇدە ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ قويىدۇ ئەمەسمۇ.

▲ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن خورازنى سوقۇشتۇرۇشقا شۇنچىۋالا ئامراق؟ چۈنكى ئۇنىڭ بىر-بىرىنى كۆرسە سوقۇشۇپ كېتىدىغان تەبىئىيتى بولغانلىقى ئۈچۈن.

▲ ئون ئەسىر ئىلگىرى مەھمۇد كاشغەرىي بوۋام يەر شارىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپتىكەن. لېكىن ھازىر مەن كۆز ئالدىمدىكى تەييار خەرىتىنىمۇ توزۇك كۆرەلمەي ھەلەكمەن.

**- غوجىئەھمەت نۇرمۇھەممەت**

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە سۇباشقۇرۇش باش يولكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئەل-جامائەتنىڭ، ئاندىن ئەگىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ بەزىدە تونۇگۈنكى مەردلىك بۈگۈنكى موھتاجلىققا سەۋەب بوپقالىدۇ.

▲ ئۆز نەپرىتىنى كۆرەش ئارقىلىق ئىپادىلىگۈچىلەر قەھرىمان، كۈلكە ئارقىلىق ئىپادىلىگۈچىلەر ھەقىقىي دانىشمەنلەردۇر.

▲ ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن باشقىلارنى ساتقان خائىنغا قارىغاندا، ئۆز تېنىنى ساتقان پاھىشە ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئالدىنقىسى ئۆز قەۋمىنى ساتقان بىلەن كېيىنكىسى پەقەت ئۆزىنىلا ساتىدۇ.

▲ دەرەخ شامال تەسىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىچىدىن چىرىپ ھالاك بولىدۇ.

▲ ئادەم بىر بولسا نەسلىكتىن، بىر بولسا مەستلىكتىن ھالاك بولىدۇ.

▲ قەھرىماننىڭ كۆپىنچىسى دۈشمەن قىلىچىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز دوستلىرىنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ.

**- شىرمۇھەممەت تۇردى (تارىم)**

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن خۇيىزۇ يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزئۆمرىدە كۆرسەتكەن بىرەر قىبتىملىق باتۇرلۇقىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغان ئادەم ئارمانسىز ياشىغان بولىدۇ.

▲ ئادەملەر ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى، قەلەمدە يوق، ئەلەمدە بار، بۇ - پۇقرالار؛ يەنە بىرى، قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر، بۇ- ھەقىقىي زىيالىيلار؛ ئۈچىنچى بىرى، قەلەم ئارقىلىق ئەلەمدارلارنى يېتەكلەيدۇ، بۇ - سىياسىيئونلاردۇر.

▲ باشقىلارغا چەكسىز ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

▲ ياشانغان تۇرۇپمۇ ئۆزھاياتىدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرالمىغان ئادەم مەڭگۈ گۆدەك ئادەمدۇر.

▲ سۆزلىمەسلىك ئالتۇندۇر، سۆزلەش تۆمۈر، ئەمما، ئالتۇنغا قارىغاندا تۆمۈرنىڭ رولى كۆپتۇر.

▲ چۈشەنگىلى بولمايدىغان كىشىلەرلا ئەڭ خەتەرلىكتۇر.

▲ خاسلىقىنى قانچە كۆپ ساقلىغان ئادەم شۇنچە دانادۇر.

▲ ھەسەتخورلۇق - ئاچكۆزلۈكتىن، گىنە-ئادا-ۋەت ئاجىز-بىچارىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ياخشىلاردىن يامانلىق كۆرسەڭ تۇۋا، دەپ ئىنساب تىلە؛ يامانلاردىن ياخشىلىق كۆرسەڭ شۈكۈر، دەپ ئۆمۈر تىلە.

▲ تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، «تۇر-مۇش» دېگەن سۆزنى «تۇر، مۇشت!» دەپ بىلىش كېرەك.

▲ زىيالىي مېڭىسىدىن، دېھقان تېرىسىدىن

قىرىيدۇ.

▲ كامالەتكە يېتەي دېسەڭ سەۋرچان بول.

▲ ئەڭ ياخشى نىقاب تىلدۇر.

**- مەتتۇرسۇن مۇھەممەت**

ئاپتور: لوپ ناھىيە ئاۋۋا يېزا مەدەنىيەت پونكىتى خادىمى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھەددىدىن ئارتۇق ياۋاشلىق، ئاقكۆڭۈللۈك بەزىدە ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ئازابنىڭ ئوت پىلىكى بوپقالىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆزىنى ئالداپ ياشاش جەريانىدا ئاخىرى ئۆزىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە بۇخىل قاتىللىق سوتقا تارتىلمىغىنى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى يوشايمان سوتىنىڭ مەڭگۈلۈك مەھبۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ھېچنېمە بىلمەس نادانلار ئالدىدا يالغان ئىشلارمۇ ھەقىقىي سانىلىدۇ.

▲ تارىخنى بىلگۈچىلەر ئازايغانسېرى تارىخنى سۆزلەيدىغانلار كۆپىيىدۇ.

▲ ھوقۇقنىڭ نوپۇزى ئاشقان جەمئىيەتتە ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى بويسۇنغۇچىلارغا يۈكلەنگەن بولىدۇ.

▲ ئۆزتارىخنى بىلمىگۈچىلەر ۋە بىلىشكە قىزىقمىغۇچىلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى باشقىلارنىڭ تارىخ ئۈستىدە چىقارغان ئەخمىقانە يەكۈنىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ تارىخنى يازماقچى بولساڭ چوقۇم ئۆزۈڭنى غالىبلىق ئورنىغا قوي. ئاجىزلارنىڭ تارىخى ھەقىقىي ۋە نۇرلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھازىرقى دۇنيا غالىبلارغا چوقۇنۇش دۇنياسىدۇر.

**- ئابلىز مۇھەممەت**

ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانىسى خادىمى

▲ قۇياشنى پەقەت سەبىي رەسساملارلا سىزىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ.

▲ ئائىلىلەردە كۆپ ھاللاردا كىتاب ئەڭ ئېسىل، كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان يەرلەردە ياكى ھاجەتخانىلاردا ساقلىنىدۇ.

▲ ئېقىن ئىچىدە توسالغۇ (مەسىلەن تاش) بولمىسا، سۇ تېخىمۇ جۇشقۇن، دولقۇنلۇق بولالمايدۇ.

▲ ئېتىقاد ئادەمنى پەرىشتىلىككە، ئۈمىدسىزلىك شەيتانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

**- دىلمۇھەممەت جەفەر**

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا يېڭىتام كەنتىدىن، دېھقان

## تەپەككۇر چاقماقلىرى

▲ بەزىلەر ئېگىز يەرگە چىقسا يىراقنى كۆرگىلى

بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما كۆرگەن مەنزىلگە يەتمەك ئۈچۈن يەنىلا ئېگىز دۆڭدىن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ ئادىل ھوشۇر ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ پولات ئارغامچىسىنى شەرقتىن غەربكە تۇتاشتۇردى.

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ياراتقان مىللەتنىڭ ئوبرازىنى جاكارلىدى.

ئەختەمجان ئەنۋەر فوتو سۈرەتلىرى بىلەن روھىيىتىنى ئىپادىلىسە، كومپيۇتېردىكى ماھارىتى بىلەن بىزگە غۇرۇر ئاتا قىلىپ، دۇنيا باللىرىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا تەكلىماكاننىڭ بىر چېتىدىن چۆكۈپ كىرىپ، يەنە بىر چېتىدىن ئانا ماكانغا كۆمۈلگەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھىنى، قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش جاسارىتىنى ئاچقىتى.

▲ دېھقان نېسىۋىسىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ، ھۆكۈمدارلارغا قەرزدار بولىدىغان كىشى.

▲ يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىنى قەپەستىمۇ ھېس قىلالايسەن.

▲ ئائىلىنىڭ تېمپېراتورىسى دۆلەتنىڭ ئاتموسفېراسىغا ماس كەلگەندىلا، ئاندىن دۆلەتتە گۈللىنىش بولىدۇ.

- ئەيساجان ئابدۇقەييۇم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ گۈل پۇراقلىق بولغىنى بىلەن ئەزىز ئەمەس، تىكەنلىك بولغىنى بىلەن ئەزىز.

▲ ھەرقانداق كۈچلۈك باتۇرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ رىقابەتچىسى بولمىسا بەرىبىر ئاجىزدۇر.

▲ ساختىلىقتىن ئازاب تۇغۇلغاندىلا ھەقىقەت ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى تاپالايدۇ.

▲ نادانلار بىلەن تەڭ تۇرۇش - ئاقىللار ئۈچۈن پالاكەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

- روزىھاجى نەزەر

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا يېزامەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئاچچىق - چۈچۈكلەر

▲ پىيادىلەر يولىنىڭ تارلىقىدىنمۇ «خەلق - جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى» دېگۈچىلەرنىڭ كاززاپلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

▲ ئاسفالىت يوللار دەسلەپتە سەھرا يوللىرىغا كىمدەيگەندى، ئەمما كېيىنكى قىسمىتىدىن ئازابقا چۆكتى. چۈنكى ئۇ يالاڭئاياق قەدەملەرنىڭ ھارارىتىدىن مەھرۇم؛ يامغۇر-يېشىنلارنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم؛ سوكۇناتقا چۆمگەن ئېتىز-داللارنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرىدىن مەھرۇم؛ كېچىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ «چىر-چىر» لىرىدىن، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىر-جىمىرلىرىدىن مەھرۇم؛ سەھەردىكى قۇرت-قوڭغۇز، تورغاي-پاختەكلەر، قوي-كالىلارنىڭ، غىچىر-غىچىر ھارۋىلار ۋە دۆپپۇر-دۆپۇر جامائەتنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىدىن مەھرۇم...

ئۇ - پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ لۆمشىتىپ كۆيدۇرۇشىگە، قار-مۇز تازىلىغاندا گۈرجەك - جوتۇلارنىڭ چوقۇلاشلىرىغا، گۈلدۈر-گۈلدۈر ماشىنىلارنىڭ تىترىتىشلىرىگە، تىكىشى يوق بۆيرۇقلارنىڭ بۇزۇپ - تۈزەشلىرىگە، جايىنى تاپالمىغان ئەخلەت-يۇندىلارنىڭ بۇلغاشلىرىغا مەھكۇم!

▲ سەن ھەممىدىن زېرىككەن ۋاقتىڭدا خۇدامۇ سېنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ.

▲ زەھەرخومارلار ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى نابۇت قىلىدۇ، ئەمەلخومارلار پۈتكۈل جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ.

▲ قىيامەت تەگرىنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆڭۈل خۇشى، غەزىپى ۋە خۇلاسىسى، شۇنداقلا بۇگۇنكىلەرنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشتىكى بىردىنبىر دەسمايىسى.

- ئالىم ھاشىم

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ خادىمى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى سىياسەتنىڭ قاتتىقلىقى شۇجەمئىيەتكە تەھدىت ئەكەلسە، قانۇننىڭ قاتتىقلىقى يۈكسىلىش ئەكېلىدۇ.

▲ چىرىكلەشكەن ئەلدىكى ئەمەلدارلاردا خىيانەت ئەۋج ئالسا، پۇقرالاردا خۇشامەت ئەۋج ئالىدۇ.

▲ تەشۋىقات ۋاستىلىرى قانچىكى دەبدەبىلىك سۆزلىسە، شۇجەمئىيەتتىكى يالغان سۆز ۋە ساختا ئىدىيە شۇ جەمئىيەت ھاكىمىيىتىنىڭ دەرپەردىسى بوپقالىدۇ.

▲ ھەممە ئادەم ئۆزھەقىقىتىنى ئىزدەپ يۈرگەچكىلا ھەقىقەتنى تاپالماي يۈرىمىز.

▲ دەۋر قەھرىمانىنى يېتىلدۈرىدۇ، قەھرىمان دەۋرنى يارىتىدۇ.

▲ ھاكىمىيەتنىڭ ھۆلى - ئىسسىق قان ۋە سىياسەتتۇر.

▲ خاتالىق ئەڭ كۆپ جايدىن كامالەت ئەڭ كۆپ تېپىلىدۇ.

▲ جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى قانۇن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. خەلق باھا بېرىدۇ... ئەمما بەزى ھاللاردا جىنايەت ۋە باھا، خەلق ھەم قانۇن تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بوپقالىدۇ.

▲ تىلىمىز، دىنىمىز، يولىمىز... بىر، دىلىمىز بىر ئەمەس، مانا بۇ بىزنىڭ تارىختىكى ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىمىزنىڭ سىپايە پاكىتى.

▲ بۇدۇنيادا چېقىلمايدىغىنى - پۇشايماننىڭ

www.uyghurkitap.com

قاچىسىدۇر.

**— مەھمۇتجان يانتاق**

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياماليار يېزا گەمەسالاڭ كەنتىدىن

* * *

▲مەن تۈنجى ماشىنىنى ئېلىپ غىربىسىنىپ تۇرغان ھېكمەت كوچىسىغا ئەمەس، ئادەملەر توپى شىددەت بىلەن سىلجىۋاتقان ئىشرەت كوچىسىغا قاراپ ماڭدىم. چۈنكى ئىشرەت كوچىسىدا ئاكا-ھەدىلىرىم ھەتتا ئۇستازلىرىمنى ئالدىراش كېتىپ باراتتى.

**— ئۇممىيە ياسىن**

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە ئۆتتۇر بۇلاق كەنتىدىن، دېھقان

▲قىينچىلىق ئالدىدا باش ئېگىش — قىينچىلىقنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا ھەسسىلەپ پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكتۇر.

▲زاماننىڭ چېگىرىسى — تەرەققىياتتا.

**— ئىمىن تاجى**

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزىسىدىن، دېھقان

▲يىقىلىش — ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن قىسقىغىنە دەم ئېلىش، ئىرادىسىز كىشىلەر ئۈچۈن ئۆلۈمدۇر.

**— يۇسۇپجان ئىسمائىل قاراتېكىن**

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئاقساراي يېزا ئۆتەڭ كەنتىدىن، دېھقان

▲ھەقىقەت چۈشەنمەكچى بولغانچە سىرلىق نەرسىگە، بىلمەكچى بولغانچە تىلسىمغا، كۆزنۈرى يەتكىچە قويۇق تۇمانغا، يېقىنلاشقانسېرى كۆزيەتكۈسىز مۇساپە قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىزىتقۇ دېڭىزغا ئايلىنىدىكەن.

**— ئىسكەندەر ئەھمىدى**

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى تەزە كەنتىدىن، دېھقان

▲مېھرىبانلىق بولىدىكەن ئالدىنىش تۈگىمەيدۇ، بەدنىيەتلىك بولىدىكەن، قويۇلۇش تۈگىمەيدۇ.

▲دەرەخنىڭ كىچىك شاخلىرىغا ئېسىلغان ئادەم دەرەختىن يىقىلغانغا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ كىچىك خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋالغان ئادەم، ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ئادەم دۈشمەن قەستىدىن ھوشيار بولمىغاندا، دۈشمەن غەلىبىسى بىلەن ھالاك بولىدۇ.

▲ھەممە يەر قاراڭغۇ بولغان بولسا كىشىلەر يورۇقلۇق دەۋاسى قىلمايتتى.

▲بوش زۇڭتۇڭ ئېيتىدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ پىداكارلىقىغا بىزنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا بىرلەشسە، مۇسۇلمانلاردىكى پىداكارلىق ئاندىن ۋايىغا يېتىدۇ. لېكىن شۇۋاقىتتا بىزگە كۈن يوق.

**— ئابدۇرەززاق مۇھەممەدى**

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر يەنئەن يولى شامالباغ كوچا 51-قورۇدا، خۇسۇسىي دوختۇر

## ئاچچىق قىتىرلەر

### يېيىش مۇھىممۇ، بىلىشمۇ؟

ناۋادا يۇقىرىقى سوئال سورالسا، كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى: ئەلۋەتتە بىلىش مۇھىم، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يەنىلا بىلىش سورۇنلىرىغا قارىغاندا يېيىش سورۇنلىرىغا ئىنتىزار.

ئەجىبا، تولىمۇ ئەقىللىق دەۋرىمىز كىشىلىرىدە تېخىچە تەگرىنىڭ ئىنساننىڭ قورسىقىنى بىر قاچا تاماق بىلەن تويۇدىغان، كاللىسىنى بولسا ئۆمۈر بويى ئۆگەنسىمۇ «تويمايدىغان» قىلىپ يارىتىشىدىكى ھېكمىتىنى چۈشەنگۈدەك ئەقىل يوقمىدۇ؟

### ئېتىز ۋە جەمئىيەت

مەن ئېتىزدا دېگۈدەك چوڭ بولغان دېھقان قىزى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىك ۋاقتىمدا ئېتىزدا ئوت-چۆپ ئۇتاۋېتىپ، ئوتاپ-ئوتاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، پاك-پاكىز قىلىۋېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن كەلسە، غايىبتىن پەيدا بولغاندەك زىرائەتلەر ئارىسىدا يەنە پەيدا بولۇۋالىدىغان ئوت-چۆپلەردىن تولىمۇ زېرىكىپ، ئاپامدىن: ئاپا، نېمىشقا بۇ ئوت-چۆپلەر شۇنچە ئوتاپ تۇرساقمۇ يەنە چىقىۋېرىدۇ؟ يەنە كېلىپ، شۇنچە تېز ھەم بولۇق ئۆسىدۇ؟ زىرائەتلىرىمىز بولسا شۇنچە پەرۋىش قىلىپ تۇرساقمۇ سارغىيىپ قۇرۇپ قالىدىغانغا ئارانلا تۇرىدۇ؟ دەپ سورىسام، رەھمەتلىك ئاپام ماڭا:

— قىزىم، ئوت-چۆپ دېگەن يەرنىڭ ئۆز بالىسى، شۇڭا ئۇ ھەم تېز، ھەم ياخشى، بولۇق ئۆسىدۇ. زىرائەت بولسا يەرنىڭ ئۆگەي بالىسى، شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق سارغىيىپ تەستە چوڭ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مانا ئەمدى چوڭ بولۇپ ئەقلىمنى تاپقىنىمدا، جەمئىيەتتىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر ئېتىزدا ياشاۋاتىمەن. قارىسام ھەممە جاھاننى پىتنە-پاسات، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىك ۋە خىيانەت ئوت-چۆپلىرى بېسىپ كەتكەن. ئاشۇ ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان ھەقىقەت بولسا، دېھقان ئېتىزىدىكى پەرۋىشسىز قالغان مايسىدەك سارغايغان.

مەن شۇندىلا ئېتىزنىڭ ئۆگەي بالىسى زىرائەت بولغىنىدەك، جەمئىيەتنىڭ ئۆگەي بالىسى ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

**— ھۆرنىسا توختى (ئارمانە)**

---

ئاپتور: ئائىلىدە

▲يىتتۈرۈپ ئېرىشكەن نەرسەڭ ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر.

**— مۇختار يۇسۇپ**

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىسى

(M1)

www.uyghurkitap.com



# شەيتاننىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى

مۇھەممەد مەتنىياز دانىش

4 ـ ئاپرېل (سەپەر ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى) مەستلىكتە زاۋال ۋاقتى بولغاندا ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا جىن راكشاس يېنىمغا كېلىپ:

ـ بۈگۈن شەيتان ئالىيلىرى 2 ـ قۇرۇلتىيىنى ئاچماقچى. سېنى شۇ كاتتا قۇرۇلتاينىڭ مۇخبىرلىقىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، ـ دېدى.

ـ نېمە ئۈچۈن مېنى تاللاپ قالدىڭلار؟! ـ دېدىم ھەيران بولۇپ.

## ئاڭلىمىغان دېمەڭلار

ـ مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. شۇڭا ئاللا مۇھەممەد دېگەن بۇ ئىسمىغا بەك ئامراق. ئاتاڭمۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتسۇن دەپ ساڭا بۇ مۇھەممەد دېگەن ئىسىمنى قويغان. ساڭا بۇ ئىسىم قويۇلغاندا بىز جىنلار خېلىلا چۆچىگەنىدۇق. لېكىن، كېيىن سەن بىز بۇيرىغان بەزى ئىشلارنى ئوبدانلا قىلدىڭ، شۇڭا شەيتان ئالىيلىرىمۇ سېنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. قېنى، نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ مەن بىلەن يۈر.

مەن جىن راكشاسنىڭ يول باشلىشى بىلەن كوھىغەم (غەم تېغى) دېگەن تاغدىن ئۆتۈپ زۇلمەت تېغىدىكى كوھىقاپ غارىغا كىردىم. راكشاس يالقۇن چاچرىتىدىغان كۆزى بىلەن غار ئىچىنى يورۇتتى: غار سان ـ ساناقسىز ئىسكىلىتلار، ئىسكىلىتلار ئۈستىدە

تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئۆمۈچۈكلەر ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.

— بۇلار كىملەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى؟ — دەپ سورىدۇم راكشاستىن.

— ماۋۇ سەن ئولتۇرغان چوققا ھاراقكەشلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى، ئاۋۇ تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغىنى زىناخورلارنىڭ ئىسكىلىتى. ئۇلارغا ئۆمۈچۈكلەر سىيىپ، ئۇلارنىڭ ھاراملىقىنى ئەبەدىي ساقلاپ تۇرىدۇ. ئەنە ئاۋۇ سەھنە ھاراق ئىشلەپچىقارغان، پاھىشىخانا ئاچقانلارنىڭ ئىسكىلىتىدىن ياسالغان، — دېدى راكشاس كۆزىنى سەھنىگە تىكىپ.

سەھنىدە ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىل، چىرايىنىڭ قالغان يەرلىرى كۆمۈردەك قارا شەيتان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىرايى سېسىغان ئۆپكىدەك كۆكۈش ھەم قىزغۇچ، ياڭاق شۆپىكىدەك بۇدۇر-بۇدۇر، ھەربىر تال چېچىغا ئونەچچە خىلدىن ھىيلە-مىكىر لېنتىلىرى چېگىلگەن دەججال، ئۇ ئالدىدا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان بىرىنىڭ ئاغزىغا بىر ئاز سىيىپ قويۇۋىدى، ھېلىقى ئادەم شەيتاننىڭ سول تەرىپىدىكى ئوتتەك قىزىل چاچلىرى يوغان كۆكسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا باردى. ئالۋاستى كۆكۈش كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئۇزۇن ھەم قىزىل تىرناقلىق قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قېنىنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

شەيتان زىنادىن تۆرەلگەن بوۋاق بالىنىڭ ئىسكىلىتى بىلەن ئالدىدىكى زىناخورلارنىڭ ئىسكىلىتىدىن ياسالغان ئۈستەلگە ئۇرۇپ:

— ھازىر مېنىڭ 2-قۇرۇلتىيىم رەسمىي ئېچىلدى! — دەپ جاكارلىدى.

راكشاس كۆزىنى غار سىرتىغا تىكتى. مەن غار سىرتىدىكى ئەرۋەڭ-سەرۋەڭ كىيىنگەن سان-ساناقسىز جىنلارنىڭ ئۈچ ئاچىماق نەيزە، قالقان ۋە بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، سەكرىشىپ، ۋارقىرىشىپ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قانچە؟ — دەپ سورىدۇم راكشاستىن.

— پەقەت ئەنە ئاۋۇ سەھنىدە ئولتۇرغان ئۈچ، — دېدى راكشاس.

— ئۈچ!؟

— ھەيران قالما. 1-قۇرۇلتايغا تېخى شەيتان ئالىيلىرى ئۆزى يالغۇزلا قاتناشقان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ بىلىپ بارلىق پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان ئادەمنى جەننەتتىن قوغلاندى قىلىشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ئۈچەيلەن قاتناشتى. ئەمدى بەلكىم ئادەمنى يەرشارىدىن يوقىتىۋېتىشتەك زور ئىشلار ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

— بىزنىڭ ئۇ يەردە يىغىن - قۇرۇلتاي ئېچىلسا يۈزلەپ، مىڭلاپ ئادەم قاتنىشىدۇ، تېخى ھەپتە دېگىنە.

— بۇرۇن «قاسىم پېرىخوننىڭ مىڭ جىنى بىر تۈپ بۇغدايىنى يۇلالماپتۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. ھازىر ئادەملەر مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى. يىغىنلا ئاچىدۇ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق. ئادەملەرنىڭ توختىماي يىغىن ئېچىشى - شەيتان ئالىيلىرىنىڭ زەررىدەك ھىيلىسىنىڭ كىچىككىنە كارامىتى دېگىنە.

شەيتاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئالۋاستى ئالدىغا چۈشۈپ قالغان قىزىل چاچلىرىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ، ئېغىزىدىن تامچىي دەپ تۇرغان قانلارنى يالاپ يۇتۇۋېتىپ دوكلاتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— سىلى مېنى دۇنيادىكى ئۈچ خىل جانلىققا كۆز-قۇلاق بولۇشقا قويغانىدىلە. بۇ ئۈچ خىل جانلىقنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: ئادەم بۇ دۇنياغا چىقىشتىن ئىلگىرى يەرشارىنىڭ 65% تىن كۆپرەك قۇرۇقلۇقىنى بوك-باراقسان ئورمان قاپلاپ تۇراتتى. ھازىر يەرشارى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاران 9% يېرىدىلا ئورمان قالدى①.

— ئادەملەر ھەر يىلى ئورمان بىنا قىلىشىۋاتقان تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئورمان شۇنچە تېز كېمىيىپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شەيتان.

— ئادەملەر ھەر يىلى 60 مىليون مو ئورمان بىنا قىلىدۇ، لېكىن ھەر يىلى 750 مىليون مو ئورماننى ۋەيران قىلىدۇ. يەنە تېخى بىزنىڭ بۇ كوھىقاپ غارىمىزدىن ئەۋەتىدىغان بوران، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىمىزمۇ ئورمانغا ئوبدانلا زىيان سالالايدۇ. شۇڭا ئورماننىڭ ۋەيران بولۇش سۈرئىتى ئاۋالقىدىن 200 ھەسسە ئاشتى②، ئالىيلىرى.

— ھە، مۇنداق دېگىن. ناھايىتى ياخشى بولۇۋېتىپتۇ. ئەمدى ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى دوكلاتىڭنى ئاڭلاي، — دېدى شەيتان.

— ئەسلى 1 مىليارد 700 خىلدىن كۆپرەك ھايۋانات بار ئىدى. ھازىر ئادەملەر ھەر يىلىغا 100 خىلدىن ئاتۇق ھايۋاناتنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقتا③، ئالىيلىرى.

— ئەسلىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ئادەملەرنىڭ ئاچىسى، ھايۋاناتلارنى ئادەملەرنىڭ ئاكىسى دېيىشكە

— ئۇلارنى بىر تۇغقان قېرىنداش دېيىشكە بولاتتى. مەن ئاللانىڭ «دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئادەمنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەن سۆزىنى ئۆز خاھىشىم بويىچە ئادەملەرگە ئازراقلا چۈشەندۈرۈپ قويۇۋېدىم، ئادەملەر بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزىدىغان مەنپەئىتىنى بىراقلا ئۇنتۇپ، ئۇلاردىن تېزىپلا كەتتى. قېنى ئەمدى ئادەملەر ھەققىدىكى مەلۇماتىڭنى ئوتتۇرىغا قوي، — دېدى شەيتان.

ئالۋاستى دوكلاتىنىڭ بىر ۋارىقىنى قايرىۋېتىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

— سىلىگە مەلۇم، بۇ دۇنياغا ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ئىككىلا ئادەم چىققان. ئېيسا تۇغۇلغان دەۋرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى 200 مىليونغا يەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ سانى 8 مىلياردقا يەتتى④. يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار بۇ دۇنياغا سىغىشماي، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار

ياشاۋاتقان شۇ ئازغىنە زېمىنىنىمۇ تارتىۋالىدۇ.

- ئەمىسە ، ئۇ چاغ بولغاندا يەرشارىدا ئادەملەرلا ياشايدىكەن-دە، - دېدى دەججال.

- ئاغزىڭنى يۇم! - دەپ ۋارقىرىدى شەيتان، - ئۇ چاغ بولغاندا ئادەملەرگە ئىككى قېرىندىشى ئورنىدا بىز قېرىنداش بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ياشايمىز.

- ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بىزنى ئۇسۇملۇك ۋە ھايۋاناتلارنى يېگەندەك يېگىلى بولمىسا، ئادەملەر قانداق ياشايدۇ؟ - دېدى ئالۋاستى.

- شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامسەن؟- دېدى شەيتان، - ئۇ چاغ بولغاندا ئادەملەر بىر-بىرىنى يەيدۇ، - دېدى شەيتان ۋە دەججالنى دوكلات بېرىشكە بۇيرىدى.

دەججال ھاسىسىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، ھىڭگاڭ چىش مومايدىن ساھىبجامال ۋە چىرايلىق بىر قىزغا ئۆزگەردى-دە، دوكلاتىنى ئوقىدى:

- مېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەم ئادەملەرنى ئازدۇرۇش. مەن بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ دىنىنى ھەرخىل قىلىۋەتتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شۇ دەرىجىدە نادانلاشتۇرۇۋەتتىمكى، ئۇلار ئۆزلىرى ياساۋالغان بۇتلارنى خۇدا دەپ سەجدە قىلىدىغان ھالغا يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنىڭ ئاشلىق ۋە مېۋىلەردىن ياسىغان ئىچىملىكىگە سىلىدىن سېغىۋالغان مۇبارەك سۈيدۈكلىرىدىن بىر تامچىنى تېمىتىپ، ئۇنى ھاراققا ئايلاندۇردۇم. سۈيدۈكلىرىدىن ھاسىل بولغان شۇ نىجىسنى ھازىر دۇنيادىكى 200 دۆلەت ئىچىدە 150 دۆلەتتە ئىچىشنى ئومۇملاشتۇردۇم. ھاراق ناھايىتى ئوبدان نەرسە، ئۇنى ئىچسە ئادەمنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قوزغايدۇ. مەن بۇنۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ سىلىنىڭ بۇ ئالۋاستى خانىملىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆگىتىشى بىلەن ئادەملەرگە زىناخورلۇقنى ئۆگەتتىم.

- نېمە! ؟ سەن مېنىڭ خانىمىم تۇرۇپ ئادەملەر بىلەن زىنا قىلىشتىڭما؟ - دېدى شەيتان قولىدىكى بوۋاق ئىسكىلىتى بىلەن ئالۋاستىنى ئۇرماقچى بولۇپ.

- شۇنداق! - دېدى ئالۋاستىمۇ شەيتانغا دېۋەيلەپ، - مەن بىلەن زىنا قىلىشقان ئەركەكلەر ماڭا ئوخشاش شەھۋانىي نەپسى مەڭگۈ قانمايدىغان زىناخورغا ئايلاندى. ئەمدى سىلىدىن سوراپ باقاي، قېنى ئېيتسىلىچۇ، سىلىنىڭ سۈيدۈكلىرىنى بۇ دەججال قانداق سېغىۋالدى؟

- بولدى، ھەرئىككىلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرى ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ ، ئاخىرزاماننىڭ كېلىشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىمىز ئۈچۈنغۇ. بۇنىمۇ بۇ كاتتا قۇرۇلتايدا تەگەش كېتەمدۇ، بولدى قىلىشقايلا، - دەپ شەيتان بىلەن ئالۋاستىغا تەڭلا سالا قىلدى دەججال.

- بولىدۇ، بولدى قىلايلى. قېنى دوكلاتىڭنى داۋاملىق ئوقۇ، - دېدى شەيتان قولىدىكى بوۋاق ئىسكىلىتىنى ئۈستەلگە قويۇپ.

- قاراپ باقسام ئەرلەر كوچىگە تايىنىپ پۇل تاپالايدىكەن، ئاياللار ئاجىز ئىكەن. شۇڭا ئاياللارنى خورىماس مېلىنى بازارغا سېلىپ پۇل تېپىشقا قىزىقتۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن 150 دۆلەتتە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا پاھىشىخانىلار قۇرۇلدى. بەزى دۆلەتلەردە زىنا سودىسى ھەتتا يۇقىرى دولقۇندا ئەۋج ئالدى.

- ئىلگىرى، - دېدى شەيتان ئاسمانغا قاراپ، - ئاللانىڭ پەرىشتىلىرى ئاسماندا تۇرۇپ بۇ زېمىندىكى تارتىنچاق، ھايالىق، ساھىبجامال قىزلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. بەزىلىرى ھەتتا نۇرغا ئايلىنىپ ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئەۋلاد قالدۇرۇپمۇ قويىتتى. پەرىشتىدىن ھامىلدار بولغان شۇقىزلار شۇ پەرىشتىنىڭ ئىشقىدا ئۆمۈر بويى باشقا بىرىگە ياتلىق بولماي ئۆتۈپ كېتەتتى.

- سىلىنىڭمۇ ئادەم قىزلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققۇلىرى بارمۇ؟ - دېدى دەججال.

- ئادەملەر ماڭا لەنەت ياغدۇرۇپ تاش ئاتىدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قىزلىرى ماڭا ئۇنارمۇ؟

- ھازىرقى قىزلار بۇرۇنقى قىزلارغا ئوخشىمايدۇ. پۇل بولسا ئۇلارنى ھەرنېمە قىلدۇرغىلى بولىدۇ. 1991-يىلى سىمون كۆچمە مۇزلۇقىدىن 5300يىل بۇرۇن مۇزغا ئايلانغان بىر مۇز ئادەم چىقىۋىدى، نەچچە مىڭ قىز مۇز ئادەمنىڭ ئىسپېرمىسىنى قوبۇل قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى[5]، - دېدى دەججال.

- مۇز ئادەم ئاق ھەم پاك بولغىنى ئۈچۈن ئۇ قىزلار شۇنداق قىلغاندۇ. لېكىن سىلى قارا ھەم ناپاك تۇرسىلا ئادەم قىزلىرىنىڭ سىلىگە ئۇنىشى ناتايىن. ئەسلىرىدىمۇ، مەنمۇ ئەسلى ئەڭ چىرايلىق ئادەم قىزى ئىدىم، سىلىنىڭ پەرىشتە سۈرىتىگە كىرىپ بىر قېتىم زىنا قىلىپ قويۇشلىرىغا ئۇچراپ ئالۋاستىغا ئايلىنىپ ، ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغىدەك يۈزۈم قالماي، نەدە ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆل-جەزىرە ياكى تاشلاندۇق خارابىلەردە مۆكۈپ يۈرۈدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم، - دېدى ئالۋاستى.

- ھازىرقى قىزلارنىڭ بەزىلىرى پۇلنى كۆرگەندە كېيىنلىكىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. مەسىلەن فرانسىيىلىك چىرايلىق قىز فرارىي ئۈچ قېتىم ئەمچەك چوڭايتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ، ھەربىر ئەمچىكىنىڭ ئېغىرلىقىنى 2.8 كىلوگرام، ئايلانمىسىنى 137.2 سانتىمېترغا يەتكۈزۈپ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق يالىڭاچ ئۇسسۇلچىسىغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇن بارمىقى ھەتتا پۇت بارماقلىرىمۇ ئالتۇن ئۈزۈككە تولغان[6].

- دېگىنىڭگە قارىغاندا، ئادەم قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئەمچىكى مېنىڭ خانىمىم ئالۋاستىنىڭ ئەمچىكىدىنمۇ يوغانلىرى باركەن-دە، - دېدى شەيتان دەججالنىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ.

- ئالۋاستى خانىمنىڭ ئەمچىكى بۇرۇن دۇنيادا بىر ئەمچەك ئىدى. لېكىن ئالۋاستى خانىم ئەمچەكنى

كۆز-كۆز قىلىشنى ئادەم قىزلىرىغا ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن ئادەم قىزلىرى ئىچىدە ئەمچەكلى ئالۋاستى خانىمنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭلىرى بار بولدى. فرارىينىڭ ئەمچەكلىرى ئالۋاستى خانىمنىڭكىدىن چوڭ بولۇپلا قالماي، ساڭگىلاپ تۇرمايدۇ. تېرىسى تارتىشىپ ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇستە تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ فرارىي «دۇنيا بويىچە ئەمچەكى ئەڭ يوغان قىز» دەپ ئاتىلىپ «جىنىنىس رېكورتى بۈيۈك قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى⑦.

- مەن فرارىينىڭ ئەمچەكىنىڭ مېنىڭ ئەمچەكىمدىن چوڭلۇقىغا ئىشەنمەيمەن، - دېدى ئالۋاستى بىر ئەمچەككە، بىر دەججالغا قاراپ.

- ئىشەنمىسىلە كۆرۈپ كەلسەك بولىدۇ، - دېدى دەججال.

- ئۇ نەدە؟ - دېدى شەيتان بىلەن ئالۋاستى تەڭلا. دەججال:

- فرارىي 30 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ خېرىدارى قالمىدى. شۇڭا ئۇ قىلمىدىغان قىلىق تاپالماي ئاخىرى دورا ئىچىپ ئۆلىۋالدى. ئۇ، بىز سىزغان سىزىقتا ئۆمۈر بويى ماڭغان ئىبىل شاگىرتىمىز بولغاچقا، ئۇنىڭ جەسىتىنى قويغان يەرلىكىدىن بۇ غارىمىزغا ئەكېلىۋالدۇق. ئۇئەنە ئاۋۇ يەردە، - دېدى.

- چۈشمۇ بوپقاپتۇ، يېغىننى ۋاقتىنچە توختىتىپ دەم ئالغاچ بېرىپ فرارىينى كۆرۈپ كېلەيلى، - دېدى شەيتان ئورنىدىن تۇرۇپ.

دەججال بىزنى باشلاپ بېرىپ بىر ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ بۇرنۇمغا پۇقتەك سېسىق بىر نەرسە پۇرىدى. بۇرنۇمنى ئېتىۋېلىپ قاراپ ئالتىنچى ئاي ئىسسىقىدا ئۆلۈپ سېسىغان تاپتەك بىر نەرسىنى لوم-لوم قۇرت بېسىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا قان-يىرىڭ ئارىلاشقان پۇقتەك نەرسە قاچىلانغان ئىككى يوغان خالتىدەك نەرسىنى كۆردۈم.

- بۇ فرارىيما؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا قالىدۇ؟ - دەپ سورىدى ئالۋاستى.

- ئاللا ئاياللارنىڭ ئەمچەكىنى بالىسىنى ئېمىتىش ھەم ئېرىنىڭلا كۆڭلىنى شاد ئېتىش ئۈچۈن ياراتقان. بۇ قىز ئەمچەكىنى بالائېمىتىش، ھالال ئېرىنىڭ كۆڭلىنى شاد ئېتىشكە ئىشلەتمەي، ئۇنى ئالاھىدە چوڭايتىپ، ئۇنى نۇرغۇن كۆز ۋە قول زىنالىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىشلەتكەن. بۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا تارتىۋاتقان ئازابى. ئۇ ئالەمدە بەلكىم ئاشۇ يوغان ئىككى ئەمچەكىدىن ئوتلۇق دارغا ئېسىپ قويۇش جازاسىنى تارتىۋاتقاندۇ، - دېدى شەيتان.

فرارىينىڭ يېنىدىن قايتىش يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىپيالىڭاچ ھالدا ئۇڭدىسىغا يېتىپ ئەركەك كۈتۈۋاتقان قىزلار، سول تەرىپىدە قىزلارغا ئوخشاش ھالدا يېتىپ ئايالغا تەشنا بوپكەتكەن ئەرلەرنى كۆردۈم.

- سەن «قىزلارنىڭ مەيدىسىدە شاپىلاقچە ئىككى پارچە، چاترىقىدا شاپىلاقنىڭ يېرىمىچە بىر پارچە لاتا قالدى» دېۋىدىڭ، بۇلاردا مەن ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىدىڭغۇ؟ - دېدى شەيتان ئوڭ تەرەپتىكى قىزلارنى كۆرسىتىپ.

- ئۇلار ئالۋاستى خانىمنىڭ تۇنجى شاگىرتلىرى بولۇپ، قاناس شەھۋانىي نەپسىگە ئىگە. شۇڭا ئۇلار ھايا دېگەننى قىلچە بىلمەيدۇ. بۇ دېگەن مېنىڭ كىچىككىنە كارامىتىم. سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرىدە باردۇ، يېقىندا مەن 2500 نەپەر قىز-يىگىتنى ئامېرىكىنىڭ ئاۋات كوچىسىدا مۇشۇ ھالدا ياتقۇزۇۋەتتىم⑧، - دېدى دەججال.

- ئىسىڭىزدە مەھكەم ساقلا. ئادەملەر 30 سېكۇنتلۇق زىنا لەززىتى سەۋەبىدىن بۇ دۇنيادا كۈندۈزى ئەل ئارىسىغا تۇغۇشلۇق چىقالمايدۇ، ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا پەس ئاتىقى ھەمرا بولىدۇ. ئۇ ئالەمگە بارغاندىچۇ، مەھشەرگاھتا (قىيامەت كۈنى ئىنسانلار جەم بولىدىغان مەيداندا) يۈزى مېنىڭ يۈزۈمدەك قارا ھالدا رەسۋا بولىدۇ. 30 سېكۇنتلۇق زىنا لەززىتى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى ئوتتىن ياسالغان تولۇقىقا 30 مىڭ يىل مىنگۈزۈپ قويىدۇ. بۇلاردىن ئادەملەر ھەرگىز خەۋەر تېپىپ قالماسلىقى كېرەك.

شەيتان يالىڭاچلارغا يېقىنلاپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ھاراق پۇرىدى:

- بۇلار تېخى ھاراق ئىچكەن ئوخشىمامدۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

- ئۇلاردىن ھايانى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئالدى بىلەن سىلىنىڭ مۇبارەك سۈيدۈكلىرىدىن ھاسىل بولغان ھاراقنى ئىچكۈزۈش كېرەك، - دېدى دەججال.

- ياخشى، ياخشى قىپسەن. ھاراقكەشنى ئاللانىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ھاراقكەشنىڭ قېنىغا قوشۇلغان مېنىڭ سۈيدۈكۈمنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاللا ھاراقكەشنىڭ ئاغزىغا دوزاق ئوتىنى تاشلاپ تۇرىدۇ. ھەي، بۇقىزلارنىڭ چېچى، كالپۇكى، تىرنىقى قىزىلغۇ؟

- قارىسىلا، ئالۋاستى خانىمنىڭمۇ شۇنداق تۇرمامدۇ، ئۇلار ئالۋاستى خانىمدىن ئۆگىنىپ بويىۋالغان.

- بىرىيەرلەردە كۆرسەم ئايالىم ئوخشايدۇ، دەپ قۇچاقلاپ سالغۇدەكمەن بۇلارنى، - دېدى شەيتان.

- ئاياللىرى بولمىساقمۇ كېلىۋەرسىلە، تارتىنمىسىلا شەيتان ئالىيلىرى، - دەپ شەيتاننى چاقىرىشتى قىزلار.

شەيتان ئىختىيارسىز قىزلار ئارىسىغا قەدەم باستى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئالۋاستىمۇ ئۆزىگە ئىشارەت قىلىپ چاقىرىۋاتقان ئەركەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

مەن راكشاسنىڭ قولىدىن تارتىپ:

- ئاتا-ئاناڭغۇ ئۈچىغا چىققان شەرمەندە، ھايا دېگەننى قىلچە بىلمەيدۇ. سەنمۇ بولساڭ ھايا قىلغىن، يۈر، چىقىپ كېتەيمىز، - دېدىم.

- مەن زىناخورلۇق ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق، چىقىپ كەتمەيمەن. سىنىئالغۇيىڭنى قويۇپ ئۆزۈڭ كەت. مەن ئاتا-ئانامنىڭ زىناخورلۇق ھەرىكەتلىرىدىن شەھۋانىي سېرىق فىلىم ئىشلەپ،

ئادەملەر ئارىسىغا تارقىتىمەن، - دېدى راكشاس سىنئالغۇغا ئېسىلىپ. مەن ئۇنىڭ بىلەن سىنئالغۇنى تالىشىۋېتىپ، شەيتان بىلەن ئالۋاستىنىڭ ئىشقا كىرىشەيلا دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، سىنئالغۇنى راكشاسقا تاشلاپ بېرىپ يېنىپ چىقتىم.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ چىقىشتى. ھەرقايسىسى ئۆز جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن شەيتان زىناخورلۇقتىن تۆرەلگەن بوۋاقنىڭ ئىسكىلىتى بىلەن ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئۇرۇپ:

- ئەمدى چۈشتىن كېيىنكى يىغىنىمىزنى باشلايمىز. بۇ يىغىندا ئاساسلىقى ئاخىر زاماننى تېزراق ئىشقا ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. قېنى، تەدبىرلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار، - دېدى.

- فىرارىيىنىڭ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، 30 يېشىدىلا ئۆلۈم يولىنى تۇتقىنىغا قارىغاندا، دەججالنىڭ ئازدۇرۇش ھىيلىسىنىڭمۇ كۈچى بەك چەكلىك ئىكەن. بۇنىڭغا تايىنىپ ئاخىر زاماننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بىز تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاخىر زاماننى ئەمەلگە ئاشۇرساقمىكىن.

- ئالۋاستى خانىم، بۇ تېخىمۇ مۇمكىن بولماسمىكىن، - دېدى دەججال.

- مۇمكىن بولمايدىغان نېمىسى بار. يەنە سەككىز مىليارد يىلدىن كېيىن قۇياش ئەسلىدىكى قۇياشتىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئۇچاغدا دېڭىز سۇلىرى قاينايدۇ، بارلىق جانلىقلار ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. قۇياش بىرنەچچە مىليون يىل ئەنە شۇنداق دەۋر سۈرۈپ، يېقىلغۇسى تۈگەيدۇ-دە، ئۆلۈشكە يۈزلىنىدۇ⑨. پۈتكۈل جاھان بىزنىڭ بۇ زۇلمەت تېغىمىزدىنمۇ ئۆتە قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ، مانا بۇ ئاخىر زامان بولماي نېمە؟ - دېدى ئالۋاستى. خېلى ئويلانغاندىن كېيىن شەيتان سۆز قاتتى:

- ھازىر «مۇھەممەد دۇنيا بويىچە تەسىرى ئەڭ زور يۈز مەشھۇر شەخسنىڭ بىرىنچىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. مۇسۇلمانلارمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ يەنە سەككىز مىليارد يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشكەن. ئويلاپ باققىنە، ئۇ كەمگىچە بىزنىڭ ھىيلىمىزگە ئىشىنىدىغانلار قالارمۇ؟ مېنىڭ ھىيلەمگە ئىشىنىدىغانلار قالمىغان چاغدا ئەمەلگە ئاشقان ئاخىر زاماننىڭ ماڭا نېمە پايدىسى ؟ ماڭا پات يېقىندىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاخىرزامان كېرەك. چۈنكى ھازىر مېنىڭ ھىيلەم بىلەن ئازغان ئادەم ئىنتايىن كۆپ. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتە ئاخىرزامان بولغاندىلا مەھشەرگاھتا مەن ئاللادىن ئۇلۇغ سانىلىمەن.

- ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ - دېدى ئالۋاستى بىلەن دەججال تەڭلا.

- سىلەر، «شەيتان بىزنى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى جىم ياتتى» دەپ ئويلىغانسىلەر. لېكىن مەن جىم ياتمىدىم، ئىنتايىن زور بىر مەخپىيەتلىكنى ئىگىلىدىم.

- قېنى ئېيتىسىلىچۇ، قانداق مەخپىيەتلىك! ؟

- ھازىر ئادەملەر يىلىغا 800 مىليارد دوللار خەجلەپ قىرغۇچى يادرو قوراللىرى ۋە پارتلىغۇچى ماددىلارنى ياساۋاتىدۇ. ھازىر ياساپ بولغان يادرو قوراللىرى ۋە پارتلىغۇچى ماددىلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 18 مىڭ مىگا توننا بولۇپ، كىشى بېشىغا ئۈچ توننىدىن توغرا كېلىدۇ⑪. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ياسىغان بۇ قىرغۇچى يادرو قوراللىرىنى ۋە پارتلىغۇچى ماددىلارنى ئادەملەر ھايۋانلارنى قىرىشقا ئىشلىتەمدۇ. ياق، ياق. ئۇلار بۇنى ئۆز-ئۆزىنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئادەملەر پارتلىغۇچى دورىلارنىڭ پەقەت ئۈچ مىگا توننىسىنىلا ئىشلىتىپ 57 مىليون قېرىندىشىنى جېنىدىن جۇدا قىلغان. قېنى ھېسابلاپ كۆرۈڭلارچۇ، 18 مىڭ مىگا توننا پارتلىغۇچى ماددا تولۇق ئىشلىتىلسە قانچىلىق ئادەم جېنىدىن جۇدا بولار؟ بولدى، ھېسابلاپ ئولتۇرۇشماڭلار، بۇ 18 مىڭ مىگا توننا پارتلىغۇچى ماددا ھەربىر ئادەمگە ئۈچ توننىدىن توغرا كېلىدىغان تۇرسا، ئۇ تولۇق پارتلىسا يەرشارىدا ھايات ئادەم قالامتىمۇ؟ بەلكىم شارقىراپ ئاققان قاننىڭ ئاۋازى قالار.

ئالۋاستىنىڭ كۆز ئالدىغا دەريا-دەريا قانلار كېلىپ تامشىپ قويدى. غار سىرتىدىكى جىنلار: «شۇچاغ تېزكەلگەي، شۇچاغ تېزكەلگەي! » دەپ ۋارقىراشتى. جىنلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى بېسىققاندىن كېيىن شەيتان ئىككى يېنىغا قاراپ:

- ئەمدى گەپ ئۇرۇشخۇمارلارنى تېخىمۇ قۇترىتىپ، ئۇلارنى شۇ 18 مىڭ مىگا توننا پارتلىغۇچى ماددىنى تېزرەك پارتلاتقۇزۇشتىلا قالدى. ئالۋاستى خانىم، سەن ھەمراھلىرىڭنى ئېلىپ بۇشنىڭ يېنىغا بارساڭ قانداق؟ - دېدى.

- پاھ، سىلى مېنى تازا كۆڭلۈمدە كۈتكەن ۋەزىپىگە بۇيرىدىلا! مېنىڭ ئەسلىلا بۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەركەكنىڭ قېنىنى بىر تېتىپ باققۇم كېلىپ تۇراتتى. ھە راست، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشسامۇ بولامدۇ؟

- نېمە قىلىشساڭ قىلىش، ئىشقىلىپ بۇشنى قولىدىكى نەچچە مىڭ مىگا توننا پارتلىغۇچى ماددىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىشقا كۈندۈرسەڭلا بولدى!

- مەنچۇ ئالىيلىرى؟ - دېدى دەججال.

- سەن ئىسلام دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئۇلارغا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يامان گېپىنى بار كۈچۈڭ بىلەن تەشۋىق قىلىپ بەر.

- سىلى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ-تە! مېنى كۆڭلۈمدىكىدەك ۋەزىپىگەقويدىلا! ئىسلام دۆلەتلىرىگە ھاراق ئىچىشنى، زىناخورلۇقنى ئومۇملاشتۇرالماي ئىچىم دەردكە توشۇپ يۈرەتتىم. ئىسلام دۆلەتلىرىگە ھاراق ئىچىشنى، زىناخورلۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش قولۇمدىن كەلمىگەن بىلەن، ئۇلارغا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنى دۈشمەنلەشتۈرۈش قولۇمدىن ئەلۋەتتە كېلىدۇ، - دېدى دەججال مەيدىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئورۇپ.

قۇرۇلتاي ئەھلى شەيتاننىڭ ئاخىرزامانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرى ئەقىلگە بەك مۇۋاپىق دەپ قاراپ، ئۇنى قايتا بىر قېتىم ئۆزلىرىگە «ئۇلۇغ پېشىۋا» قىلىپ سايلىۋالدى. بۇ قېتىمقى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالۋاستىنى ئوڭ قول پېشىۋالىقا، بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ زورلىقىغا قاراپ دەججالنى سول قول پېشىۋالىقا شەيتان ئۆزى تەيىنلىدى.

قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا شەيتان قىزغىن ئالقىش بىلەن سۆزگە چىقىپ:

— ئاللا بىر چاغدا «ئاخىرزامان مېنىڭ سەۋەبىمدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش سەۋەبىدىن بولىدۇ» دېگەنىدى. دۇنيا ئادەملىرى زىددىيەتلىشىپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ 18 مىڭ مىگا تونىنا پارتىلىغۇچى ماددىلارنى پارتىلىتىپ بىر-بىرىنى قىرغىلى تۇرسا، بۇ ۋەھشىيلىكنى كۆرگەن ئىسرافىل سۇرنى جەزمەن تارتىدۇ! مەن قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ ئىسرافىلنىڭ سۇرنى تېزرەك تارتىشىنى تىلەپ سىلەرگە ئادەم قېنىدىن زىياپەت بېرىمەن! — دېدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا شەيتان ۋە ئالۋاستى بىلەن زىنا قىلىشقان ھېلىقى 300 زىناخور غارغا سۆرەپ ئەكىرىلىپ، غار تۈۋرۈسىدىكى دارلارغا ئېسىلدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سۇغۇرۇلۇپ قانلىرى سۈمۈرۈلگەندىكى جېنى قىينىلىپ، قاقشاپ چىرقىراشلىرى، قان سۈمۈرگۈچىلەرنىڭ شادلىنىپ ۋارقىراشلىرى غارنى دوزاقنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۈسكە كىرگۈزدى.

زىياپەتتىن كېيىن ئالۋاستى ھەمراھلىرىنى ئېلىپ غەرب دۆلەتلىرىگە، دەججال ھەمراھلىرىنى ئېلىپ ئىسلام دۆلەتلىرىگە يول ئالدى. شەيتان ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ غەلىبە ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا يۈرۈپ كەتتى.

راكشاس مېنى ئۆيۈمگە ئېلىپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— سەن زىياپەتتە نېمە ئۈچۈن قان ئىچمەيسەن؟ سېنىڭ ئۇ زىناخورلارغا ئىچىڭ ئاغرىپ قالدىمۇ-يە؟ — دەپ سورىدۇم.

— مەن سەندىن سىنئالغۇنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مۇخبىر سىياقىغا كىرىپ بىر قىزنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 300 زىناخورنىڭ ھەممىسى زىناخورلۇق قىلىش جەريانىدا ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانلار ئىكەن، يەنە كېلىپ ئۆمرى ئاخىرلىشايلا دەپ قالغانلار ئىكەن. ئۇلار نەچچە كۈنلا قالغان ئۆمرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنى ئازدۇرغۇچىلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن كوھقاپقا كەلگەنىكەن. شۇڭا مەن ئۇلار بىلەن زىنامۇ قىلمىدىم، قېنىنىمۇ ئىچمىدىم.

— زىناخورلاردا ئەيدىز كېسىلىنىڭ بارلىقىدىن ئاتا-ئاناڭنى نېمىشقا خەۋەرلەندۈرمەيسەن؟ — دەپ سورىدۇم. راكشاس بىر تىنىۋېلىپ:

— ئاتام ئەرشتە ئاللادىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئۇلۇغ پېشىۋا ئىدى. ئۇچاغدا ئۇنىڭدىكى نۇر پەرىشتىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنى دائىم توغرا يولغا باشلايتتى. ئاتام يەر يۈزىگە سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئاتامدىكى ھېلىقى نۇر ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ، ئۇلارنى خاتا يولغا باشلايدىغان نۇرغا ئۆزگەردى. ئاتام شۇ نۇرى بولغاچ ئەرشتە پەرىشتىلەرگە، يەريۈزىدە جىنلارغا كۆرمىڭ يىل ئۇلۇغ پېشىۋا بولدى. كېيىن ئۇنىڭدىكى نۇر ئانام ئالۋاستىغا ئۆتۈپ، ئانام ئالۋاستى ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق، بىز ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ پېشىۋاغا ئايلاندى. ئۇ نۇر ھازىر مەندە. مەن خالىسام شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئادەملەرنى ئازدۇرالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. نۇر كىمدە بولسا، شۇ ئۇلۇغ پېشىۋا بولىدۇ. شۇڭا ئەيدىزنىڭ ئۇلارغا يۇقىشى بەرھەق، — دېدى.

«ئاپلا، ئالۋاستى بۇشقا ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ قويمىغىدى. بۇشنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويايلى، تېلېفون قېنى؟ تېلېفون قېنى؟» قولۇمغا بىرنەرسە تۇتقۇزۇلدى.

كۆزۈمگە پىلىلدىغان بىرنەرسە كۆرۈندى. «ئاپلا، بۇش 18 مىڭ مىگا تونىنا پارتىلىغۇچى دورىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان ئوخشايدۇ.» قۇلىقىمغا شارىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «بۇ، قانىنىڭ ئاۋازىمىدۇ؟» بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ ئايالىمنىڭ مەشكە ئوت يېقىپ، چاي قاينىتىش ئۈچۈن قازانغا سۇ قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە «ئۇھ» دەپ چوڭ بىر تىنىۋېلىپ ئۆزۈمنى قايتا ئورنۇمغا تاشلىدىم: «ئوت-يالقۇن ئەرۋاھى راكشاس ئۇلۇغ پېشىۋا بولمىغاي ئىلاھىم».

## ئىزاھلار

①، ②بۇ مەزمۇنلار «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىل 6-سانىدىن ئېلىندى.

③بۇ مەزمۇن «دۇنيادىكى ئىشلار» دىن ئېلىندى.

④ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 7-سانىدىن ئېلىندى.

⑤«شىنجاڭ ياشلىرى »ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىل 2-سانىدىن ئېلىندى.

⑥، ⑦ «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 7-سانىدىن ئېلىندى.

⑧«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 29-مايدىكى سانىدىن ئېلىندى.

⑨ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىل 9-سانىدىن ئېلىندى.

⑩«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىل 11-سانىدىن ئېلىندى.

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

(M1)



# «يېگانە ئارال»غا سەپەر

## ئەركەكلىكنى نەدىن تاپىمىز؟

### ـ ئەختەم ئۆمەرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان«يېگانە ئارال»رومانىدىن ئويلىغانلىرىم

نۇرمۇھەممەت ئۇچقۇن

تارىختىكى ھەربىر غەلىبە تالاي-تالاي ئەزىمەتلەرنى يارىتىدۇ. ئەزىمەتلەرنىڭ تارىخ يارىتىشى بىر ئەپسانىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەزىمەتلەر شۇ ئەپسانىلەرنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان جەلپكار سېھرىي كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەركەكلىكىنى سۇغۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىنى ئارمانلاپ ياتىدىغان بولدى. شىر يۈرەك ئەركەكلەر 20-ئەسىر ئىنشخانا مەدەنىيىتىنىڭ تۈزۈملەشكەن، فورمىلاشقان «ئەركىن» سەھنىسىدىن، رىقابەت سۆيىسىدىن ئۆزىنىڭ ئاللا بەرگەن ھاياتىي قۇدرىتىنى نامايان قىلغۇدەك، ئەل ئۈچۈن تەر ئاققۇزغۇدەك ياكى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ كۈرەش قىلغۇدەك

## روھ جۇغانلىرى

باراۋەر، مەردلەرچە، ئىمانى ئەركەكلىك بىلەن كۈچ سىناشقۇدەك بىرەر قەدەم دەخلىسىز جايمۇ تاپالماي سىيىپ تۈگەيدىغان، ئەرلىك كۈچىنى بىھۇدە، ئەرزىمەس ئۇرۇنۇشلار بىلەن خورىتىپ تۈگىتىدىغان بولدى. تېپىلغان مۇھىتمۇ يەنىلا ساختىلارچە، لاۋزىلارچە ياسىما كۆلكىلەر بەدىلىگە كەلگەن بىرخىل زېرىكىشلىك، كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇرۇقتۇرما، دىمىق تۇرمۇش، خىزمەت مۇھىتىدىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

يېقىندىن بېرى مەندە بۇخىل بۇرۇقتۇرملۇق، زىيادە بىزارلىق كەيپىياتى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچىيىپ كېتىدىغان بوپقالدى. كىشىدىكى بىزارلىق بۇخىل كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگۈچى شەيئىي ۋە مۇھىتنىلا ئەمەس، كىشىنىڭ ئەقلىي كۈچىنىمۇ، ئۆزلۈكىنىمۇ، مەۋجۇدلۇق ھالىتىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا باشلايدۇ. ئاڭ سىرتقا پارتلاپ چىقالمىغاندا ئىچكى قىسىمغا پارتلايدۇ. ئۇنىڭ پارتلاپ چىقارغىنى ئىچكى قىسمىدىكى تىندۇرمىدىن ئاشقان قىسمى، خالاس. ئەگەر ئاڭدىكى سىرتقى پارتلاش ئۈزۈپ تاشلانغاندا

ياكى بوغۇلغاندا ئۇنىڭ ئىچكى تويۇنۇشى پەۋقۇلئاددە تۇستە چىڭىغا چىقىدۇ-دە، يا سىبسىپ توكەيدۇ، ياكى بولمىسا تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاتومدىكى پارتلاشنىڭ كۈچى ئەنە شۇنداق ئىچكى پارتلاشنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. لېكىن، مەن بۇنداق خەتەرلىك پارتلىيالمايتتىم. لەيلىۋەشتەك بوشاڭ، سوزسا لەگمەن، تۈگسە مانتا بولىدىغان بۇ خىل ئىچكى-تاشقى تۇرمۇش كىشىنى شۇ قەدەر بىزار قىلاتتى ھەمدە قورقۇنچلۇق خىياللارغا ئېلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئەركىگە بويسۇنماي نەچارە؟ تەن، جىسمانىيەت، سىقىلىش، قىسىلىش مەھكۇملۇقىدىن قۇتۇلالمىغان بىلەن تەپەككۇرغا سولاق يوق.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، تەپەككۇرمۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى، چېكى يېتىدىغان يەرگە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىكى پايانسىزلىقنىڭمۇ، مول تەسەۋۋۇرنىڭمۇ، چېكىدىن ئاشقان بىمەنە خىياللارنىڭمۇ ئەلۋەتتە چېكى بولىدۇ. تەپەككۇردىكى ھەرقانچە ئۇلۇغ يۈكسەكلىكمۇ بىر ئىنساننىڭ ئاتا يىلتىزىدىن ئالغان ئۇزۇقىغا يارىشا بولىدۇ.

ئاتا يىلتىز دېگەن نېمە؟

ئادەمئاتىنىڭ نۇرانە سىماسىنى خۇسۇسىي رەسەتخانامغا ئاستا-ئاستا باشلاپ ئەكىردىم. تىنىمسىز چېكىلداپ تۇرغان ئۈستەل سائىتىنىڭ باتارېيىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم. ۋاقىت ئۇقۇمى تامامەن يوقالغان ئاشۇ بوشلۇقتا مەن تامامەن ئېرىپ كېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بارلىق قانۇن، چېگرا-توساق، تام، تۈزۈم، سەككىز سائەتلىك مەشغۇلىيەت، تاماق، ئۇخلاش، ئىشقا چىقىش ۋاقتى، مىللەت كاتېگورىيىسى، رايون تېررىتورىيىسى. . . ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم. بىر شەيتان بىر يەرلەردە قۇترىماقتا. . . بىر پەرىشتە سۇبھى نۇرىدەك پاكىز نۇر چاچقىنىچە ھۇجرامغا يېنىك دەسسەپ كىرىپ كەلمەكتە. . .

ۋەھالەنكى، قەپەس ھاياتىنى بىر قېتىم باشتىن كەچۈرگەن قۇش تەبىئەت ئەركىنى تاپقاندىن كېيىنمۇ قەپەس زۇلمىتىنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قەپەس ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس بىر تامغا بېسىپ قويىدۇ. . . قۇش پۈتكۈل ئۆمرىدە چۆچۈپلا ئۆتىدۇ. . . مانا بۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى.

بۇخىل يۈرەكئالدىلىق نەدىن كەلگەن؟. . .

ئويلىغۇم كەلمىدى. تۇرۇپلا، ئادەمئاتا بىلەن مەندىكى ئادىمىيلىكنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلەر، دەپ ئويلاپ قالدىم. جىممىدە كۆزۈمنى يۇمدۇم. ئەمدى ئادەمئاتىنى كۆرەلمىدىم. ئىچىمدە مۇنداق ئويلىدىم: ئادەمئاتىمۇ چەكلەنگەن مېۋىگە قول ئۇزاتقان ۋاقتىدا ئاللانىڭ مەرھەمىتى چەكسىز ئىلتىپات سارىيىدىكى شۇنچە ئەركىن، باياشاتلىق ئىچىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە چەكلەشتىنمۇ تۈزۈمنىڭ، ئىنتىزامنىڭ شۇنچىۋالا قاتتىقلىقىنى، بوغۇلۇشنىڭ دەھشەتلىك قىسىش-سىقىشىنى ھېس قىلغان بولغىيمىتتى؟. . .

كۆز ئالدىمدىن خەلقنىڭ تۇرمۇش - تويىنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، ئۆز ھارام نەپسىنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈگرۈپ بېشىدىكى تۈكىنىڭ يېرىمى چۈشۈپ بولغان، خەلق چىن ھۆرمەت، ئىخلاس، تەپ تارتىش بىلەن ئەمەس، ئىچىدە غەزەپ-نەپرەت، قورساق كۆپكى بىلەن ئاچچىقتىن مىڭ-مىڭ ئۆلۈۋاتسىمۇ، تېشىدا كۈلۈپ قول باغلاپ «باشلىق»، «غوجام» دەپ مەجبۇرىي زورۇقۇپ ھېجىيىپ تەۋەززۇ بىلدۈرۈۋاتقان، ۋۇجۇدىدىن بىر ئىلگە باش بولغۇدەك ئەركەكچىلىكنىڭ سىرىق تۈكىمۇ تېپىلمايدىغان ۋىجدان-ۋۇجۇدى ئۆلگەن غۇرۇرسىزلار قاتارىسىغا ئۆتتى. ئەيسابەگ ئۇلارنىڭ رەزگى قىياپىتىگە كۆز ئالايتىپ قويۇپ، ئۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراۋاتقان ئات چاپار ئاۋاتلىقلارنى كۆرگەندەك«. . . يوقال! ھەممىڭ يوقىلىش، ئىمانسىزلار. . . يوقال!. . . سەنلەرگە بەرگەن تۇزنى مۇشۇ تۇپراق يېسۇن، ئىت يېسۇن. . . يوقىلىش!. . . » دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

. . خىزمەتنى ئەل، خەلق ئۈچۈن ئەمەس، باشلىقى ئۈچۈن قىلىپ بېرىپ، ئىگىسىدىن نان تاشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپ ياتقان لالما ئىتتەك بوسۇغىلاردا قويرۇق شىپاڭشىتىپ ماراپ ياتقان، خەلققە پايدىلىق بولالمىدۇ، زىيانلىقمۇ. بىرەر «ھۆكۈما» نىڭ ئەمرىگە ئويغۇن بولسىلا خەلقنى قىشتا يالىڭاچ دەرياغا ھەيدەشكە ئاران تۇرۇۋدىغان، دىلىدىن ئىمانىنىڭ، غۇرۇرىنىڭ، خەلقچىللىقىنىڭ نۇرى ئۆچكەن بەچچىغەرلەرگە ئوخشىمايدىغان ھالدا ھېزىزبەگ ھاجى كۆزىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرۇپ، دولانلارنى يۇرتىدىن كۆچۈرۈش يارلىقىغا قاش كۆتۈرۈپ قارامىلىق بىلەن ئۆستەڭ ئالماقچى بولدى ۋە «كاللامنى دو قويدۇم، خەق دارغا ئاسامدۇ، چالما كېسەك قىلامدۇ، مانا مەن ئەلھۆكمىلىللا دەيمەن» دەپ ھاكىمغا قادىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەغرۇرانە مەردانىلىقىنى ۋە ئۆزىگە قالتىس ئىشىنىدىغان ئەركەكچىلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ھەتتا ئىمانىنىڭ، غۇرۇرىنىڭ قەتئىيلىكىنى قىلىچ بىسىدەك جۇلالىتىپ تۇرۇپ، دولانلاردىن قىز ئالماقچى بولغان ھاكىمغا: «جانابلىرى، بۇخىياللىرىنى تەرك ئەتسىلە، ناۋادا بۇ خىياللىرىنى تەرك قىلماي قالسىلا، مەقسەتلىرىگە يېتىشلىرى بەرھەق، ئەمما، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولماي بىئەجەل كېتىپ قېلىشلىرىمۇ ھەم بەرھەق. بۇ خەلقنىڭ ئالتىشەھەردە يارمىچى، پىچاقچى، بەدەۋى، تەلۋە، ياۋايى، قارام، ھەممىسى يىغىلىپ كېلىپ بالادىن قورقمايدىغان، قوڭغۇز يېگەن ساراڭ دولان دەيدىغان نامى بار. . . » دەپ ئېيتقان سۆزلىرى غۇرۇرسىز زەيپانلەرنىڭ رەزگى خاراكتېرىنىڭ قىلىنى قىرىق يېرىۋېتىدىغان، كىشىنى سۆيۈندۈرۈۋېتىدىغان ئەركەكلىكنىڭ، ئوغۇلبالىلىقنىڭ تېپىلماس ئۆلگىسى ئىدى. خېنيا سايىت ئەرلىكىنى جارى قىلدۇرۇۋدىغان سورۇنىنىڭ نەدىلىكىنى تاپالماي، ئاللانىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغ ئەرلىكىنى ھاراق، تاماكا، زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىق بىلەن خورىتىپ، ئۆزىنىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىمۇ پاسكىنا داشقازانغا ئايلاندۇرۇۋاتقان، ئانىسىنى قورقىتىپ، خوتۇنىدىن تىترەپ جان باقىدىغان، ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، مەردلىك، غۇرۇر، ۋىجدان، ھالال نىيەت بىلەن ئەمەس، ھارامخورلۇق، ئالدامچىلىق، مەككارلىق، سۇخەنچىلىك، قويمىچىلىق، پاسىقلىق بىلەن بۇرنىغىچە قاپلىنىپ تۇرۇپمۇ «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن، ئەركەكمەن» دەپ تەپتارتماستىن مەيدىسىگە مۇشتلاۋېرىدىغان ، يارانقۇچىدىن ئازراق بولسىمۇ ھېيىقىپ، ئۆزىنى قىيامەتنىڭ سوئال-سوراقلىرى ئۈستىگە تاشلاپمۇ باقمايدىغان، «بىرگە بىرنى قوشسا قانچە؟» دەپ سورىسا ئەركەكلەرچە جاۋاب بېرەلمەي، «ئۆزلىرىچە قانچە بولار؟» دەپ خوجايىنىنىڭ ئىغىزىغا لاڭمىلارچە خۇشامەت بىلەن تەلمۈرۈپ پۈكۈلۈپ تۇرۇۋدىغان،

دىلىدىن ئىمان، ئېتىقاد، غۇرۇر، ۋىجدان دېگەنلەرنىڭ زەررىسى تېپىلمايدىغان تالاي-تالاي «ئادەم» لەرگە قاراپ: «مەن ئادەملەردىن ئىتنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرايتتى. ئانارخان ئاجايىپ مەردانىلىق بىلەن ئۆلۈم پەيتلىرىدىمۇ ھايانى، قىزلىق بۈيۈك پەزىلىتىنى يۈرىكىگە ئېلىپ قويۇپ، «نىكاھ پەتىسى ئوقۇلۇڭ» دەيتتى مەردانە ئاۋازدا. . .

«ئۇھ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن تەڭرىم. نامەردلەر دۇنياسىغا ياراتقىچە ياراتمىغان بولساڭ، شۇنچە گۇناھكار بولۇپ دەرد تارتماستىم» . . .

دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئەمەس، نادان قالغان خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ قاراۋاتقان مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ سۇس چېقىنلىرىنى خېنىيا سايىتنىڭ ئەلەملىك پىچىرلاشلىرىدىن ئاڭلاپ يېتەلەيمىز. شۇنداق، پاسىق جاھاننىڭ دەردىنى، بارلىق رەزىللىكنىڭ ئاچچىق كۆلپەتلىرىنى مەردلەر تارتىدۇ. ھىيلىگەر، ساختىپەز، ۋىجدانسىز، نامەرد، زەيپانە، غىلجىڭ، تۇزكور، چوكان مىجەز ئەركەكلەرنىڭ دەردىنىمۇ، ئار-نومۇسنى، ھايانى، ئىپپەتنى، ئاللانىڭ قىز-ئاياللارنىڭ ئېتىقادىنى سىنايدىغان بىردىنبىر ھاياتي جۇلاسى قىزلىقنى ئەرزىمەس ئېھتىياجلارنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىپ يەنىلا غەمتارتماي ئويناپ-كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان «ئانا» لىرىمىزنىڭ، «پەخىرلىك» قىزلىرىمىزنىڭ دەردىنىمۇ ، بارلىق بۇزۇقچىلىق، پاسكىنىچىلىق، ئىپلاسلىقلارنىڭ دەردىنىمۇ جاھاننى كۆزى بىلەن ئەمەس، يۈرىكى بىلەن كۆرۈپ كۆنگەنلەر بىلىدۇ، يەتكىچە تارتىدۇ. ئۇلار دەۋرنىڭ تەرەققىيات خىرىسىنىمۇ، قاششاقلىقنىڭ جانباقتىلارچە تالاشلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر. شۇڭا ھەقىقي ئەركەكلەرنىڭ تۇرقىدىن ھەممىشە ئېغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك بىلەن قوپال تەلۋىلىك ، رەھىمسىزلىك، چەكسىز ئىنسانىي سۆيگۈ ، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن زەھەرخەندە نەپرەت تەڭلا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

«جاھان نامەردلىشىپ كەتتى، ئالەمنى نامەردلەر قولىغا ئېلىۋالدى، شۇڭا مېنىڭ بۇ ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق. . .»

خېنىيا سايىت ئاچچىق ۋارقىرىغىنىچە كېتىپ قالدى بىر «يېگانە ئارال» غا! . . .

ئىچىمدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ، بىزارلىق بىر ئاز بېسىققاندەك بولدى. لېكىن سىرتقا چىقىشتىن قورقىمەن. كىشىلەر ئۆيىدە بېكىنىپ ئولتۇرۇشتىن زېرىكىدۇ، سەيلە-ساياھەتكە ، ئويۇن-تاماشىغا توختىماي قاترايدۇ. ئۇلار مەن ئۇچۇن خۇددى قەپەستەك بېسىم ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇۋدىغان مۇھىتنىمۇ ئۆزگىچە لەززەت تاپالايدىكەن. كىشىنىڭ كۆزقارىشى، ئېستېتىك ئېھتىياجى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر نەرسىدىن بەھرىلىنىشمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئاشۇ ھوزۇرلىنىش، بەھرىلىنىش ۋە ئېستېتىكىنىڭ مەنبەسى بىر ئىدىغۇ؟! پاسىقلىق بىلەن تولغان مۇھىت ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئادەملەردە غۇرۇر، ساپ ئېتىقاد، ئەركەكچىلىك، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت بار دەپ ئېيتالامدىمەن؟ مۇشۇنداق مۇھىتتا بوغۇلماي، قازناقلارغا ئۆزۈمنى بەنت قىلماي تۇرالامدىمەن؟ . . .

مەن تەبىئەتنى ئەمەس، تۆت ئەتراپى مۇزدەك سوغۇق تام بىلەن قورشالغان، كۈندۈزىمۇ ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋالىدىغان ھۇجرامدىن ئەركىنلىك ئىزدەيدىغان بوپقالدىم. ئۆيەردىن ياشلىقىمنىڭ ھارارىتى تەپچىپ تۇرغان ئىسسىق يۈرىكىمنى پايانسىز ئاسمانغا، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۆپىگە سۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئاشۇ تارچۇق ۋەتەندە ئۆزۈمنىڭ بۈيۈك ئادىمىيلىكىمنى يەتكىچە ئىزدىدىم. تەبىئەتتىن، ئادەملەردىن، جەمئىيەتتىن ئەمەس مۇزدەك سوغۇق، گۆردەك قاراڭغۇ قازناقتىن. مەن ئۆز-ئۆزۈمنىڭ مەھبۇسى. مانا بۇ مەھبۇسىمان ئەركىنلىك. . . مانا بۇ زامانىۋى مەدەنىيەت قەسىرىدىكى ئەركەكلەرنىڭ ۋەتىنى! . .

بىز ياشاۋاتقان زېمىن تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىك ناماياندىسى. بىزدە ساپ، چىن، ھەقىقي تەبىئەت بار. تەبىئەت قارىشى يوق. شۇڭا بىزدە ۋەتەن توغرىسىدىكى ئۇقۇممۇ يوقنىڭ ئورنىدا، مۇھەببەت سۇنئىي، ئەرك تۇيغۇسى ئاجىز. . . تەبىئەتنىڭ ئاتا يىلتىزى بولغان ئەركەكلىك تېخىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا.

«يېگانە ئارال» ئاشۇ ئاتا يىلتىزغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى.

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئادەتتە پېرسوناژلىرىنىڭ قىياپىتىنى، خۇلق-مىجەزىنى، يېيىش-كىيىنىش ئادەتلىرىنىمۇ بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا ئامراق. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىن ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سۈپەت ۋاستىلىرى، قۇرۇق سۆز دۆۋىلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بىزدىكى ئەدەبىيات تېخى پېرسوناژلارنىڭ تېرىسى ئۈستىدە توختاپ قالغان. بىر پېرسوناژنىڭ روھىنى، قېنىنى تىرىك پېتى يېزىپ چىقىش بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغا تۈزۈكرەك نېسىپ بولغىنى يوق. تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، كىشىنى سۆيۈندۈرۈۋېتىدىغان، قەغەز دۆۋىسىدە ئەمەس ئارىمىزدىمۇ خاسلىقى بىلەن ياشىيالايدىغان پېرسوناژلارنى ئەدەبىيات ئاسمىنىمىزدىن يۇلتۇز سۈپىتىدە سانايدىغان بولساق، مېنىڭچە، ئون بارماق توشمايدۇ. يازغۇچىلىرىمىز تېخى پىسخىكا، چىنلىق، ئىدراك دېگەنلەرنىمۇ يېزىش ھەققىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ باقسا ، ئىزدىنىپ باقسا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئەختەم ئۆمەر روماندا پېرسوناژلىرىنىڭ تاشقى سۈپىتىنى ئاساسەن نەزەردىن ساقىت قىلغاندەك تۇرىدۇ. بىز مەيلى ئەيسا بەگ بولسۇن ياكى ھېزىزبەگ ھاجى بولسۇن، مەيلى ماموت شەيخ، ھەمزە ئاققاش ياكى خېنىيا سايىت، راخمان قالماق، ئانارخانلار بولسۇن ئۇلارنىڭ سىرتقى-تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇنچىۋالا زورۇقۇپ تونۇشۇپ كەتمەيمىز. ئەمما ھەربىر پېرسوناژ كۆز ئالدىمىزغا چىققان ھامان ئۆز خاسلىقى بىلەن پەيدا بولىدۇ-دە، تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ سىرتقى قىياپىتى، خاراكتېرى، ھەتتا تەن قۇرۇلۇشلىرىدىنمۇ مۇئەييەن دالالەت بېرىدۇ. رومانىنىڭ قىسقا، ئەمما تۇزدەك تېتىملىق بولۇشىغا ھاياتي كۈچ ئاتا قىلغان بۇ ئامىللار، مېنىڭچە، تىلدىن يارىتىلىدىغان مەنزىرە مۇھىتىدىن كەلگەن.

ئەختەم ئۆمەر تىل ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ماھىر يازغۇچى. ئۇنىڭلا ئەمەس پېرسوناژلىرىنىڭ قېنىدىمۇ دولانلارنىڭ قېنى شاۋقۇنلايدۇ، تىلىدىن دولانلارنىڭ زاغرا تىلى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. يۈرىكىدىن دولانلارغا خاس بولغان ئەركەكچىلىك تېپىپ تۇرىدۇ. ئەسەر تىلىدىنمۇ ، مەنزىرە مۇھىتلىرىدىنمۇ بىرخىل

مەردانىلىق، قوپال، ئەمما كىشىنى ئىختىيارسىز «پاھ» دېگۈزۈدىغان سىدام ئەمما ئاجايىپ يېقىملىق. ئەركەك تىل سەنئىتى چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن، تەسۋىرلىگەن مەنزىرە مۇھىتلىرىمۇ ئەسەرگە مۇنداقلا سىغدىلىپ قالغان تەسۋىر بولماستىن، پېرسوناژلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجى، ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن جان-قاندەك بىرىكىپ كەتكەن تىرىك ۋاستىسىگە ئايلانغان. بىز روماندىكى توقايلىقنىڭ كۆيۈشىدىن يۇرتتىكى ئۇلۇغ روھنىڭ كۆيۈشىنىڭ ئاچچىق پۇرىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بىلىدىن قىلىچلاپ تاشلانسىمۇ رۇس ئەسكىرىنىڭ خىرىنكىدىن چىشلەپ جان بەرگەن ئاق چۇپۇرلۇق تايغاندىن يېگىلمەس، تىز پۈكمەس بىر روھىي كۈچىنىڭ ئىپتىدائىي شولىسىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. قاتتىق سوغۇق بولغان كۈنى كالىنىڭ پايخان سۆڭىكىنى ئامالسىز غاجىلاپ ياتقان قارا ئىت بىلەن، دەل شۇ ۋاقىتتا ماموت شەيخنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن ھەمزىنىڭ شەيخنىڭ ئايالى قىمبەرنىسا خېنىم بىلەن چىشلىشىپ قېلىشلىرى ئارىسىدىكى سىرلىق ئىشارە بىزنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ. بىر توپ ئاق بويۇن ئۆردەكنىڭ كۆن پاتاردىن ھارغىن سوزۇلۇپ ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپلا: «ھىم. كاساپەت. . . بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. . . » دەپ ئۇلگۇرگەن خېنىيا سايىتنىڭ دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىكى، تۆرەك چەكەدىنىڭ بوۋا قاپاق چۇشۇشىنى ئامەت دەپ ھېسابلاشلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ ۋە ئاپتورنىڭ مەنزىرىدىن خاراكتېرگە ئۆلاش، ئەپسانىدىن چىنلىققا يەتكۈزۈش ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتقۇزۇۋېتىدۇ.

«ھاي-ھاي تۆرەك چەكەدى، تاڭ ئاتقىلى نەۋاق، چۇشكىچە كۆرۈك توخۇدەك ئۇخلاۋېرەمسەن؟ مۇسۇلمانغا سەھەرنىڭ ئۇيقۇسى ھارام.

– ئاناڭنىڭ قېشىدا چۇشكىچە ئۇخلامدۇ، خوتۇنتالاق كىسپۇرۇش.

– ناشتىدا ئېغىزىڭنى بۇزما، قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان پوق ساقال.

– ئەمدى كۆزۈم ئېلىنىشقان. نەس بېسىپتىكەن بۇگۈن. ئىتتىنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەنلەر. . . » .

بۇ دېئالوگلارنى ئوقۇغان ئادەم ئوغايلا بۇيەردىكى يېقىنچىلىقنى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، تەققى-تۇرقى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. «ئىسسىق يەر بىتىگە تېپىشى بىلەنلا قومۇشنىڭ ئىنچىكە سۈيىسى[1] تۇپراقنى يېرىپ چىقىپ، بىگىز ئۇچىدەك ئۆتكۈر بېشى يۇمران تۇكچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ پارقىرايدۇ. بۇجۇق توپىلىق يەر، چەش قۇملۇقلار، بەزىدەك قاتتىق ئاق پوستەك يەرلەر، شەلۋەرەپ تۇرغان سازلىقلار، تېرىلغۇيەرلەر، باغلاردا، دۆڭلەردە ساناقسىز يۇمران مايسىلار باش كۆتۈرىدۇ. قىشچە جىگدە ئۇرۇقى شۇمۇپ كامار دا قىشلىق ئۇيقۇسىنى قېنىپ ئۇخلىغان ھۆپۈپ، ئالا بالداقلار قاناتلىرىنى كېرىپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئۇچۇپ سايرايدۇ. ئەنجان پاختىكىمۇ پېشايۋانغا قونۇۋېلىپ〈خوتۇنىدىن قورقىدۇ〉دەپ سايراپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان ئەر-خوتۇنلارنى كۈلدۈرۈپ يەملەشتۈرۈۋېتىدۇ. قىز-جۇۋانلارنىڭ كۆڭۈل بوغۇچلىرىنى يېشىپ، مەشرەپكە بارمىسا تاڭ ئاتقۇزالماس قىلىپ قويىدۇ. باللار بېدىلىكلەرگە قارا قاغىدەك يامراپ، يەرگە سالجىدەك چاپلىشىپ تۇرۇپ تېرىپ كەلگەن بىدە كۆكلىرىدە ئانىسىنىڭ چۆچۈرە، مونەك، ساما تۈگۈپ بېرىشىنى كۈتۈشىدۇ. يەرلەر ئۇرۇق چۈشسىلا تۇتال[2] بولمەن دەپ تازا ئېسىلىپ كۆلۈپ تۇرىدۇ».

مانا بۇ «يېگانە ئارال» روماندىكى ۋايىغا يەتكەن تىل سەنئىتى! بولۇپمۇ خېنىيا سايىتنىڭ چېدىرغا كىرە-كىرمەيلا پۇتىدىكى ئۆتۈكنى سىلىپ تاشلاپ «ئەجەب قاملاشمىدىم بۇ ئۆتۈك بىلەن. قېنى مېنىڭ چورۇقۇم» دەپ قايناشلىرى كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتتەك ئۇيۇپ قېتىپ قالىدۇ. «خېنىيا سايىت قېرى تورپاقتەك ئىنجىقلاپ-قاقشاپ ئىشتاننى بىر ئاش پىشىمدا ئاران سالدى» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغان ئادەم يازغۇچىنىڭ ئاجايىپ سۆيۈملۈك تىل سەنئىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ. ئانارخاننىڭ «نىكاھ پەتىسى ئوقۇڭ» دېگەن مەردانە نىداسىنى ئاڭلىغان ئادەم قىزنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردىكى ھايالىق ئەركەكزەدەلىكىگە ئاپىرىن ئېيتمۇۋەتسە. خېنىيا سايىتنىڭ «يۈرىكى ئۆپكىسى بىلەن پولاتلاپ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك تىنالماي ھاسىراپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەن» ھالىتىگە قاراپ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىزلا تىترەپ كېتىدۇ، ئارقىدىنلا مىيىقىدا كۈلۈمسىرەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۈچ پۇتلۇق تايغاننىڭ ئۇلارغا نان توشۇپ، ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بەرگەندىكى تەسۋىرلىرىنى ئوقۇغاندا بولسا، ئىنسان بىلەن ھايۋان، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتلىك ئۇلۇغ بىرىكىشنىڭ سەنئەتلىك جۇلاسىدىن مەست بولۇپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالىدۇ. . .

ئاپتور روماندا ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن تىل سەنئىتىنى ئۇستىلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەسەرنى گاھ تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرسە، گاھ سۆيگۈ-مۇھەببەت تەپچىرەپ تۇرغان لىرىك كۈينىڭ ئەڭ ھاياجانلىق، كىشىنى مەست قىلىدىغان بوشلۇقىغا كۆتۈرىدۇ. بىر پۈتۈن غوۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تارىخىي پاجىئە، تارىخىي تەكرارلانما پالاكەتلەر، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ھايۋانىيلىقى ئەكس ئەتكەن ئەركەكلىكنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىي ئالدىكى قىممىتى يوشۇرۇن شەرھلەنگەن ئالاھىدە تەپسىلات، ۋەقەلەر ۋە قويۇق خاسلىققا ئىگە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ماھىرلىق بىلەن قېزىلىشى ئارقىلىق خىلمۇخىل جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان. ۋەھالەنكى، بۇ جانلىقلىق كىشىلەرگە خېنىيا سايىت، ئەيسابەگ، ھېيزبەگ ھاجىلار ئارقىلىق روياپقا چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا بىز بۇ نۇقتىدا روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژ بىلەن قوشۇمچە پېرسوناژلارنى بەزىدە ئايرىتالماي قالىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، روماندا پېرسوناژلار تەخسىملەنگەن رول ئېلىش ۋەزىپىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى تولۇق ھوقۇقلۇق پائالىيەتچى، يەنى روماندا ئۆزىگە خاس ئورنى، قىممىتى، ھوقۇقى، ئەركى، خاسلىقى بار ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان-دە، ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاساس ئۈچۈن قوشۇمچە يارىتىش، قوشۇمچىنى ئاساسقا قول قىلىپ بېرىش ئەندىزىسىنىڭ قات-قېتىنى بوسۇپ تاشلىغان. مۇستەقىللىق ئاساسىدىكى باغلىنىش ئەسەرنىڭ جېنى بوپقالغان.

---

[1] سۈيا – قومۇشنىڭ يېڭى چىققان مايسىسى
[2] تۇتال – يېڭى چىققان تۆرەلمە

* * *

خېنيا سايىت توقايغا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ يېگانە ئارىلىغا كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشى روبىنزون كروزوچە كېتىشكە ئوخشىمايدۇ. روبىنزون كروزو دېڭىزدىكى ئۇ ئارالغا تاسادىپىي ھادىسە بىلەن يولۇقتى ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى بۇرۇقتۇرملۇق ئىچىدىكى چۈشكۈن تۇرمۇشىنى يەنە شۇ ئارالنىڭ گۈزەل جەننىتىدە يۇيۇپ تاشلىماقچى بولدى. ۋەھالەنكى، خېنيا سايىت تاسادىپىي كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئىختىيارلىقى بىلەن كىرگەن ۋە تەكلىماكاننىڭ غايەت زور مېھىر پېچىدا جۇلالىنىپ تۇرغان يېگانە ئارال - توقايلىقتا، تەبىئەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسان، ئادىمىيلىك، ھايات ھەققىدىكى تەلقىنلىرىنى تاۋلاپ چىققان، تەبىئەتنىڭ تەكلىماكاندىن ئىبارەت ئالتۇن سوۋغىسىنىڭ غەرەزسىز شامىلى، قەھرلىك بوران-چاپقۇنى، ئەپسانىگە باي پەيلىتىشلىرى، ئىزبىقتۇرۇشلىرى، شۇنداقلا رەھىمسىز خىرىسلىرىدا تاۋلىغان، ئەركەك سۆيىدە سۇغۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن روبىنزونچە چۈشكۈن، يىغلاڭغۇلۇق، ئاجىز، سۆيۈق ئېتىقاد ئەمەس. ئالماستەك قەتئىي، كەسكىن، قوپال، قارام، تەۋرەنمەس ئەقىدە-ئېتىقاد ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

خېنيا سايىت دونكىخوتقىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ جىسمىدىن بىز سۆيگۈ ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئىسيانكار شائىرىمىز مەشرەپنىڭ ئۇلۇغۋار نۇرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز، شۇنداقلا ئەنئەنە ئۇلۇغلۇقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

خېنيا سايىت پۈتكۈل ۋۇجۇدى تامامەن سۆيگۈ بىلەن تولۇپ تاشقان پېرسوناژ. خېنيا سايىت ۋارقىرىغاندا ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك قاپلىغان ئاۋازى زېمىننى سەيياردەك ئايلىنىپ، يەنە ئۆز ئوربىتىسىغا شەربەت بولۇپ تامىدۇ. ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە ھۆركىرىشى، قوپاللارچە ھەربىر سىلكىشلىرى شەكلى ئۆزگەرگەن سۆيۈش، ئۇدارى ئۆزگەرگەن كۈي. باشقىلار سۆيگەندە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ لەززەتلەنگەن بولسا، ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ سۆيىدۇ. شۇنچە يەردىن ھېرىپ-ئېچىپ ئۆلەر ھالەتتە كەلگەن مامۇت شەيخكە ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئىگەر، خورجۇن، يۈگەننىمۇ يۇدكۈزۈپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكىنى نامايان قىلغاندا؛ مامۇت شەيخ پەتىگە قول كۆتۈرگىلى قوپقاندا پەرۋاسىزلىق بىلەن كىرىپ كېتىپ مامۇت شەيخنىڭ شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ چىن ھۆرمەتتىن ياتلاشقان قۇرۇق رەسمىيەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەندە؛ «جاھان نامەردلىشىپ كەتتى، ئالەمنى نامەردلەر قولىغا ئېلىۋالدى، شۇڭا مېنىڭ بۇ ئادەملەرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق...» دەپ تەلۋىلەرچە ھۆركىرىگەندە؛ رۇس ئايروپىلانلىرى توقاينى پارتلىتىپ، ئوت قويۇۋەتكەندە يۈرىكىنى ئاشۇ ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈۋاتقان بارلىق بىچارىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە ئۆزىتىپ تۇرۇپ: «ئۇلۇغ ئاللا، ئالدىڭدا نېمە كۇپۇرلۇقلار ئۆتتى؟ نېمە كەلگۈلۈك بۇ؟ توقاي بىلەن ھەممە نېمەمدىن ئايرىۋېتەمسەن؟ توقاينى مەندىن ئايرىغاندا جېنىمنى تېنىمدىن ئايرىشنى ئۇنتۇمىغايسەن؟» دەپ ئايانچلىق ئىڭرىغاندا ۋە رۇسلارنىڭ ئاڭلاش-ئاڭلىماسلىقى بىلەن كارى يوق ھالدا: «بۇ جاھانغا بالا تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان سېسىق ئورۇسلار، تەكلىماكاندىكى بۇ توغراقلىق، بۇ جاڭگال ئاناڭنى بىرنېمە قىلغانمۇ؟» دەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ كەتكەندە؛ غازاتچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن توقايلىقنىڭ كۆيۈشى، يۇرتنىڭ ئاسىي-مۇناپىقلارنىڭ قولىدا ياتلارنىڭ چەيلەپ-يەنچىشىگە قالغىنىغا خورسىنىپ قاراپ قويۇپ، كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك، يېتىپ كېلىۋاتقان خەۋپنى قىزغىن كۈتۈۋېلىۋاتقاندەك نەشىسىنى دۆڭ تارتقىنىچە خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندە؛ ئۆلگۈدەك قىيىنىلغان، ئاسماققا ئاسقان، ھەتتا زەكىرىدىن قىزىتىلغان سىم ماڭدۇرۇلغاندىمۇ خەلقىنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئامانەت ئۈچۈن ئۆلۈمنى بۇرنىغا ئېلىپ قويۇپ بەرداشلىق بەرگەندە؛ جاننى جاق قاقشاتقان پەيتلەردىمۇ ئانارخاننىڭ ئۆزىنى دەپ ئىشتانىغا ئېسىلىشىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ: «بىز ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان. ھەرقانداق بالايىبەتتەر ئاستىدا قالغاندىمۇ بىز مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئەستىن چىقىرىۋەتسەك ئىمانىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىمىز» دەپ ئىمانىنىڭ، پاكىز ئېتىقادىنىڭ، شەرم-ھايانىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتكەندە ۋە شۇنداق ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئويغانغان سۆيگۈ غەلياننىڭ تۈرتكىسىدە قىزنىڭ دېگىنى بويىچە ياۋاشلىق بىلەن نىكاھ پەتىسى ئوقۇغاندا، «ماڭا قارا شەيخ، مەن ئادەملەردىن ئىتنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئىت بىلەن بىللە ياشاۋاتىمەن، ئىت نامەرد، ۋاپاسىز ئەمەس...» دەپ ساختىلىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلىك تۇرمۇش ۋە زەيپانلىشىپ كېتىۋاتقان ئەركەكلىكنى ئىت ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتكەندە؛ مامۇت شەيخنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىگە «ئاغزىڭغا پوق شۇم ئېغىز مەخلۇق، ماڭا خاسىيەتلىك جۇمە، ھېيت كۈنىدىكى ئۆلۈمنىڭ پاتراق كېلىشىنى تىلە» دەپ ئاچچىق چىرقىراۋاتقاندا؛ «ئۇيقۇم قىستاۋاتىدۇ» دەپ ھېزىبەگ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ تۇتقىنىغىمۇ قارىماي ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانلىقىنى تاپالايدىغان، دەخلىسىز ئاراملىق، چىن - سەممىي سۆيگۈ تاپالايدىغان توقىيغا ئات سېلىپ يۈرۈپ كەتكەندە؛ مامۇت شەيخ ئاۋاتلىقلارنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش پىكرىنى ئېيتقاندا، «مىدە كوي گەپ، نېمىدېگەن پەسكەشلىك، نامەردلىكنىڭ ئەڭ رەزگىسى. ئاتنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇ خۇدانىڭ ھايۋاناتلار ئارىسىدىكى ئەزىزى... ئۇ تۇلپار، ئۇچقۇر، ئاتلارنىڭ سەرخىلى بولغاچقىلا ئۆلتۈرەمدۇق؟ ھەيي، بىز ئادەملەر ھەممە ۋەھشىي يىرتقۇچلاردىنمۇ ۋەھشىي مەخلۇقمىز. كۆرەلمەسلىك-ئورۇق - نەسلىمىزنىڭ جېنى» دەپ ئاچچىقلاپ، خورسىنىپ، پۇشقىنىپ، نامەردلىكنى تىللاۋاتقاندا ۋە نامەردلىكنى قىلىپ تۇرۇپمۇ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكنى نامايىش قىلىۋاتقاندا؛ ئاتقا «نامەردلىكىمنى ئەپۇ قىلارسەن» دەپ ئىچ ئاغرىتىش، ھەسرەت بىلەن يېلىنىۋاتقاندا؛ «ئۇھ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن تەڭرىم، نامەردلەر دۇنياسىغا يارانقىچە ياراتمىغان بولساڭ، شۇنچە گۇناھكار بولۇپ دەرد تارتماستىم» دەپ ئەلەملىك پىچىرلىغىنىچە ئاللاغا بولغان چىن ئېتىقادتا ئېزىلىپ يىغلاۋاتقاندا... خېنيا سايىتنىڭ ساددا، غەرەزسىز، ساپ سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تولغان ئادىمىيلىكى، ئۇلۇغلۇقى، ھەقىقىي مەردۇ-مەردانە خاراكتېرى، كەم تېپىلىدىغان ئەركەكچىلىكى پەۋقۇلئاددە يۈكسەكلىكتە نامايان بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ قوپاللارچە ھەر بىر سىلكىشىدىن چىن ئىنسانلىقنى،

باراۋەرلىككە، ھەققانىيەتكە، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىنىڭ، سېغىنىشىنىڭ يارقىن نۇرلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. قىنىمىزغا ئىسسىق بىر رىتىمنىڭ قوشۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ قوپال، تەلۋە خاراكتېرى ھېچقانداق قائىدە ـ ئەھكام، ئادەت، پەتىۋا تەلەپ قىلمايدىغان ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ چىنلىق بىلەن ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، خېنىيا سايىت مۇشۇ خىل توسقۇنسىز، تەبىئىي ئاشكارىلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە روشەنلىشىدۇ. ئۇ، تەبىئەتنى جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر خىل مەۋجۇداتنى خۇسۇسىي مەنپەئەت، ئېھتىياجىنىڭ قولىغا ئايلانغان قارنى بىلەن ئەمەس، ئاللا بەرگەن كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇ، ئادەملەرنىڭ ھوقۇق، نوپۇز، شۆھرەت، قورساقنىڭ قولىغا ئايلىنىپ ماڭقۇرتلارچە جان تالىشىۋاتقانلىرىغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ. چوكانچە ئاجىزلىقىغا ئۆچ. ئۇ، زەنجىرلەرگە قامىلىپ قېلىشنى، ئەركىنلىكنىڭ بوغۇلۇشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھەتتا ئۆتۈكىنىمۇ پىرقىرىتىپ تاشلاپ چورۇقىنى كىيىۋالىدۇ. يۇرتتا، ئېسىل تۆشەكلەردە، ئايۋان-سارايلاردا ئەمەس، توقايدىكى بىپايان ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان داق يەردە يۇلتۇزلارنىڭ سېھىرلىك پىچىرلىشىنى، زېمىننىڭ ئېغىر تىنىقىنى تىڭشاپ ياتىدۇ. ماموت شەيخنىڭ پەتىگە قول كۆتۈرگىنىنى كۆرسىمۇ مەشرەپنىڭ «ئىبراھىمدىن قالغان ئۇل ئەسكى دۇكاننى نەقىلاي» دەپ سۆزلەۋەرگىنىدەك پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىدۇ. زېمىندا پاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتسىمۇ نەشىسىگە خىرامان ئوت يېقىۋېرىدۇ. باشقىلار ئەندىشىدە تىك ئولتۇرسا، ئۇ «خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت» دەپ ئۇخلىغىلى ماڭىدىغانلاردىن. ئۇنىڭ يۇرتتا ئىككى خوتۇنى، ئۈچ بالىسى بار. لېكىن ئۇ ئۆزى بىلەن تۆت ئايلا بىرگە بولغان ئانارخاننىڭ پىراقىنى مەڭگۈ تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئېيىقنىڭ بەدىنىدەك كۆرۈمسىز تېنىنىڭ مەركىزىدە ئانارخاننىڭ ئەركەكلەرچە كەسكىن، قورقماس، قايتماس خاراكتېرى بىلەن، قىز-ئايالLىق شەرم-ھايانىڭ، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ يارقىن نۇرىدىن يۇغۇرۇلغان مەنىۋى ھەيكىلى قوپۇرۇلىدۇ. ئۇ ئاشۇ چىن ئېتىقادقا ساداقەتمەن قىزنىڭ مەنىۋى ھەيكىلىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەبۇدىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ.

. .

خېنىيا سايىتنىڭ سىرىق تۈكىدىنمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، رامكىغا چۈشمەيدىغان ئەركەكچىلىك پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم بىلەن ئەمەس ئىت بىلەن ياشايدۇ. يەتمىش تايغىنى ئۇنىڭ مۇڭدىشى، دوستى، ۋاپادارى، قوي-كالا پادىلىرى سادىق ھەمراھلىرى. بىپايان قۇملۇق، توقايلىق، چىرايلىق جاڭگال، پايانسىز ئاسمان. . . ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋەتىنى. . .

خېنىيا سايىتتىكى تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن مىجەز-خۇلق ئۇنى تولىمۇ سۆيۈملۈك، تىرىك پېرسوناژغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئاپتور ئەسەرگە باھا بېرىش ياكى شەخسلەرنى تىپقا، تۈرگە بۆلىدىغان، ئىنسان تەبىئىيتىگە يات مەدەنىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانماستىن، ئۇلارنى ئەركىنگە كەڭ قويۇۋەتكەنلىكتىن، روماندىكى، بىر قىز ئۈچۈن ئۆرە-تۆپە بولۇشلارمۇ ئادەمگە قىلچە ساختىلىق ياكى سۈنئىيلىك تەسىرى بەرمەيدۇ. ئەختەم ئۆمەر ھەربىر پېرسوناژنى سۈرەتلەۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئولتۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىدۇ-دە، پېرسوناژلىرىنى ئوقۇشقىلا كۆرۈشكىلا بولىدىغان ئۆلۈك، جانسىز، يازغۇچىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان فورمۇلىسىمان بۇيرۇقلىرىنىلا قوبۇل قىلىدىغان مېخانىك ئادەملەرگە ئەمەس، سۆزلەشكىلى، بىرگە ياشىغىلى بولىدىغان، ئۇستىخىنى، قېنى، ھېسسىياتى بار ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئىدىيەبەگنىڭ ئات چاپارلىقلار ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرى بىزنى ئىدىيەبەگنىڭ ھەقلىق مەيدانىغا ئۆتۈشكە مەجبۇرلايدۇ. ئات چاپارلىقلارنىڭ مەيدانىمۇ بىزنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. گۈلھېيزەمنىڭ ئېرىنى، ئىككى ياشلىق ئوغلىنى تاشلاپ ئىدىيەبەگنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا مىنگىنىچە قېچىپ كېلىشى بىزدە ئۇنىڭغا كۈچلۈك نەپرەت ئويغاتسا، ھېسسىيات ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشىدۇ. بۇ خىل ئۆز-ئارا توقۇنۇشقان ھېسسىي كۈچ تۈرتكىسىدە بىزمۇ ئەسلىدىكى، بۇرۇنقى پېرسوناژ باھالاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن ئەسەر ئوقۇش ئۇسۇلىمىزدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر بولىمىز-دە، بىزمۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدە، ھەربىر پېرسوناژنىڭ يۈرىكىدە ياشاشقا باشلايمىز. ئەقلىمىز قەمبەرنىسا خېنىم بىلەن ھەمزە ئاقاشنىڭ كۆپرانە قىلمىشىغا لەنەت ئوقۇسا، ھېسسىيات ئۇنى شەرەتلەيدۇ. ئەقىل «بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىش كېتەمدۇ، قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالسىلا بولىدىغان ئىشقىمۇ. . .» دېگەندەك ھېسسىي تۈيغۇنى كۆتۈرۈپ قوپسا، ھېسسىيات ئۇنى بوغۇپ تاشلايدۇ. ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ قىلمىۋاتقانلىرىنى تامامەن يوللۇقتەك، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك تۈيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بىزنى ماموت شەيختەك زۆھرە خېنىمنىڭ كۆڭلىكىنى سەللە قىلىپ ئوراپ يېتىشقىمۇ كۆندۈرۈۋېتىدۇ. خېنىيا سايىتتىكى پەلسەپىۋى ھايات تەلقىنلىرى ئۇنى كۆز ئالدىمىزدا بىر بۈيۈك ئەللامە سۈپىتىدە زاھىر قىلسا، ئۇنىڭ ئاشىق ئۈچۈن نامەردلىكنى تىللاپ تۇرۇپمۇ نامەردلىككە ھەمتاۋاق بولۇشلىرى ئۇنى ئەرشتىكى كۇرسىدىن تارتىپ چۈشۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، خېنىيا سايىتتىكى ئۇلۇغلۇق بۇنىڭ بىلەن كېمەيمەيدۇ، ئوبرازىغىمۇ نۇقسان يەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەركەكلەرگە خاس ياۋا خاراكتېرى تېخىمۇ يارقىنلىشىدۇ.

ئەسەردىكى ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، تۈيغۇ بىلەن چىنلىق، ئۇلۇغلۇق بىلەن ئاددىيلىق، مۇھەببەتتىكى گۈزەللىك بىلەن ھايۋانىيلىقلار بىر-بىرى بىلەن شۇقەدەر كىرىشىپ كەتكەنكى، بۇ خىل كىرىشىشنىڭ بىر-بىرىنى قارماپ تۇرغان كۆرۈنمەس تورلىرى ئىختىيارسىز بىزنىمۇ تارتىپ ئەكىرىپ كېتىدۇ. بىزمۇ خېنىيا سايىتتەك سەپرالىق بىلەن بارلىق ئادەملەرنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ تاشلايمىز. گاھىدا تېخى راخمان قالماقتەك «مەن ھازىر ئوغرىلىقنى يوقسۇزلۇقتىن ئەمەس، كۆنۈپ قالغانلىقتىن قىلىۋاتىمەن. . . بۇنىڭدىن كېيىن چىدىيالمىسام يەنە ئوغرىلايمەن. جىق ئالماي، ئازراق ئېلىپ خۇمارىمنى بېسىۋالاي» دەپمۇ سالىمىز. . . ئانارخاندىكى شەرم-ھايا بىلەن قەمبەرنىسا خېنىمدىكى شەيتانلىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە بولسا «يائاللا» دەۋەتمەي، يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا شۇنچىۋالا ئۆزگىچىلىكى، چىنلىقى بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي قالمايمىز. . .

ئاپتور ئەسىرىدە بىر خىل مەردانە - جۇشقۇن

www.uyghurkitap.com

ئېقىمنى باشتىن ئاخىر كۈچلۈك شاۋقۇنلىتىپ ئەكېلىپ، خاتىمىسىدە ئۇدارىنى بىراقلا مىڭ گەز چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ماموت شەيخنىڭ ۋەيرانە ھالىتى بەلكى ئوقۇرمەنلەرنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ھالقا بولسا كېرەك. لېكىن، سىنچى كۆز بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ ئەسەرنىڭ ھاۋاسىنى بىراقلا تۆۋەنلىتىۋېتىشىدە ئاجايىپ كۈچلۈك ھەسرەتنىڭ ، ئېچىنىشنىڭ سۈس ئىزناسى چاقناپ ياتىدۇ. ھەمزىنىڭ خېنيا سايىت سىياقىدا پەيدا بولۇشى بۇخىل ئېچىنىشنى ئەڭ ئاخىرقى دەردلىك شاۋقۇنغا يەتكۈزىدۇ. ئەسەرنىڭ تراگېدىك تەۋرىنىشى تەسۋىرلەپ بولغۇسىز چېكىگە چىقىپ كېتىدۇ. خېنيا سايىتنىڭ قوپاللىقلىرىدا سىلكىشلىنىپ كەلگەن ھەقىقەت ئەڭ ئاخىرقى پېشىمدا تېپىشماقتەك سىلكىنىپ توختاپ قالىدۇ. ئەركەكچىلىكنىڭ تۈگەپ، ئاجىزلاپ، نامەردلىكنىڭ يامراپ كېتىشى ئەركەكلەرنى چۆللەرگە، جاڭگاللارغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇلار ئادىمىزاتتىن يىراق يەردە تۇرۇپ چىن ئادىمىيلىكنى مۇتالىئە قىلىدۇ، ئەركەكچىلىكنى ئۇلۇغلايدۇ. «بۇرۇن سېنىڭ . . . ئىدى. ھازىر مېنىڭ . . . »

خېنيا سايىتنىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتقان ھەمزىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئېغىر مىللىي پاجىئەنىڭ تۈگۈنچىسى خۇلاسىسى چۇلالاپ تۇرىدۇ. شەيخ يەنىلا تېشكى چاپان ئىچىدە سامسا، گۆشكىردە ساقلاپ يېپ قورسىقىنى توقلاپ ئۆتۈۋېرەرمۇ؟ ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى، دەۋرداشلىرىمۇ ئەركەكلىكىنى، ئەركەكلەرنى يىراق جاڭگاللاردىن ئىزدىشەرمۇ؟ . . .

تەگسىز سوئاللار ئادەمنى قىينايدۇ. قىينىلىش ھېچ گەپ ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى مىللىي پاجىئەنىڭ تەكرار-تەكرار داۋاملىشىشى. بۇلارنى ئەركەكلىكنى، ئەركەك ئەركىنلىك ۋە ئادىمىيلىكنى قاراڭغۇ قازناقلاردىن، تار سولاقلاردىن تېپىۋاتقان-لارلا ئەمەس، نەپسىگە قۇل بوپقالمىغانلا بولسا، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

خېنيا سايىت ئۆزىنىڭ يىگانە ئارىلىدىلا، ئىتلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ يېتىم ئارىلىدىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىدىمۇ ياشىشى كېرەك.

2001-يىل 15-ئاپرېل، قاراقاش - ياۋا

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

# ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى «يىگانە ئارال»

## - ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمىدە يارالغان «يىگانە ئارال»غا ساياھەت

ئەجدادلار قالدۇرغان ئەخلاقنى بويلاپ مېڭىڭلار. ئەجدادلار ئىرادىسى سىلەرنى ئېلىپ ماڭمىسا قانداقمۇ يۈكسەلەلەيسىلەر؟
- نىتزىي (گېرمانىيە)

يەيدىغان زەھەربار، يېمەيدىغان ھەسەل بار
- ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## سۇلايمان قەييۇم

دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىي تامانىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى رايونىمىزنىڭ نەق يېرىمىنى تەشكىل ئېتىدىغان ، ئەسىرلەر مابەينىدە مىللىتىمىزدىكى قاراملىق، ياۋايىلىق، سەزگۈرلۈك، مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق كەبىي خىسلەتلەرنى ئاپىرىدە قىلغان تەكلىماكان قۇملۇقى غايەت زور ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئۆز قوينىدا پىنھان تۇتۇپ كەلدى ھەم تالاي سىرلىق تارىخلار، تارىخ ياراتقان باتۇر ئەزىمەتلەر ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن تازا كېرەك بولۇۋاتقان قانچىلىغان ئېسىل خىسلەت-ئادەت، ئۇدۇملار تەكلىماكاننىڭ توختاۋسىز ھۇشقىتىپ، ھون ئاتلىرىغا ئوخشاش تىنىمسىز تېپچەكلەپ زادىلا تىنچ تۇرمايدىغان بەڭۋاش قۇملىرىغا سىڭىپ كەتتى. ئاللىقاچان سېھىرلىك رىۋايەتكە ئايلانغان تەكلىماكان قوينىدا يەنە يېڭىدىن يېڭى زامانىۋى رىۋايەتلەر خۇددى توغراقلا ئوخشاش ئۈنۈپ، ئاۋۇپ روھىيىتىمىزنىڭ تەگسىز بوشلۇقلىرىدا شاخلاپ، مېۋىلەشكە باشلىدى. مۇنداق مېۋىلەرنىڭ بەزىسى شۇنچىلىك چىرايلىق، كۆزنىڭ يېغىنى يەپ تۇرسىمۇ ئەپسۇسكى ئۇنى يېيىشكە بولمايتتى.

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە بارغانسېرى ئىچ مىجەز، غەمكىن بوۋايغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ بىر ھۆجەيرىسى بولمىش مەندىمۇ ئىچ مايىل مىجەز خېلى ئوبدانلا يىلتىزلاپ قالغانىدى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن «يۇسۇپ ھۇسەيىن» دېگەن ماقالىسىدا «ياشلىقىنىڭ شۇنداق بىر پەرىشان چاغلىرى بولىدۇ. ئارزۇلىرىڭ جاھانغا پاتمايدۇ. باشقىلار سېنى چۈشەنمەيدۇ. كىشىلەردىن ئاسانلا قېيداپ قالىسەن. بولۇپمۇ دەۋرنىڭ ھەسرىتىنى ھۆددىگە ئالغان بىر شائىر پۈتكۈل كائىناتنىڭ پۇقراسى سۈپىتىدە شورپىشانىلەرگە ئورتاق تىل بىلەن خۇداغا پىچىرلايدىغان بوپكەتكەندە، ئۇنىڭ ئاشقانە يۈرىكىنى چۈشىنىدىغان نەبىرقىز، نەبىر يولداش تېپىلمايدۇ . . شۇندىلا قەلبىڭدىكى مۇتالىئەگە شېرىك بولالايدىغان ئارىپلارنى ئىزدىگۈڭ كېلىدۇ» دەپ يازىدۇ. نەق ئەنە شۇنداق پەرىشانلىق دەقىقىلەردە ئۇيغۇرۇمنىڭ تەگسىز، پىنھانە روھىيەت دېڭىزىدا ئۆزەمنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن دەتالاشلارنى ئاپىرىدە قىلغان، ئۆزۈندىن بېرى ئۆزگىچە تەملىك ئەسەرلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە شەيدا قىلغان سەپرامىجەز يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمىدە ئاپىرىدە بولغان «يىگانە ئارال»غا چىقىپ قالدىم. بۇئارالدا قانغۇچە سەير ئەتتىم. خۇددى روبىنزون كروزودەك ئارالنىڭ پۈتكۈل سەتھىنى قانچە مەرتەم تەنھا كەزدىم. ئىچ-ئىچىمدىن دۇنيا-دۇنيا ھاياجان تېشىپ چىقماقتا ئىدى. تۇرۇپلا خىياللىرىم غەزەپلىك ئۆركەشلەپ، قانلىرىم دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئادەم بولۇپ تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا ھاياتىنى

مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بولۇشىغا رىياكارلىق بىلەن ياشاۋاتقان ساناقسىز ماڭقۇرتلارمۇ مۇشۇ ئارالغا چىقىپ سەيلى قىلىپ باقسا قانداق بولاركىن، دېگەن خىيال كەچتى.

خىيالىمغا كېمە سىلىپ «يېگانە ئارال» غا قەدەم باستىم. ئارالنىڭ هاۋاسى شۇنچىلىك ساپ، جانغا هۇزۇر، هەر ئۇچۇم توپىسى شۇنچىلىك يېقىشلىق. ناگان-ناگاندا بىر نېسىپ بولۇدىغان بۇ كۆڭۈللۈك ساياهەت بەئەينى چاربازارچىنىڭ يايمىسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن قاقشاپ كەتكەن نېرۋىلىرىمنى تىنچلاندۇرۇپ، جېنىمغا ئاجايىپ بىر شېرىن سۆيۈنۈش ئاتا قىلدى.

ئەدەبىيات دېگەن شۇقەدەر ئۇلۇغ نەرە تارتىشكى، سەن قەلەمكەش بولساڭ، سەن هەربىر تۇۋلىغاندا مىللەت ۋۇجۇدىدىكى تەگسىز ۋە قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر زىلزىلىگە كېلىپ، ھەقىقەت ۋە ئىزگۈلۈك قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى چېچىلىشى، قاراڭغۇ ئورماندا تەمتىرەپ كېتىۋاتقان بىر توپ تائىپە سەن تۇتقان ئوتقاشنىڭ نۇرىدا ئۆز نىشانىنى تاپالىشى كېرەك. ئەدەبىيات نوقۇللا روهىي هوزۇر ئەمەس بەلكى شۇئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان روهىي تەربىيە. سېنىڭ يازمىلىرىڭ مىللەت قەلبىدىكى چاتقاللارنى كۆيدۈرۈپ، خۇشپۇراق گۈلىستان ئۈچۈن بىنەم هازىرلىيالىسا، ئەدەبىيات مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇشتىن دەۋرەپ چىققان بۇنداق تەپەككۇر ئىسيانلىرىنى يېزىققا ئايلاندۇرۇشنى راۋا كۆردۈم. قولۇمغا قەلەم ئالغان مىنۇتلاردا تەھقىقكى دەرەخلىرىدە يەنە يېڭى تۇيغۇلار چېچەكلىيەلەيدىكەن. ئوبزور نوقۇل تەهلىل ئەمەس بەلكى روهىي تەجرىبە. مۇنداق تۇيغۇ چېچەكلىرىنى مۇشۇ ئارالغا چىقىپ باققان باشقا سەيياهلار بىلەن بىللە يوراپ بېقىشنى مۇۋاپىق هېسابلىدىم.

* * *

دىيارىمىز هېكمەتلىك هەم هەممەتلىك ياراتقۇچىنىڭ قولىدا تولىمۇ مۆجىزىدار قىلىپ يارىتىلغانىكەن. قاراڭ: ئالتاي، تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم تاغلىرى بۇ زېمىننى ئۈچكە ئايرىپ تاشلاپتۇ. زېمىننىڭ قوزۇقلىرى بولمىش بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا جۇڭغار ۋە تەكلىماكان قۇملۇقلىرى تالاي سىرۇ-هېكمەتلەرنى يوشۇرۇپ يېتىپتۇ. مەن يۇرتۇمدىن ئۈرۈمچىگە بولغان مۇساپىنى پەقەت ماشىنىدىلا بېسىپ باقتىم. ئەمما هاۋايى مۇئەللەقتىن بۇيەرگە سەپ سالغانلارنىڭ دېيىشىچە، قۇم ۋە جەزىرىلەر قوينىدىكى پارچە-پارچە يېشىل بوستانلىقلار بەئەينى يېشىل ئارالدەك پايانسىز چۆللەرنى ئۆزگىچە بېزەپ تۇرۇدىكەن. مۇشۇنداق سىرلىق جۇغراپىيىۋى تۈزۈلمە مىللىتىمىزنىڭ روهىي قۇرۇلمىسىنى هېچكىمگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ لايىهىلەپ قويغانىكەن.

رومانىنىڭ باش قەهرىمانى - ئاشۇنداق بىر ياپيېشىل يېگانە ئارالنىڭ ياۋايى خوجايىنى خېنيا سايىت ماڭا بەك سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈندى. بار-يوقى 12 بابلىق بۇ رومانىنىڭ تۆت بابى مۇشۇ سۆيۈملۈك تەلۋە جاڭگالچى، ئۇنىڭ يېشىل پادىشاهلىقى ۋە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك تەسىرلىك مۇهەببەت هېكايىسىگە ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئاپتور قۇم دېڭىزىدىكى بۇ يېشىل جەننەتنى شۇنچىلىك ئەستايىدىل تەسۋىرلىگەنكى، ئۇنىڭدا ياشايدىغان ياۋايى جاندارلار، خېنيا سايىتنىڭ جاڭگال مەدەنىيىتى، قورۇقتىكى تۈرلۈك زىرائەتلەرگىچە بىر-بىرلەپ قەلەمگە ئالغان. ئاجايىپ بىر هال، خېنيا سايىتنىڭ جاڭگىلىغا بالا-قازا ياغقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرمۇنچە دىشۋارچىلىقلار بىر-بىرىگە ئەگىشىپ يۈز بەردى: خېنيا سايىت ئامراق ۋاپادارى - ئۆمۈرلۈك مەهبۇبى ئانارخاندىن جۇدا بولدى، ئۇنىڭ تىنچ - ئارامىخۇدا ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرى بۇزۇلۇپ، ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا مامۇت شەيخكە ئوغلاق مەسلىهەتچىسى بولۇپ، ئوغلاققا ئىشتىراك قىلدى. ئىسمائىل بەگ ئۆلدى. هەمزە بىلەن قەمبەرنىساخان مۇرادىغا يەتكەن بولسىمۇ، مامۇت شەيخكە نىسبەتەن بۇ ئىككىسىدىن ئايرىلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. بىرسى ئۇنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ئايالى، يەنە بىرى پانىي ئالەمدىكى ئەڭ سادىق يۆلەنچۈكى، جانجىگەر ئاغىنىسى ئىدى. مۇشۇ بىرقاتار ۋەقەلەردىن ئاپتور «ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا تەبىئىي ئېكولوگىيە سەۋەبكار» دېگەننى ئىشارەت قىلىۋاتسا كېرەك.

خېنيا سايىتنىڭ «يا پەرۋەردىگارا، بۇ بىر چىرايلىق جاڭگالدا نېمە گۇناھ بار؟ يەر-جاهاننى سۈپۈرۈپ ماڭىدىغان يەجۇجى دېگەن ئاخىرى زامان يالماۋۇزلىرى مۇشۇ ئىكەن چېغى... نېمە كەلگۈلۈك بۇ! توقاي بىلەن هەممە نېمەدىن ئايرىۋېتەمسەن؟ توقاينى مەندىن ئايرىغاندا جېنىمنى تېنىمدىن ئايرىشنى ئۇنتۇمىغايسەن... تەكلىماكاندىكى بۇ توغراقلىق، بۇجاڭگال ئاناڭنى بىر نېمە قىلغانمۇ؟ بۇجاڭگالغا نېمىدەپ ئوت قويۇشىسەن؟ بۇ توقايلىقتا يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ هەققى بارمىدى؟... بىچارە جانىۋار، خۇدا بەندىلىرىنى هەممە جانىۋارلارنىڭ بېشىغا شۇمبۇيا قىلىپ يارىتىپتىكەن، هەممىنىڭ بېشىنى يەپ تۈگىتىپ ئاخىرى ئۆزىمىزنىڭ بېشىنى يەيدىغان ئوخشايمىز... ئاتنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇ خۇدانىڭ هايۋانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئەزىزى، ئۇ تۇلپار، ئۇچقۇر، ئاتلارنىڭ سەرخىلى بولغاچقا ئۆلتۈرەمدۇق؟ هەيي! بىز ئادەملەر هەممە ۋەهشىي يىرتقۇچلاردىنمۇ ۋەهشىي مەخلۇقمىز. كۆرەلمەسلىك ئۇرۇق - نەسلىمىزنىڭ جىنى. ئاللانىڭ ئەڭ ئېسىل هايۋىنىنى ئۆلتۈرەمدۇق» دېگەنگە ئوخشاش جاڭگال ۋە ئات هەققىدىكى ئازابلىق نالىسى، مەردانە خىتابلىرىنى ئەجەبا ئارىدىن 70 يىللار كېيىن ياشاۋاتقان، تەبىئىي ئېكولوگىيىنى تىنىمسىز بۇزۇۋاتقان بۈگۈنكىلەرگە نىسبەتەن قالتىس تەبىئەت دەرسى دېيىشكە بولماسمۇ؟

خېنيا سايىتنىڭ ياڭراق چاقىرىقلىرى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى سۆزلىگەن لاۋزا لېكسىيىلەردىن جىق يارقىن هەم تېتىملىق ئەمەسمۇ؟

تەبىئەتنى قوغداش يېڭى دۇنياۋى تېما بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پاتمانلاپ قۇرۇق گەپ ساتىدىغان تالاي ئىلمىي ماقالىلارنى ئوقۇغاندىن كىشىگە تەسىر قىلىدىغان مانا شۇنداق تەربىيەتلەر - مانا شۇنداق سۆيۈملۈك ئوبرازلار كىشى قەلبىنى تىترىتىپ، يۈرەككە مەهكەم ئورناپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا تەبىئەت بىلەن تەقدىرداش ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇر تارىخىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئالاقىسى يوق؟ مانا قارىماسىز؟ ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ تولىسىدا تال باراڭلىرى ۋە

مېۋىلىك باغلىرى بولىدۇ. هويلا-ئاراملىرىدا گۈل-گىياھ پەرۋىشلەش، گۈل - گىياھلارنىڭ نامىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش بىزدە ھېلىھەم گۈزەل بىر ئەنئەنە. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋەيرانە، غېرىبسىنىپ تۇرغان، ئەيتىدىن ئوتتۇرا ئەسىر پۇرىقى مىلىڭ يەردىن تۆكۈلۈپ تۇرۇدىغان ئۆيلىرىگە قەدەم باسسىڭىز غاز-ئۆردەك، توخۇ-كەپتەر، كالا-قوي، ئىت-مۈشۈكلەر (ھازىر مۈشۈكنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى) نىڭ غاقىلداپ، ۋارقىرىشىپ، هويلىنى بېشىغا كىيىپ دېھقاننىڭ قوۋناق تۇرمۇشىنىڭ شادلىق ئەرمىكى بوپقالغانلىقىنى بايقايسىز. باشقىلار تەبىئەتنى دەپسەندە قىلىۋاتسا، دېھقان تەبىئەتنى ئاسرايدۇ، تەبىئەتكە يېقىنلىشىدۇ، بىللە نەپەسلىنىدۇ، سىردىشىدۇ. شۇڭا سەھرا-يېزىدا ھەممىلا نەرسە ئۆز تەبىئىيلىكى بىلەن يېقىملىق جىلۋىلىنىپ سىزنى مەست قىلىدۇ، سەھرادا تەبىئەت مەتانەت بىلەن ئەلەڭگىپ يۈرىدۇ.

مەن 26 يېشىمغىچە مانا مۇشۇ تەبىئەت باغرىدا ئۆسكەن بولغاچقىمۇ پەرداز-بوياقتىن خالىي، تەبىئىيلىك بالقىپ تۇرۇدىغان، تەبىئىيلىككە ياتىدىغان جىمىكى نەرسىگە شۇنچىلىك شەيدا. شۇڭلاشقا ھەرقېتىم تەتىللەردە ئائىلىگە قايتقىنىمدا، كىتاب كۆرۈپ مېڭەم ئاغرىپ كەتكەندە توخۇ-كەپتەرلەرگە دان چاچىمەن ياكى كەپتەرلىرىمنى بىرەر- يېرىمدەم ھاۋادا پەرۋاز قىلدۇرۇپ راھەتلىنىمەن.

جانۋارلار يەردىكى داننى بىر-بىردىن ئىخلاس بىلەن چوقۇپ يەۋاتقاندا شۇقەدەر ھۇزۇرلۇق ھېسلار مېنى چۇلغىۋالىدۇ. قويلىرىمنى بالىلىقىمدا دائىم باقىدىغان جاڭگالنىڭ يېرىم-يارتىسىدا(ئەسلىدە جاڭگاللار كەڭرى بولۇدىغان. ئادەملەرنىڭ تويماس نەپسى جاڭگاللارنىمۇ يەپ تۈگىتىپتۇ) باقىمەن. قويلىرىم يۇمران قىياق-قومۇشلارنىڭ ئۇچىنى يەپ، ئۆستەڭلەردىن سۈپسۈزۈك سۇلارنى ئىچكىنىدە، خۇددى مۇسائەلەيھىسسالامغا ئوخشاش شادلىنىپ كېتىمەن. خىيالىم - روھىم تەبىئەت بىلەن بىرگەۋدە بوپكېتىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، چاچلىرىدىن پارىژنىڭ ئەتىرى ئەمەس، جىگدە ۋە ئۇسما پۇرايدىغان قىزلار كۆزۈمگە قەۋەتلا ئۇز كۆرۈنىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىش باھانىسىدە دىيارىمىزدىكى بۇ مەركىزىي شەھەر - ئۈرۈمچىگە كەلدىم. «زامانىۋىلىشىمەن، مەدەنىيلىشىمەن» دەپ دەل-دەرىخىدىن، ياپيېشىل ھۆسنىدىن ئايرىلىپ، تازىنىڭ كاللىسىدەك تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىم تاناپتەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭ كۆزۈمگە ساھىبجامالنىڭ يۈزىگە چۈشكەن ۋاقىتسىز تال-تال قورۇقلارنى ئەسكە سالىدىغان ئۈمۈچۈك تورىدەك دەرەخسىز يوللار، دانىخورەكتەك كۈنسېرى ئاۋۇپ كېتىۋاتقان ئاسمانپەلەك بىنالارغا لىق تولغان كېسەلچان بىر شەھەر «مانا مەن ئۈرۈمچى دېگەن شۇ» دەپ كۆز ئالدىمدا غادىيىپ تۇرۇپتۇ. ھەرقېتىم شەھەرنىڭ مىغ-مىغ ئادەم قاينايدىغان قىستاڭ رەستىلىرىدە كېتىۋاتقىنىمدا ھەممە ئۇزايىدىن ھاياتلىق، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز تەبىئىيلىك يېغىپ تۇرۇدىغان قەدىردان ئانا سەھرايىمىدىكى پايانسىز يېشىللىقنى، ئەلۋەك، ئۈيناق سۇلارنى قۇدرىتىم يەتسە خىزىرغا ئوخشاش بىرلا دۇئا بىلەن مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگۈم كېلىدۇ. (ياق، يېشىللىق يەنىلا سەھرادا بولغىنى جايىز ئىكەن! ئەگەر شەھەردە بولسا، دەرھال يەپ

تاشلايدۇ.) دەل شۇنداق دەقىقىلەردە ئانا سەھرايىمدى-كى تىلىدىن شېئىر تۆكۈلىدىغان غەزەلخان قۇشلار، سۇتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە يارقىن پارقىرايدىغان يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئارتىنچاق سەھرا قىزىدەك يۇماق جىلمىيىپ تۇرۇدىغان تولۇن ئاي، ناخشىچى پاقا، چېكەتكە، تومۇزغىلار، تۈن كېچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ نەلەردىندۇر كېلىۋاتقان ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرى، ئىتنىڭ بوغۇلۇپ قاۋاشلىرى، ھەتتا بىزەڭ پاشا-چىۋىنلەرگىچە روھىمغا ئۇچۇپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئاشۇنداق خىياللار ۋۇجۇدۇمنىڭ نە-نەلىرىدىن ئۇرغۇپ تاشقانسىرى، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزۈمنى تولىمۇ غېرىب، تەنھا ھېس قىلىمەن. ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر يەرلىرىنى بىراۋ قىسىۋالغاندەك، ئارامخۇدا نەپەس ئالالمايۋاتقاندەك بىئارام بوپكېتىمەن. دەل شۇنداق دەقىقىلەردە ئەنگلىيىلىك بۈيۈك ئەدىب لاۋرىنسىنىڭ ماڭا تولىمۇ يادا بوپكەتكەن:

مىليون كويلۇق پىكاپلاردا يۈرگىچە،
ئارام ئالسام دەيمەن تاشتا ئولتۇرۇپ.
ئارام بەرمەس ئۇلار تۇندىن تاڭغىچە،
پاك روھىمنى زەھەرلەرگە تولدۇرۇپ.

دېگەن مىسرالىرى، ئارقىدىنلا ئافغانىستان شائىرى ئۇلپەتنىڭ:

يۈرەك كۇلىسە، ياشنار مۇھەببەت،
باشنى ماكان ئەتمىش ئەقىل ۋە پىكرەت.
ئېگىز بىنالاردىن ئەقىل ئىزدىيۇ،
ۋەلېكىن مۇھەببەت ئىزدىمە پەقەت.

دېگەن مىسرالىرى ئاستا-ئاستا لەيلەپ خىيال دەرىخىمگە قونىدۇ.

راست، ئۈرۈمچىدە چىن ئىنسانلىقنى دەڭسەپ باقىدىغان غەنىمەت ئىلاھىي دەقىقىلەر يوق. ئۈرۈمچىدە ئادەم ئۆزىنى ئاسانلا يىتتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭىمۇ، روماندىكى خېنيا سايىتىنىڭ «جاڭگال ئارامگاھى» غا مۇناسىۋەتلىك قۇرلار مەندە شۇنچىلىك ھاياجان ئاتا قىلدى، يەنە كېلىپ رومانىنىڭ ماۋزۇسىمۇ «يېگانە ئارال». ئاپتور بۈگۈنكى يالتىراق دەۋر ئۈچۈن تۈزدەك زۆرۈر بولۇۋاتقان، بىز تەدرىجىي تونۇپ يېتىۋاتقان خاسىيەتلىك ئۇدۇملىرىمىزنىڭ بىرى - تەبىئەتنى ھەم تەبىئىيلىكنى قوغداش قوشغۇرىقىنى ئۆزگىچە قىياپەتتە قولاق تۈۋىمىزدە قايتا جاراڭلىتىۋاتىدۇ. ماڭا مۇشۇنداق تاتلىق ئۇلانما تەسەۋۋۇرلارنى ئاتا قىلغان مۇشۇ نۇقتىنى روماندىكى ئۆزگىچە بىر مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارىدىم.

* * *

ئوغلاق تارتىشىش - ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق دەۋرىنىڭ شاھىدى بولغان چەۋەنداز تۈركىي خەلقلەر يىگىتلىرىنىڭ قورقۇمسىز، تەلۋىلىك، جاسارەت، ئەقىل ۋە تەۋەككۇلچىلىكىنى سىنايدىغان، باتۇرلارنى تاۋلايدىغان ھەم تاللايدىغان ئەڭ ئامراق كۆڭۈل خۇشى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. ئامىتى، خۇشاللىقى، تەقدىرىنى «دەتتىكام» دەپ تەۋەككۇل دېڭىزىدىن سۈزۈۋشكە ھېرىسمەن كېلىدىغان «يېگانە ئارال» پۇقرالىرى بىر قىز ئۈچۈن ئوغلاق ئوينىدى. شۇنچىلىك كەسكىن، شىددەتلىك تۈس ئالغان بۇ ئوغلاق تاماشىسىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئاپتور تولىمۇ

تەپسىلى يازغان. ئوغلاق ئاتلىرىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئىختىيارسىز لا ھون چەۋەندازلىرىنىڭ قويۇندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇلپارلىرىنى، ئوغلاق تارتىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ياۋ بىلەن ھايات-ماماتلىق جەڭگە چۈشكەن قىيامەتلىك مىنۇتلاردىكى ھون قوشۇنلىرىنى ئەسكە سالىدۇ. توغرا، ئىسمائىل بەگ ۋە مامۇت شەيخنى شۇنچىلىك ياۋايى ھەم تەلۋىلەشتۈرۈۋەتكىنى، ئوغلاقچىلىقتىكى كونا نامەردلىك پەنتلىرىنى ئىشلىتىپ بىر-بىرىنى ئۇتۇشقا شۇنچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى زۆھرەخاننىڭ ئىشقى، بەگ بالىلىرىنىڭ يۇرتتىكى ئىناۋەت-ئابروي مەنمەنچىلىكىدىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى يەنىلا ئوغۇزخاقاننىڭ، ئاتىللانىڭ، پانتېكىننىڭ، سۇلتان سۇتۇقنىڭ، تېمۇرلەڭ، سادىر پالۋاننىڭ قېنى ئىدى. بۇنى گويا مۇشۇنداق ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى.

ئاياللار ئاجايىپ دۇنيا. ئاشۇ ئاياللار بولغاچقا نۇرغۇن تارىخلار باشقىدىن يېزىلغان. «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200-يىلى مەشھۇر بەيدېڭ مۇھاسىرىسىدە 300مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى خەن گاۋزۇنى يەتتە كۈن قامال قىلىۋالغان ئوغۇزخان ئالچىسىنىڭ① گېپىگە كىرىپ قامالنى مەردلىك بىلەن بوشۇتىۋەتكەنىدى» (ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى، 159-بەت). يەنە شۇ بىر ئايال سەۋەبىدىن قەدىمقى ئافىنا — ترويالىقلار نەچچە يىل قانلىق جېدەللىشكەن، يەنە شۇ ئايال بولغاچقا دەريا-دەريا قانلارنى ئېقىتقان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار چېپىپىدە توختاپ قالغان. يەنە شۇ بىر ئايال ئۈچۈن ئىسمائىل بەگ رەقىبىنىڭ كۆز ئالدىدا قامچىسىنىڭ دەستىسىنى قورسىقىغا تىقىپ ئۆلۈۋالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەغلۇب بولغان ياپون سامۇرايلىرىنىڭ قارنىنى قىلىچلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشايدىكەن. ئىسمائىل بەگنىڭ ئۆلۈمىگە سىز نېمە دەيسىز؟ 21-ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى ھالاۋەتلىك دەۋرىدە ياشاۋاتقان خېنىم سۈپەت، بەگچەك مىجەز — خېنىيا سايىتنىڭ سۆزى بويىچە ئالساق «توشقان تېرىسى، لاتا قونجا» يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسمائىل بەگ ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىمۇ، باشقا بىر يۇرتقا كېتىپ، ئەل كۆزى كۆرمەيدىغان بىرەر پىنھاندا ئەپلەپ-سەپلەپ بىر ئامال بىلەن ياشاپ «كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسە» ئەۋزەلرەك بولاتتى. مەن ئويلىدىمكى، ئىسمائىل بەگ ئۈچۈن ھاياتلىق ئاشۇنچىۋالا قەدىرسىزمۇ؟ ياق!!! بۇ بەلكى بىرخىل ھاياتنى قەدىرلىگەنلىك. بىرقىز ئۈچۈن ئۆلدى دېگەندىن كۆرە رەقىبى، مەشۇقى، ئەل-جامائەت ئالدىدىكى ئىززەت-نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلدى دېيىش ئاقىلانىلىق. ئەسەردىكى مامۇت شەيخ قىيامەتلىك دوستى ھەمزە بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ قالغان ئايالى قەمبەرنىساخانغا چىرايلىق رازىلىق بېرىپ، ئۇلارنى بىرئوبدان يولغا سالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ھەمزىگە ئېيتقانلىرىنى بۈگۈنكى ھەربىر ئەركەك ئوبدان چايناپ باقسا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە. مانا بۇنى مەردلىك — ئەركەكلىك داستانى دەيمىز. جاھاننىڭ كالامپاي چاقى چۆرگىلىگەنسىرى مەردلىك، ئەركەكچىلىك، ئىززەت-غۇرۇر، ۋىجدان دېگەنلەر ئەسلى مەنىسىدىن يانتىشىپ باشقا مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىسا كېرەك. تېخى يېقىندا ئايالىنىڭ كالتە ئىشتىنىنى تالىشىپ ئايالىغا پىچاق ئۇرغان بىر ئەركەكنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم. ئەركەكچىلىك دېگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پەرزەنت، ئايال، ئائىلە، ئاتا-ئانىسى، مىللىتى ئالدىدىكى مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ گۇرۇنداش دېگەنلىك بولۇپ، خىروئىن چېكىدىغان پۇل تۈگىسە ئاتا-ئانىمىزنىڭ كارنىيىنى سىقىسىمىز، قىز-ئاياللىمىزنى خەققە تۇتۇپ بەرسىمىز، بوسۇغا ماراپ تىلىمىزدىن تىكەن تېرىپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كاللىسىنى سېتىپ نان ئېلىپ يېسىمىز (ئەسەردىكى راخمان قالماقتەك)، سەبىي بالىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ يۈرسىمىز ياكى خەقنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى قولتۇقلاپ يۈرسىمىز ئەركەكلەرنىڭ سېپىدىن مەڭگۈلۈك يوقالغان بولىسىز. ھېزىزبەگ ھاجىنىڭ كاللىسىنى دوغا تىكىپ تۇرۇپ ئۇستەڭ چېپىپ ئەل-يۇرتنى قۇتقۇزۇشى — بۈگۈنكى دەۋرنىڭ «ھېزىزبەگ»لىرى ئۈچۈن گوياكى مىڭبىر كېچە رىۋايىتى. ئۇلاردا كاللىسىنى تىكىپ قويۇپ تۇرۇپ ئەلنى قۇتقۇزۇش ئېڭى بولمىسىمۇ چېڭ كېجىي (مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. — مۇھەررىردىن) دەك «ئەلنىڭ چاكار»لىرى كاللىسىنى تىكىپ تۇرۇپ، ئەلنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان بولدى.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەخمەت ئۆزىنى قىلىچلاپ، سۆزىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلىمىسىمۇ، ئانچە چېنىپ كەتمەيدىغان، جانغا تاقالمايدىغان، سەل-پەل بىچارىلىك تۈسىنى ئالغان باشقا ۋاستە تاللىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن ئەخمەتتىكى مەردلىك-ئەركەك-چىلىك ئۆلچىمى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بىلەن ئالساق، «پەقەتلا كۈن ئۆتكۈزۈش دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاتالمىش جاھاندارچىلىق يولى. ھايات ھاقارەتلىك ئۆتسىمۇ، ئىككى كۆزۈڭ پارقىراپلا تۇرسا بولۇۋېرىدىغان بولدى» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «نىسۋە ئۈچۈن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 3-سان). نەق شۇنداق بولغاچقا مۇنداق ئىشلارنى ھازىرقى كىشىلەر ئېڭىغا پەقەتلا سىغدۇرالماس بوپقالدى. ئاتالمىش «زامانىۋىلىق»، «مەدەنىي دۇنيا» دېگەنلەر ئادەملەردىكى ساداقەت، ۋاپا ئۆلچىمىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىسلاھ قىلىپ تاشلىدى. ناۋادا «يېگانە ئارال» قەھرىمانلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرى پانىي ئالەمنى سەيلى ئېتىپ يۈرگەن بولسا، ئۇلار بۈگۈنكى مالامەتلەرگە قاراپ ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ، ياقىلىرىنى چىشلەشكەنچە، ئەۋلادلىرىنىڭ بىچارىلىكىگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا بولۇۋاتقاندۇ. خېنىيا سايىتنىڭ ئانارخاننى كۈتۈپ بىر ئۆمۈر يادا بىلەن، جاڭگال بىلەن ھەپىلىشىشى ئۇنىڭ ساداقەت ئۆلچىمىنىڭ يەنە بىرخىل ۋارىيانتىدۇر. ئاپتور بىزنى بىر-بىرىدىن سۆيۈملۈك، چىن ئىنسانلىققا باي، يارقىن پېرسوناژلارنىڭ ئەقىللىرىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ قىسمەتلىرى بىلەن تارتۇقلىدى. بىزدە ھەريوغان توقۇمدەك كىتابلار يېزىلدى، يېزىلىۋاتىدۇ، ئەمما بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تولىسىدىن بىز ئىمپورت قىلىنغان ئويغۇرنى كۆرىمىز. بۇ ئىمانى ئەركەك يازغۇچىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان دىداكتىك چاتما ماقالىلىرىدا دەپ بولالمىغان، دەيمۇ ئۇقتۇرۇپ بولالمىغان گەپلىرىنى «يېگانە ئارال» دېگەنلەر

www.uyghurkitap.com

ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپتىقاندەك تۇرىدۇ. بۇنى رومانىنىڭ ئىككىنچى مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇخىل ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ پېرسوناژلىرىنى يادىمغا سالدى.

* * *

ئەسىرلەر مابەينىدە ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىقتا ھاياش بولۇپ، چۆل بىلەن تىنىمسىز كۆرىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر مۇشۇ ئىقلىمغىلا خاس بولغان نۇرغۇن ئۇدۇم ـ ئادەتلەرنى ، بىباھا خىسلەتلەرنى يارىتىپ ئۆزلەشتۈرگەن.

قەرەللىك ھالدا يۇرت بويىچە چاي-مەشرەپ، ئوغلاق، ئات بەيگىسى ئويناش يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى ئاستا-ئاستا يوقىلىپ باردى. مۇندىن ئىلگىرى بىر يۇرت يەنە بىر يۇرتنى چاي-مەشرەپكە چىللاپ، دوستلىشىپ، رىشتىسىنى چىڭىتىپ، ئاداۋەت-دىل رەنجىنى ئەپۇ ۋە مەردلىك سويىدە يۇيۇپ، راھەت-پاراغەتتە بىللە بولۇپ، ياۋغا قارشى بىرسەپتە تۇرۇپ، ھاياتلىق ماكانىنى قاينام تاشقىنلىق، جەزبىدار ھاياتى كۆچكە تولدۇراتتىكەن. ئاتامىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 30 يىللار ئاۋال مۇنداق ئىشلار بىزنىڭ يۇرتتا دائىم بولۇپ تۇراتتىكەن. ئاپتور رومانىدا ئىككى يۇرتنىڭ چاي، ئوغلاق تارتىشىش، ئىت تالاشتۇرۇش، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش، ئوۋ، مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى، بۇ پائالىيەتلەردىكى قائىدە-يوسۇن رەسمىيەتلىرىنى، بۇپائالىيەتلەرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى ، ئىنچىكە ھۈنەرلىرىنى ئالايىتەن شۇنچىلىك مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن: ئەيسابەگنىڭ قورۇسىدىكى بەگنىڭ قىزىغا كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش چېيىنى ئاپتور شۇنچىلىك زوق-شوق بىلەن بايان قىلغان. بىرىنچى داستىخان، رەسمىي داستىخان، تاماقنىڭ باستۇرمىسى، تائام-غىزالارنىڭ قانداق قاچا-قۇچىلاردا قويۇلغانلىقى، تاماقلىنىشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچىدا قانداق تائاملارنىڭ يېيىلگەنلىكى، سورۇندا ھەركىمنىڭ قانداق ئورۇندا ئولتۇرغانلىقى، چايغا كەلگەن يۇرتلارنىڭ نامى، ئەيسابەگ بىلەن ھېزىزبەگ ھاجى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان قولغا سۇ بېرىش توغرىسىدىكى شۇنچىلىك شېرىن-سۇخەن ھۆرمەت-تەكەللۇپلار، تاماقلىنىش جەريانىدىكى پىچاق تەقدىم قىلىش، بۆكەللەر②نىڭ خىزمەتلىرىگىچە يازغۇچىمىزنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمىغان. غىزالىنىشنىڭ ئۆزى تاماق راسلاشتىن تارتىپ يېيىشكىچە ئاجايىپ بىر سەنئەت. ئۇ ھەرگىزمۇ نوقۇللا قورساق چىڭداش ئەمەس. ئاپتورنىڭ بۇيەردە ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىشى ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان تائام مەدەنىيىتىنى ئېسىمىزگە سېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىدىغان بولساق ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش، تاماق راسلاش، تائام ۋاقتىدىكى تەكەللۇپ ـ رەسمىيەتلەر، غىزالىنىشنىڭ تەرتىپ -باسقۇچلىرى، غىزالىنىش شەكىللىرى، تاماق ئەسۋابلىرى، تائامنىڭ دورا-دەرمەكلىرى، تائام ئەسۋابلىرىدىكى گۈل-نەقىشلەر، داستىخاندىكى كەشتىلەر، تاماق ئۈستىدە بولىنىدىغان پاراڭ-مەسلىھەت، تاماقتا بىللە بولۇدىغان ئادەملەر، قانداق تائامنىڭ قانداق قاچىدا قويۇلۇشى، تائامدىن كېيىنكى دۇئا-رەسمىيەتلەرقاتارلىقلاردىن (بۇ ھەقتە

بىرەر كىتاب يېزىش تامامەن مۇمكىن) ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي - مەنىۋى مەئىشەتلەرنىڭ ئاناسىپلىنىقىغا ئەزەلدىن ئېتىبار بېرىدىغان، تائام ئارقىلىق ساغلىقنى ساقلاشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. قورساق ئاچلىقنىڭ دەردى بەك ئۆتۈلۈپ كەتكەچكە، ھازىرقى دېھقانلىرىمىزدىن بۇنداق سەنئەتنىڭ تاكامۇلىنى سورۇشتۇرۇش تېخى بالدۇر. ئەمما يازغۇچىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان ۋىجدانى بۇ ئۇدۇملارنى قايتا ئەسكە سالدى. نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنگە ئوخشاش، مەنمۇ خېنيا سايىتنىڭ تۇرمۇشىغا ئانارخاننىڭ ئۈشتۈمتۇت ئۇسسۇپ كىرىشىنى قەتئىي ئويلاپ يەتمىگەن. ئانارخاندىكى قىزلىق غۇرۇر، ئىنسانىي بۇرچكارلىق تۇيغۇسى، ئۇنىڭ يارداكلىقتا خېنيا سايىتقا ئېيتقان يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان يالقۇنلۇق خىتابلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى خانىم - قىزلىرىمىز ئۈچۈن كارامەت پەزىلەت دەرسى. قىسمىتى كۆپ تەقدىر ئۇلارنى موھتاجلىقنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ئۇچراشتۇردى. ئانارخاننىڭ نىكاھتىكى دادىللىقى، ئۇلارنىڭ كۈتۈلمىگەن ، چەكسىز مەنىلىك نىكاھى، نىكاھ يولىدىكى ئەھدۇ-پەيمانىغا چەكسىز سادىقلىقى بىزگە ـ ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن دىللارغا سۆيۈنۈش لەززىتى ئاتا قىلدى. شۇقۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئىچ-ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ماگىمدەك ئىقىم مېڭەمگە تەپتى. خەلقىمىز ھۆرلۈك ئۈچۈن قانلىق بەدەللەرنى تۆلەۋاتقان 1930-يىللاردىكى كۆرەشچان شارائىتتا ئاپتور ئانارخان ئوبرازىنى كىرىشتۈرۈپ، تېخىمۇ سۈزۈك بىر ئوبرازنى ياراتتى. ئانارخانغا ئائىت قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، تارىخىمىزنىڭ ئۆلمەس بەتلىرىدىكى تۇمارىس، ئىپارخان، نازۇگۇم، رىزۋانگۈل، ئابدۇللا قادىرىينىڭ «مېھراپتىن چايان» رومانىدىكى رەنا، «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى كۈمۈش بۈبى . . . قاتارلىقلارنىڭ سىماسى خىيال بەتلىرىمگە ئاستاغىنە لەيلەپ كەلدى. ئانارخاننىڭ قەلبىنى ھۆرلۈك ۋە مىللەت سۆيگۈسى لىق چۇلغىۋالغاچقا، ئۇ ئەنە شۇنداق قىيامەتلىك مىنۇتلاردىمۇ ھاياتقا ـ سۆيگۈگە ـ كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارىيالىدى. دەل شۇ ئىنسان ياشىيالمايدىغان ئاشۇ ئۆتكۈرلەرمۇ خۇشاللىقتا، نۇرغا تولدى. ئەمدىلىكتە تاۋار دۇنياسىنىڭ شاۋقۇن-سورەنلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان شۇنداق قىزلارمۇ بىزدە بار بولدىكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە توي-نىكاھ، ئەر-ئاياللىق، سۆيگۈ-ساداقەت، ۋاپا، قىزلىق ئىپپەت-نومۇس ئۇقۇملىرى ئەسلى مەنىسىدىن پۈتۈنلەي ياتلىشىپ ئەسلى مەنىسى پايخان بولۇپ، تەلتۆكۈس تاۋار تۈسىنى ئېلىپ، پۇل تېپىشنىڭ بىرئەپچىل دەستىكىگە ئايلانغان. ئانارخاننى شۇ كويلارغا سالغىنى مىللەت ۋەسۋەسىسى بولسا، بۈگۈنكى ئاشۇ گۇمراھ بەندىلەرنى دەيدىگە سىلىۋاتقىنى ئاقچا ۋەسۋەسىسى. مامۇت شەيخ ئىشىق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان كۈنلەردە كېرىم ھاجى ئۇنى قامچا بىلەن ساۋاپ تۇرۇپ تەربىيەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇچاغدىكى قىلغان گەپلىرىنى بۈگۈنكى ئاتىلارمۇ قىلالىسا ئىدى كاشكى. «ماڭا دۇئا بېرىڭ ئاتا! ئۈچ كۈنلۈك ئۇۋۇغا چىقىمەن» دەيدۇ مامۇت شەيخ شۇ چاغدا. كۆرمەمسىز ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق پەردىشەپ-ھايانى. بۈگۈنكى كۈندە ئاتابىلەن ئوغۇلنىڭ بىر ئايالنى تەڭ ئاشنا قىلىشى، بىر داستىخاندا شارابخورلۇق قىلىشى، ھېچكىمنىڭ

خىيالىغا كىرىپ قويمايدىغان تولىمۇ نورمال ئىشلار بوپقالدى.

تېخى يېقىنلارغىچە يىگىتلەر ئوۋ-سەپەر (ھەي-ي! ئادەمگە ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىتىدىغان ئاشۇ دەۋردىكى رومانتىك ئوۋ، سەپەرلەرھازىر كەلمەسكە كەتتىغۇ!) گە چىقماقچى بولسا ئاتىسىدىن چىرايلىق دۇئا ئالاتتىكەن. ئاتىسى رىزالىق③ بەرسە قىلاتتىكەن. بۈگۈن شۇنداق يىگىتلەرمۇ بار. لېكىن بالىنىڭ ئەلىمىدىن قان-ياش زارلىنىۋاتقان ئاتا-ئانىلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. غەلىتە بىر ھال: دىيارىمىزنىڭ ئۇيغۇر يۇرتى كۆچلۈك كەلگەن جەنۇبىي تامانىدىن شىمالىغا، سەھرالاردىن شەھەرگە يۈكسەلگەنسېرى ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى توي، ئائىلە ئىناقلىقى قارىشى سۇسلاپ، ياتلىشىپ ماڭىدىكەن. بۇ ھەقتە كىمدۇر بىرى ئاچچىق بىلەن: «كۆپلىگەن ئائىلىلەر ئوغلى ئاق چېكىپ-سېتىپ تۈرمىگە كىرىپ قالمىسىلا، قىزى بىرەر ئاغلاقچىنىڭ④ كەينىدىن ئىچكىرىگە قېچىپ كەتمىسىلا پەرزەنتلىرىمنى ئۆلچەملىك تەربىيىلەپتىمەن دەپ قارايدىغان بولدى» دەپ يازىدۇ. بۇ گەپنى پۈتۈنلەي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمىسىمۇ ھەرھالدا شۇ نەرسە قۇياشتەك روشەنكى، ئۇيغۇرلار بۈگۈن قولىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قويۇپ، ئۇيقۇسى ۋە ئەقلىنى تەڭ ئېچىپ، ئەجدادلار روھىدىن تاراۋاتقان ھارارەتلىك ئېقىمدا ئەسىرلەر سېرى روھىيىتىگە يىغىلىپ قالغان غۇبارلارنى پاك-پاكىزە ئادالىشى، ئۆز ئەقىدىسىنى چوغلاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭ نۇرانە كەلگۈسىنى ئۆز ئەقلى-ئىرادىسىگە تايىنىپ يارىتىشى كېرەك. بۇقايتا تەكىتلەش ھاجەتسىز بولغان ئەقلىي چۈشەنچىدۇر.

يازغۇچىمىز خېنىيا سايىتقا ئالاقىدار قۇرلاردىن بىزگە ئوغلاق تارتىشىش ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق بولغان ئەل ئارىسىدىكى سىرلىق ھۈنەرلەر، سۈت ۋە ھايۋانات تېرىسىنىڭ رولى، قوناق پوخىقى⑤، ئىت شالىنىڭ ئاجايىپ شىپالىق رولى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئەل ئىچىدىكى قىممەتلىك بىلىملەرنى يەتكۈزدى. مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە ئوتتۇرىسىدىكى كىرپە توغرىسىدىكى پاراڭلار، كۆمەچ كاۋىپىنى ئېتىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە. تولۇق توققۇز بەت كېلىدىغان مامۇت شەيخنىڭ ئۇۋجەريانى شۇنچىلىك ئەستايىدىل يېزىلغان. خۇددى ئادەم ئاشۇ توقايلىقتا ئۇۋچىلارغا ھەمدەم بولۇپ تۇرغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئاپتور ئىزاھات شەكلى ئارقىلىق تارىختىكى مىللىي قەھرىمان ئەختەم ۋە داڭلىق جامائەت ئەربابى ھېزىزبەگ ھاجى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغان.

راستىنى دېسەم، مەن بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنى مۇشۇ رومانىدىن ئۇچراتتىم. نىمىشقىدۇر، مۇشۇنداق قىسقا ئىزاھلار بىلەن بېرىلگەن تارىخىي شەخسلەرنى ئۇزاققىچە ئۇنتۇپ قالمايمەن. بىرچاغدا ئابدۇللا سۇلايماننىڭ بىر ئەسىردىكى مۇشۇنداق ئىزاھاتتىن خوتەنلىكلەرنىڭ باتۇرسەركەردىسى ئاكا-ئۇكا نوقتى رەشىد ۋە چوقتى رەشىدلەر ھەققىدە بايانلارنى ئوقۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، بۇ ئىككى باتۇر سەركەردە زېمىنىغا باستۇرۇپ كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا بارلىق لەشكىرىدىن ئايرىلىپ، بىر تاغقا قامىلىپ قالىدۇ. ئۇلار مىس نوكەشلەردىن پايدىلىنىپ تاغقا سۇ ئاچىقىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن قاراخانىيلار لەشكەرلىرىگە قارشى نەچچە ئاي ئۇرۇشىدۇ. قاراخانىيلار لەشكەرلىرى مىس نوكەشنى بايقاپ كېسىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئۇلار مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ. ئەختەمنىڭ ھېكايىسى ئاشۇلارنى ئەسكە سالدى.

بىز ئېشەكنىڭ مۆلىسىدەك توقۇم-توقۇم كىتابلىرىمىزدا «يازغۇچى ئەل ئارىسىغا چۆكۈشى، ئەلنىڭ ھىدىنى ھىدلىشى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلىشى كېرەك، شۇندىلا يازمىلىرى تېتىملىق چىقىدۇ» دەپ تەكرار-تەكرار قاقشاپ كەلدۇق. ئەمما تالاي «يازغۇچىلار» كاتەكتەك ئۆيىگە مەھكەم سولىنىۋېلىپ، دۇنيا ھەققىدە غەلىتە خىياللارنى قىلىدۇ. ئەرشتە تۇرۇپ قەلەمكەشلىك دەۋاسى قىلىش ئەخمەقلىقتۇر. ئەختەم ئۆمەر يۈرىكىنى ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى بىر پارچىسى بولغان دولان ۋادىسىدا خېلىلا دومىلاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئاپتور دولان دىيارىدا ئۇزۇن ياشىغاچقا قەدىمىي دولان قەبىلىسىنىڭ ئۆزگىچە تىنىقلىرى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى.

بەئەينى سىرلىق تېپىشماققىلا ئوخشايدىغان ئانا قۇملۇقنىڭ باغرىدا تولىمۇ غەلىتە ئۇدۇم - قائىدىلەر، ئەقىل تەستىقلىيەلمەيدىغان مۆجىزىدار رىۋايەتلەر چېچەكلەپ تۇرۇپتۇ. مانا قاراڭ: «يېگانە ئارال» دىكى ئىككى يۇرت قوشقار سوقۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى شۈكۈر نامىزى ئوقۇيدۇ. ئويۇندىن ئىلگىرى قوشقارنىڭ بېشىدىن نەرسىلەرنى ئۆرۈپ، پېقىرلارغا بېرىشىدۇ. كېرەم ھاجى خىزىر بىلەن سۆزلىشىدۇ. مامۇت شەيخ خېنىيا سايىتنى خىزىر دەپ تونۇپ قالىدۇ. ھەمزە چۈشۈۋاتقان بوۋا قاپاق⑥ ۋە كۆرگەن چۈشلىرىگە ئاساسەن مامۇت شەيخنىڭ ئوغلاقتا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن پەم قىلىدۇ. ئۆستەڭ چېپىش باشلانغاندا ۋە تامام بولغاندا نەزىر قىلىنىدۇ. سۇ باشلاشتىن ئىلگىرى ھەممەيلەن ناماز ئوقۇيدۇ، نەتىجىدە سۇ ئاقىدۇ. مانا مۇشۇ قائىدە-يوسۇنلارنىڭ سەۋەپ-نەتىجىسىنى ئەقلىڭىزگە ئاساسەن تەستىقلىيەلەمسىز؟ سىز ئۇلارنى يالغان دېيەلەمسىز؟ ئۇلارنى ئەخمەقانىلىق، خۇراپىيلىق دەمسىز؟ بىر تۇرۇپ راستتەك، يەنە بىر تۇرۇپ چۈشتەك تۇيۇلىدىغان خىيال، رېئاللىق، ئەپسانە-رىۋايەت جەۋھەندە⑦ بوپكەتكەن مۇشۇنداق سىرلىق ئۇدۇم-قائىدىلەر مىللىتىمىزنىڭ ئاڭ-روھىيەت-قىممەت چۈشەنچىلىرىنى ھاسىل قىلغان يارقىن قاتلاملاردىن ئىبارەت. بۇنداق قاتلاملار ئەڭ زامانىۋىلاشقان مىللەتلەردىمۇ بار. بۇخىل روھىي قاتلاملار بارغانسېرى زامانىۋى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۇلارغا ئۆزگىچە تەپەككۇر ئاتا قىلالايدۇ. خۇراپىيلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمغا كەلسەك، مانا قاراڭ: ماددىي مەئىشەت، زامانىۋى پاراغەتكە غىق تويۇپ، سېسىق كېكىرىپ كەتكەن غەرب دۇنياسىدا ئادەم ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان، خىيالىمىزنىڭ ئاراچلىرىغا ھېچقاچان كىرمەيدىغان زامانىۋى خۇراپاتلىقلار باش كۆتۈردى. نۇرغۇن ئەللەردە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىرى مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان. روھىي ھادىسىلەرنى نوقۇل ئەقىل بىلەنلا نېرى-بېرى قىلغىلى بولمايدۇ. روھىي ئانالىزچىلىقنىڭ پېشۋاسى، مەشھۇر يەھۇدىي پسىخولوگ فىروئىد باشلاپ بەرگەن روھىي ئانالىزشۇناسلىق ئىلمى چەت ئەللەردە قالتىس راۋاجلانماقتا. ھەتتا بۇيىللىق نوبېل

www.uyghurkitap.com

مۇكاپاتىنىڭ پسىخولوگىيە تۈرى (تىببىي ئىلىم مۇكاپاتىنىڭ تارمىقى) گە ئامېرىكىلىق بىر مەشھۇر پسىخولوگ ئېرىشتى. ئەل ئارىسىدىكى تۈرلۈك روھىي ھادىسىلەرنىڭ كەينىدە ھامان بىر ھەقىقەت سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. مانا بۇنى بىز روھىي رېئاللىقتا ئەمەل قىلىش دەيمىز. گارسىيا ماركوسمۇ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدا مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئەل ئارىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەت، ئۇدۇملار ئارقىلىق تىلنى جانلاندۇرۇش، ئاشۇلارنى خەلققە قايتا ئەسلىتىش ئەدەبىياتقا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. بۇھەرگىزمۇ خوراپاتلىقنى تىرىلدۈرۈش ئەمەس. ئەسەردە يەنە «يۇرت ئاتىسى»، «يۇرت كېڭىشى» دېگەن سۆزلەر غىل-پال ئۇچراپ قالىدۇ. بۇرۇن يۇرتىمىزدا يۇرتنىڭ چوڭلىرى، ئاقساقاللار يۇرتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىنى بىللە كېڭىشىپ قىلاتتىكەن. يۇرتتىكى نىزا، غەلۋە-غەۋغالار ئاشۇ كېڭەشتە بىر چىرايلىق ھەل قىلىنىپ، كىشىلەر بىر-بىرىگە قول-پۇت بولۇپ ئىناق ياشايدىكەن. مۇنداق كېڭەشكە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قاتناشمايدىكەن. ئەل-جامائەتنىڭ قەلب تۆرىدىكى «ئەمەلدار»لار ئىشلارنى جاي-جايىدا يۈرۈشتۈرۈپ كېتىۋېرىدىكەن. مۇنداق ئىشلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىمۇ بىر ئوبدان خۇشياقىدىكەن. ھازىرمۇ بىزنىڭ مەھەللىدە قېرى-چۆرىلەر، كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەملەر ئەل-مەھەللىگە يول كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلار گەرچە ئاشۇ ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش رەسمىي كېڭەش ۆسنى ئالمىغان بولسىمۇ شۇنىڭ ساقىندىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسلىدە تولىمۇ خاسىيەتلىك ئەنئەنە ئىدى. بىلىشىمچە، يۇرت كېڭىشى ياكى ئاقساقاللار ئۇيۇشمىسى ئافغانىستان، چېچەنىستان، ئىران، تۈركىيە، ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەت-رايونلاردا ھېلىھەم مەۋجۇدكەن. بىزدە بۇنىڭ ئورنىنى «مەھەللە كومىتېتى»، «مەھەللە مۇرەسسە ھەيئىتى» قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئاپتۇ. زامانلارنىڭ مىڭبىر سوقماقلىرىدا سوقۇلۇپ، تۈگمەنلىرىدە تارتىلىپ، تالاي قىل ئەگلەكلەردە تاسقىلىپ، روھىيەت دېڭىزىنىڭ چوڭقۇرىدا نۇرلىنىشنى كۈتۈۋاتقان نۇرغۇن ئەڭگۈشتەرلەرنى يازغۇچىمىز ئۆزگىچە كۆزىتىش كۈچى بىلەن بايقاپ، لاي-پاتقاقلىرىنى تازىلاپ، ماھىر ئۇستىكارلاردەك تاراشلاپ بىزنى تارتۇقلىدى. مۇشۇنداق ۋىجدان ساھىبلىرىنىڭ بىزدە بولغىنى بىزنىڭ ئانچىلا بىتەلەي ئەمەسلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەدەنىيەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش دولقۇنىدا ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل خۇسۇسىيىتىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىۋاتقان، ئاسىيادىكى «ماكوندو» ⑧ نىڭ كۆنسېرى قاغجىراۋاتقان روھىيەت كۆلچەكلىرى غۇبارسىز شەبنەملەرنى (ھەسسىنەي، ھازىرقى تاڭ شەبنەملىرى ئۇنچىلىك غۇبارسىز ئەمەستە!) ئېمەلسە قۇرغاقلىشىۋاتقان زامانىۋى روھ ئاز-تولا نەملىنىشى مۇمكىن.

*   *   *

تىل، تىلدىكى لېكسىكىلىق بايلىق، سۆز - جۈملىنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلمىسى، ئىنسان روھىنىڭ نازۇك، مۇرەككەپ ھالىتىنى ئەينەن ئىپادىلەيدىغان زىل مەنە پەرقى، مۇزىكىدارلىق، ئىنتوناتسىيە، تىلدىكى ۋەزمىنلىك بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئادىتى، شەكلى، روھىيەت ئىزنالىرىدىن ئەلا مۇپەسسەل ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈجۈر-بۇجۇرىنى بىلىدىغان، ئۇيغۇر بولمىغان بىرسى مەزكۇر روماننى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقسا ئۆزىنى نەق «دولان ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىمەن» دەپ ھېس قىلالايدۇ.

بىر-بىرىدىن ئاتلىق تېپىشىدىغان، قولاققا شۇنچىلىك ئىسسىق ئاڭلىنىدىغان يەرلىك ئېغىز تىلى، ھېكمەت ۋە قەدىمىيلىك پۇراپ تۇرىدىغان يەرلىك شېۋىلەر روماننىڭ جېنىغا جان قوشقان. ئاپتورنىڭ ئەل ئارىسىدىكى كونا يەرلىك سۆزلەرنى، سۆزلەش ئادىتىنى تىرىلدۈرۈپ، توپلاشنى مۇھىم بىر بۇرچى دەپ تونۇغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بىز ئەدەبىي تىل دەپ ئاتاۋاتقان تىل ئاستا-ئاستا ئىلمىي تەتقىقات، تەرجىمە تىلىغا، كىتابىي تىلغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنداق بولۇشتا ناباپ تىلماچلار ۋە لاكات ⑨ يازمىكەشلەرنىڭ تۆھپىسى ئاز ئەمەس. تىلىمىز ئاز كۆرۈلىدىغان ئەبجەشلىشىش، ياتلىشىش ئېقىمىغا دۇچ كېلىۋاتقاندا، ئاپتورنىڭ تۆھپىسىنى زىيادە ھېسابلاش كېرەك.

زامانىۋى دۇنيانىڭ قېلىپلىرى بارغانسېرى لايدەك يۇمشاق، مۇداپىئە قورغىنى شۇنچىلىك ئاگرا ⑩، ئۇنتۇغاق، «تەييارغا ھەييار» ئادەملەرنى قۇيۇپ چىقارغىلى تۇردى (مۇنداق ئادەملەرگە قارىغاندا كېسەكمۇ خېلى چىڭ). قاراڭچۇ، يېتۈك تىلشۇناس مەھمۇد بۇۋىمىز 20 يىلغا يېقىن نەۋقىران دەۋرىنى سەرپ ئېتىپ، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى تەنھا كېزىپ تۈمەنمىڭ مۈشكۈلاتتا روھنى تاۋلاپ تۇرۇپ يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى مېڭىمىزنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكىلى نەۋاق. بۇۋىمىزنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك ئەمگىكى ئەلۋەتتە تۈركىي تىللارنىڭ كېيىنكى شەۋكىتى ئۈچۈن ئىدىغۇ! ئەلۋەتتە بىز بۇيەردە «ئانا تىلنىڭ خاسىيىتى ئۇنتۇلمىسۇن» دەپلا قالالايمىز. مەھمۇد بۇۋىمىز چەككەن رىيازەتلەردىن پىشكە ⑪ چەككەن بولساق، ئانا تىلغا بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى باشقىچىرەك بولاتتىمىكىن؟ بىزدە ھۆكۈمەتتىن نان يەيدىغان، سەللىسى ھەريوغان تىلشۇناسلىرىمىز كۈن بويى ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ نېمىلەرنى تەتقىق قىلىۋاتىدىغاندۇ دەيمەن. ئەگەر ئانا تىل بىر مىللەتنىڭ قان ۋە يىلىكى بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق مىللەت - يەھۇدىيلار 2000 يىل ئاۋۋالقى ئىبراي تىلىنى تىرىلدۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەرمىدى؟ «2000 - 3000 يىل بۇرۇن ياشىغان سۇلايمان، داۋۇت پادىشاھلار ناۋادا ھايات بولۇپ بۈگۈنكى تېلئاۋىف ⑫ كوچىلىرىدا ماڭسا يەھۇدىيلارنىڭ گېپىنى چۈشەنگەن بولاتتى» («يەھۇدىيلارنىڭ سىرى» غا قاراڭ). نېمىشقىكىنتاڭ، نوچى مىللەتنىڭ ھەممىلا نېمىسى نوچى بولىدىكەن. ئىنگلىز تىلىنىڭ نوچىلىقىنى ئەنگلىيىنىڭ «كۈن پاتماس ئىمپېرىيە» دەۋرىدىن، ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي سۈر-ھەيۋىسىدىن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىراق شەرقتە تىنچ ئوكياندىن كاسپىيغىچە، پامىردىن فوسفورغىچە پايانسىز زېمىندىكى تەخمىنەن سەككىز ئەسىرلىك نوچىلىقىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. تىلدىكى ھەربىر سۆزدىن شۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇر ھۆجەيرىسى ھەم تومۇرىدىكى قاننىڭ تەپتى

زاھىر بولىدۇ. بىر كۆلچەك سۇغا بىر تال چالمىنى ئاتساق سۇ بىردەمدىلا لىپىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ سۇزۇلگىچە چېلەك ـ قاپاقنى تۈتۈپ كۆتۈدىغان گەپ. ئەلۋەتتە تىل دېگەن خېلىلا مۇرەككەپ بولىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بوپكەپتۇ: ئىززىتىڭنى ئۆزۈڭ پايخان قىلساڭ، باشقىلاردىن ئىززەت كۈتمە. مەشھۇر خەنزۇ مۇتەپەككۇرى لىن يۇتاڭ ئەپەندى: «ئىنگلىزلار نەگىلا بارمىسۇن ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ» دەيدۇ. 1950-يىللاردا بىر بەت خەنزۇچە ماتېرىيال تەرجىمە قىلسا بىر بەت ئۇيغۇرچە بولۇدىكەن، ھازىر نەق ئىككى بەت بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى سەمرىپ كەتتىمۇ؟ خەنزۇ تىلى ئورۇقلاپ كەتتىمۇ؟ ياق!! بۇ تىلىمىزدىكى مەنە جۇلاسىنىڭ رەڭسىزلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، سالاھىيىتى، ئادىتىنى ئەينەكتەك يورۇتۇپ بېرىدىغان «ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز» دەك ياراشقان پاساھەتلىك دىيالوگلار، نازۇك ئىچكى-تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرى، قالتىس دەللىك ئوخشىتىشلار ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىزدە نۇرغۇن يازمىكەشلەر بار. ئۇلارنىڭ «ئەسىرى» نى ئوقۇسا ساۋاتسىز دېھقان پروفېسسوردەك، موخوركىچى، ھۆپىگەرلەر شائىر -پەيلاسوپلاردەك گەپلەرنى قىلىدۇ. مۇنداق مۇردا -ياسما پېرسوناژلار ئەدەبىياتىمىزدا ھېلىھەم لۆمۈلدىشىپ يۈرمەمدۇ؟ مەن روزى سايىت، مۇھەممەتجان راشىددىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئادىل تۇنىيازلارنىڭ شېئىرىي تىلىدىن، مەمتىمىن ھوشۇر، زوردۇن سابىر، ئۆتكۈر ئەپەندى، ئەخەت تۇردىلارنىڭ (بولۇپمۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى) پېرسوناژلىرىنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلىدىغان پېرسوناژغا شۇنچىلىك ياراشقان دىيالوگلاردىن، تەسۋىرلەردىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن. ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ئېرنىست ھېمىڭۋاينىڭ مەشھۇر پوۋېستى «بوۋاي ۋە دېڭىز» نىڭ خەنزۇچىسىنى ئوقۇپ ئانچە ھوزۇر ئالالمىدىم-دە ئىنگلىزچىسىنى تېپىپ ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ دىيالوگ تەسۋىرلىرى، مىللىيەتلىك گۇپۇلدەپ پۇراپلا تۇرىدىغان ئۆزگىچە تىل ماھارىتى مېنى شۇنچىلىك رام قىلىۋالغانىدى. بىز «ئەدەبىيات مىللىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى كېرەك» دەپ تەكرار-تەكرار تۇۋلاۋەرمەي، بىر پارچە ھېكايە، بىر پارچە شېئىرنىڭ بىرەرمىسراسىدا بولسىمۇ گەمىلىيەتتە كۆرسەتكىنىمىز تۈزۈك. يېتىۋېلىپ لاپ ئۇرغاندىن بىرەر چامدام ماڭماق ئەۋزەل. بۇ روماندىكى شېئىرىي تىل پىسخىك تەسۋىرلەرگە شۇنچىلىك ماسلاشقان. قاراڭ: «يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى ئاينىڭ يۈزىدە جۇلالىدى. ئاينىڭ يۈزى يۇلتۇزدىن نۇر ئەمدى. بۇ نۇر دالادىكى يۇلغۇنلارنى، يانتاقلارنى، سۆكسۆك، توغراقلارنى، قىرغاۋۇل-كېپىكلەرنى ئۆزىگە شەيدا قىلىپ سۈكۈتكە چۆمدۈرگەنىدى... كۆز ئالدىدا تىنىق ئاسمان، ساناقسىز يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار بىلەن لەۋ يېقىشقان دەريا... نامايان بولدى. يەرلەر ئورۇق چۈشىسىلا تۇتال بولىمەن دەپ تازا ئېسىلىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ»، مانا بۇ بىز دېمەكچى بولغان روماندىكى ئۆتىنچى ئالاھىدىلىك.

* * *

قەدىمكى بىغۇبار مەدەنىيەت، كىشى ئىشەنمىگۈدەك مەردلىك ھەم ئەركەكچىلىك قەسىدىسى بىلەن لىق تولغان بۇ «يېگانە ئارال» ئەلۋەتتە روھىيىتىمىزنىڭ پايانسىز ئوكيانىدىكى بىردىنبىر «يېگانە ئارال» ئەمەس، ئېچىلىشنى، روبىنزون كروزو ياكى كولومبودەك تەۋەككۈل قىلىپ بايقاشنى كۈتۈپ ياتقان ئاراللار سانسىز. بىزدە ئەمدى ئاپتوردەك تەۋەككۈلچى ئىمانى ئەركەك (كىمدۇ بىرسى «بوگون» ژۇرنىلىدا بۇ سۆز بىرىكمىسىنى تازا ياراتمىغاندەك قىلىدۇ. بۇئاپتور خاتىرجەم بولغايكى، جەنۇبتا ھېلىھەم تالاي ئادەملەر بۇ سۆيۈملۈك ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. توغرا، ئىمار دېگەننىڭ ئەركەك-چىشىسى يوق. بىراق تىلىمىز لوگىكىغا پەقەتلا ياتمايدىغان ، بىراق ئىنچىكىلە، ئويلاپ كۆرسەك ھېسسىيات لوگىكىسىغا ئۇيغۇر سۆزلەر ساماندەك. بۇ ھەممە تىلدا بار. تىلىمىزدىكى «كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. تاتلىق ئاڭلاندى، چىرايلىق ئاڭلاندى، كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ» دېگەندەك سۆزلەر خاتامۇ؟) «كولومبو» لار كۆپەيگۈسى، چۈنكى مۇشۇنداق «يېگانە ئارال» لار بىزدە كۆپلەپ بار بولسا، ئۆزىمىزنى تونۇش، ئىزدەش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان، بولۇۋاتقان روھىي كەڭلىكلەر كۆپەيگەن بولاتتى.

2002-يىل 22-ئاۋغۇست ، كۇچا

## ئىزاھلار

① ئايالى ② گۆش يارچىلىغۇچى ③ رازىلىق بىرىش ④ خوجايىن، پۇلدار ⑤ قوناقتا بولىدىغان قارا رەڭلىك نەرسە ⑥ قىشتا چۈشىدىغان قىرو ⑦ ئارىلاش ⑧ ماكوندو ـ گارسىيا ماركوسنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان رومانى «100 يىل غېرىبلىق» تىكى كەنت. بۇكەنت ماھىيەتتە پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكا روھىيىتىنىڭ 100 يىل غېرىبلىقىنىڭ يارقىن سىمۋولى ⑨ ئېتقىدارسىز ⑩ جانسىز ⑪ بىر ئاز، كىچىككىنە، قەشقەر ۋە خوتەن شېۋىسى ⑫ ئىسرائىلىيىنىڭ پايتەختى

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۈچىنۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# دېھقاننىڭ نالىسى

لى تۇڭگېن

تەرجىماندىن ئىلاۋە:

«ئۇنى-بۇنى ئوقۇپ قويۇش كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ ئاچقۇچى» دەيدىغان قارىشىم بويىچە، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 12-سانى پوچتىدىن كېلىشى بىلەنلا قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ چىقتىم. ژۇرنالنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى «دېھقاننىڭ نالىسى» دېگەن ماۋزۇ دىققىتىمنى تارتتۇالدى. نالە - دېمەك دەرد-ئەلەم، ھەسرەت، داد-پەرياد، يىغان ۋە پەرياد دېمەكتۇر. دېمەك خەنزۇ تىلىنىڭ تەرجىمىسىدىن چىققان بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇ سۆزلەردىن مەنە ۋە مەنداشلىق جەھەتتىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ «دېھقاننىڭ نالىسى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بايان قىلغان «نالە» لىرى بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «دېھقان بولماقتەس» دېگەن ئىبارە بىلەن قىلغان يىغانلىرىدىن ماھىيەتتە ئانچە پەرق قىلمىسا كېرەك. «دېھقاننىڭ نالىسى» سەرلەۋھىلىك بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار ۋەقەلىك ياكى ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ نالە-يىغانلىرىغا ئانچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن يەنى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا «قەلبىمىز بىر، تەقدىرداش» ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق ماھىيەتتىكى ئورتاقلىقنى چۈشىنىشنىڭ ئۆزىمۇ، مېنىڭچە، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ. تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى بىلەلمەيدىغانلارغا «تەرجىمە» ۋاستىسى بىلەن بىلدۈرۈپ، تەشنا كۆڭۈللەرگە ئارام بېرىش ئەمەسمۇ؟

«دېھقاننىڭ نالىسى» دا ئاپتور: «غۇربەتچىلىكتە چىرايى سامانىدەك سارغايغان، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، دۇمبىسى ئاسمانغا باقسا، بېشى يەرگە قاراپ مۈكچەيگەن دېھقانغا ‹ۋاي بىچارە دېھقان، ئۇۋال ساڭا! › دېمەكتىن باشقا نېمە ئامالىم بار؟ ! »

## دېھقان نېمە دەيدۇ

دەپ يازغان. بىز ئۇيغۇرلاردا «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئاپتور لى تۇڭكېنىڭ دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ قىلغان «دېھقان نالىسى» ھەرقايسى مىللەت دېھقانلىرىغا ئورتاق بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزۈم ئوقۇپ تەسىرلەنگەنلىكىمدىن ئاتايىتەن ئەستايىدىل تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىزغا سۇندۇم.

- توختى باقى ئارتىشى

ئەسلى ماقالىنىڭ تولۇق تەرجىمىسى مۇنداق:

جۇڭگو ۋۇمىن ئەپەندىنىڭ «چوكانتال مەۋسۇمىدە...» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى («فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان) نى ئوقۇپ، مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىرلەندىم.

بىزنىڭ يۇرتىمىز، قىش پەسىللىرىدە يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت ھەرقايسى مەھەللىلەرگە باج يىغىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى مەھەللىلەردە تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ. مەھەللە كادىرلىرى باج يىغىش ئۈچۈن ئۇلارنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ بارىدۇ. بەزى دېھقانلار دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولغاندا ئاشلىق توشۇشقا، يەرھەيدەشكە، ئۇرۇق چېچىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھازىرلاپ قويغان ماشىنا (تراكتور) لىرىغىمۇ باج تۆلەيدىكەن (ئۇنداق باجنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم). دېھقانچىلىقتىن قول بوشىغان چاغلاردا ئاياللارنىڭ تولىسى ئۆز ئۆيلىرىدە پارچە-پۇرات خەرج - خىراجەتلەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن توقىغان بورىلىرىغىمۇ باج تۆلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز-تولا تىجارەت قىلىدىغان دېھقانلار باج يىغقۇچىلار كېلىدىغان چاغلاردا قورقۇپ، ئىشىك-دېرىزىلىرىنى دۈملەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ.

يېزىدىكى ئاساسى قاتلام كادىرلىرىدا چىرىكلىك ئومۇملىشىپ قالغان. ئۇلار ئۆزى بەگ، ئۆزى خان؛ مەھەللىلەردە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە، توكقا ھەق تۆلىمەيدۇ، غەللە - پاراق تاپشۇرمايدۇ، مەھەللىگە تەۋە نەرسىلەرنى ئۆز ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىۋېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بولۇشىچە يەيدۇ، زىناخورلۇق قىلىدۇ؛ مەھەللىنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى ئەزەلدىن ئاشكارا ئېلان قىلىپ باققىنى يوق؛ پۇقرالار ئۇلارنىڭ خىيانەتچىلىكلىرىدىن گۇمانلىنىپ تۇرسىمۇ، كىملەرگە ۋە قايسى يول بىلەن ئىنكاس قىلىشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا يېزا كادىرلىرىنىڭ چىرىكلىكلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكىت بولسىمۇ، پاش بولىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز.

بىز مەغرۇرلۇق بىلەن: بىز دۇنيا بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئاران يەتتە پىرسەنتى بىلەن پۈتكۈل دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىرىنى بېقىۋاتىمىز، دەپ دۇنياغا ئېلان قىلىپ كەلدۇق. لېكىن بۇ كىمنىڭ ئەجرى ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ئادەم يوق.

چىرايلىرى زەپىرەڭدەك سېرىق، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، دۈمبىسىنى ئاسمانغا قىلسا، بېشى يەرگە قاراپ مۆكچەيگەن دېھقانغا «ۋاي بىچارە دېھقان، ئۇۋال ساڭا!» دېمەكتىن باشقا نېمە ئامالىم بار؟!

(M2)

## 2003-يىل 1-سانغا جىددىي تۈزىتىش

2003-يىل 1-سان 60-بەتكە بېرىلگەن «شەمس تەبرىزىم مازىرىدىكى ماجىرا» ناملىق ھېكايە ئاپتورى ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت توختى ئەپەندىنىڭ ئىسمى دىققەتسىزلىكىمىزدىن چۈشۈپ قالغان. بۇمۇناسىۋەت بىلەن ئاپتوردىن ئەپۇ سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر ھېكايە 72-بەتتىكى «ئۇ، خەلقنىڭ ئۇرپ - ئادىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغان دىرېكتورنى جازالاش كېرەك دېگەن پىكرىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرالمىدى» دېگەننى «چىڭ تۇردى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# ئەل قاتارى پاراڭلار

ئابدۇراخمان ئەزىز

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇقنىڭ «نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چىن-رېئال مەزمۇنلار ئىختىيارسىز دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. سەۋەبى، ئۆزۈمنىڭ ھەم دېھقان ئىكەنلىكىم، شارائىتىمنىڭ اقالىدىكىگە ئوخشاش بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ۇكسەك خەلقچىللىقا ئىگە بۇ ژۇرنالنىڭ تېزلا خەلق ەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، «مەدەنىيەت الاسىدىكى يېگانە چىنار» دېگەن پەخىرلىك باھاغا نائىل بولالىشى، ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن، چىنلىقى يۇقىرى، قۇرۇق شوئار ، يالغان-ياۋىداقتىن يىراق بولۇشى بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. شۇڭا، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەڭ تۆۋەن تەبىقە سانالغان دېھقان قەۋمىگە قىممەتلىك بەتلىرىدىن ئىزچىل ئورۇن بېرىپ كېلىۋاتقان ژۇرنىلىمىزدىكى مەزكۇر ماقالىغا يانداشما - تولۇقلىما بېرىش ئىستىكى بىلەن كىچىككىنە دەم ئېلىش ۋاقتىمدا كەتمەننى قويۇپ قولغا قەلەم ئالدىم.

مەزكۇر ماقالىدا «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟» نى چۆرىدەپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈلگەن، ئانالىز قىلىنغان. ئىنسانىيەتنىڭ تالاش-تارتىش تېمىسىغا ئايلانغان نامراتلىققا دائىر ھەرقايسى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم مەزمۇن، ئىشارەتلەر بىشارەتلەنگەن. مەن بۇ تولۇقلىما ماقالە ئارقىلىق «سىلەرنىڭ دەردىڭلار مېنىڭكىگە ياماقمۇ بولالمايدۇ» دېمەكچى ئەمەسمەن. «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»، «نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» لار نەزەردىن ساقىت قىلغان مەزمۇنلارنى ئەل قاتارى پاراڭ قىلماقچىمەن.

ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يېگەن، خەلق دەردىنى ئۆز دەردى بىلگەن كىشىلەر چىن ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە كىشىلەردۇر. ھازىر تۇرمۇش سەۋىيىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئاڭ-سەۋىيىمىزمۇ ئۆسۈۋاتىدۇ. خەلقىنىڭ، جۈملىدىن مەملىكەتنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان دېھقانلارنىڭ غېمىنى ھۆكۈمەت يەۋاتىدۇ. ئۆزىنى بېقىپ، ئۆستۈرگەن خەلقىنىڭ

گېپىنى ئەل ئوغلانلىرى بولغان شائىر-قەلەمكەشلەر دەۋاتىدۇ. ئازساندىكى (بىراق پارازىت قۇرتىدەك كۆپىيىۋاتقان) بيۇروكرات - پارىخور ئەمەلدارلار دېھقانىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، ھەققىنى يەۋاتىدۇ.

يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ دېھقانلار ئاز-تولا ھاللىنىپ قېلىۋىدى، خۇددى شۆھرەتلىك خەلق شائىرى، رەھمەتلىك روزى سايىت ئاكا يازغاندەك «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» بولدى. بىر كۈنلۈك ئېتىز-ئېرىق، دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىقلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان دېھقانلارنى بىكار قالدى دېگەندەك، كېچىسى ئۇخلىماي چىراق يورۇتۇپ قۇرت تۇتۇش، ساراڭلار ساناتورىيەسىدىكى نېرۋا كېسەللىرىدەك بىر كۈندە ئىككى قېتىم يول ئېلىپ قايتابۇزۇپ - تۈزلەش... تەك باشنى ئايلاندۇرۇدىغان يېڭىدىن يېڭى ئىشلار تىنىم تاپقۇزمىدى. كەنت-مەھەللە ئەمەلدارلىرى تېتىقسىزلىشىپ شۇيەرگە يەتتىكى، تۇتقان قۇرتلارنى خۇددى قۇشخانىدا كارانتىن قىلغاندەك «قۇرتلىرىڭ پارچىلىنىپ كېتىپتۇ، ساناققا ئۆتمەيدۇ» دەپ، سان توشمىسا جەرىمانە قويۇپ چۆنتىكىنى تومىلىدى. ھەرقانچە بولسىمۇ، مەركەزدىن ئاپتونوم رايونغىچە چىقارغان ھۆججەت - سىياسەتلەردە «قۇرت جەرىمانىسى» ئال دېگەن تۈزۈمنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. شۇنداقتىمۇ، ئۆزۈم ھەرىيلى بىرقانچە قېتىم «قۇرت جەرىمانىسى»، «سۇ جەرىمانىسى»، «مەجلىسكە كېچىكىش جەرىمانىسى» دېگەنلەرنى تۆلەپ كېلىۋاتىمەن. قىزىق يېرى شۇكى، ناھىيە، يېزا ئەمەلدارلىرىدىن تۇرپانغا خىزمەتتە تۇرۇپ چىنىقىشقا بېرىپ كەلگەن بىرسى يولدىن تارتىپ ئېتىز-ئېرىقنىڭ قىرلىرىغىچە ئۆزۈم سالدۇرسا، ئارقىدىن كورلىغا بارغان يەنە بىرسى ئەمدىلا تۇتۇپ قۇلاق چىقارغان ئۈزۈملەرنى قومۇرتۇپ تاشلاپ، «نەشپۈت بازىسى» قۇرغىسى كېلىدىكەن. نەشپۈتلەر ئەمدىلا كۆز قويغىدەك بولغاندا، «پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى مەشۈت يوتقاندا ياتقۇزغىسى كەلگەن» بىرسى قوپۇپ ھەممە جايغا ئاق ئۈجمە قويدۇردى. دېھقانلار ئەمدىلا پىلە بېقىشنىڭ

يوللىرىنى ئىگىلەپ ھېرىندىرسىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۇرۇك كۆچىتى سېلىش ئالۋىڭى يامراپ ئۇجمىلەر كېسىپ تاشلىنىپ ئوتۇنغا ئايلاندى. «ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەندەك، سان-ساناقسىز سېلىنغان ئۇرۇكلەرنىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ، بازار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، دېھقانلارغا قالغىنى ھەممىلا يېرىنى يىلتىز چىرماپ كەتكەن ھوسۇلسىز ئېتىز بولدى. خۇددى «مايمۇن ئەمەلدار بولسا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان خەلقنى دەرەخكە چىقىشقا مەجبۇرلايدۇ» (ھەبىبۇللا مىجىت: «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى2002-يىل1-سان)، دېگەندەك ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلماي ئىش تۇتۇشتەك بيوروكراتلىق، قارىغۇلارچە باشقۇرۇشلاردىن دېھقانلار زادى نېمىنى قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە گاڭگىراپ قېلىشتى.

«جان-دىل بىلەن خەلققە چاكار بولىمىز»، «ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئاۋامنىڭ چاكىرى» دېگەن قەسەملەر بىلەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ۋە «ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان» خەلق باشچىلىرىنىڭ «چاكار» بولغۇسى كەلمەي يەرلىك زومىگەرلەرگە ئايلىنىپ، خەلق سايلاپ، ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ئەلنىڭ تەقدىرىنى ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتقانلىقىدەك رەزىللىكلىرى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئايمۇ ئاي بېرىۋاتقان مائاشى «يەتمەي» سالا-سالالاپ يەر تېرىۋاتقان باشلىقلار ھەرجايدا بار. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، سۇنى ئۆزلىرى باشقۇرىدۇ. دېھقانلارنىڭ يېرىگە سۇ يەتمىسىمۇ ئۇلارنىڭكىگە ۋاقتى - قارايدا كىرىۋېرىدۇ. تراكتورلارنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. دېھقانلارنىڭ يېرىنىڭ ئوسسى ئۆتۈپ قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەيدەپ-تېرىلىۋېرىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرى پىشىپ-قېقىلىپ كەتسىمۇ تۇرۇپ تۇرىدۇ، خۇشامەتچى كىچىك ئەمەلدارلار بىرلا بۇيرۇق بىلەن دېھقانلارنى ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى بىكارغا يىغدۇرۇپ تەييار قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ناھەقچىلىكلەرگە بىر ئېغىز قارشىلىق قىلغۇدەك كىشى چىقمايدۇ. چۈنكى قارشىلىق قىلغۇچى يىل بويى ھاشارغا ھەيدىلىشتىن، يەر-سۇيىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. «ئۆگىنىشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان» بەزى باشچىلىرىمىز خەلق مەنپەئىتىگە ئاشۇنداق «ۋەكىللىك» قىلىدۇ.

مۆھتەرەم يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق ئاكا: سىز ئېيتقان ھەرىيلى «ھەمكارلىشىپ كېسەل داۋالاش» نامى بىلەن پاختا زاۋۇتىنىڭ كىچىك تۆشۈكىدىلا تۇتۇپ قېلىنىۋاتقان ئاقچىلارنىڭ ئەمەلىيلەشمەي، ياقولغا قايتۇرۇلماي تۇرغىنىمۇ بىز دېھقانلار ئۈچۈن بىر پايدىسىز ئىش بولدى. ئىسسىق سۇغا چىلانغان تېرمومېتىرنىڭ سىماب تۈۋرۈكىدەك كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان داۋالىنىش راسخوتلىرى دېھقان ئۆمرىگە كاپالەتلىك قىلالماي قالدى. بىر سوتكا يېتىپ قالسا نەچچە يۈز سومنى ئېلىپ بولىدىغان ئېغىر داۋالىنىش خىراجىتىدىن قورقۇپ، خەتەرلىك قىزىتمىنى كۆك چامغۇرنىڭ يوبدىنىدا ياندۇرۇپ بولالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى ھەرقانداق بىر نامرات دېھقاننىڭ ئۆيىدىن ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ. دوختۇر چىقىمىنىڭ ئېغىرلىقىدىن دوختۇرغا بارماي، يېزا-بازارلاردا سەييارە كېسەل داۋالايدىغان ئالدامچى-كاززاپ دوختۇر-تېۋىپلارنىڭ ئەرزان، ساختا دورىلىرى بىلەن جېنىنى قىيناپ يۈرۈيدىغان بىچارە دېھقان قەدەممەدە بىر.

مۆھتەرەم يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق ئاكا: «مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۈتكۈل جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى» دېگەن بۈيۈك شوئار توختىماي ياڭراۋاتقان مۇشۇنداق دەۋردە، سىز نامراتلىقنىڭ دەردىدىن ئوقۇش ھەققى، كىتاب پۇللىرىنى تاپشۇرالماي ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان بالىلارنىڭ چەت-يىراق سەھرايى قىيامەتلەردە زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ كېرىيە شىۋۇلدىكى 13ياشلىق مەسۇم ئوغۇل بىلەن 11ياشلىق سەبىي قىزچاق ئاكا-سىڭىللار 20يۈەندىن جەمئىي 40يۈەن ئوقۇشلۇق پۇلى تۆلەش كېرەك بولغاندا، 360كۈن تاڭدىن شامغىچە ئىشلىگەن جاپاكەش دېھقان ئاتا-ئانا تۈگمەس سېلىق ۋە جەرىمانىلەردىن ئېشىنىپ ئاران 20يۈەن بەرگەندە، بۇ 20يۈەننى ئاكىسى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ: «بۇ پۇلنى سىز تۆلەپ كىتاب ئېلىڭ، ياخشى ئوقۇڭ» دەپ ئۇنى مەكتەپكە ئۇزۇتۇپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلىۋالغانلىقىدەك (نۇرمۇھەممەت توختى: «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سان) پاجىئەلىك ۋەقەنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟! ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان مۇئەللىملىرىمىزنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان دەرس ۋاقىتلىرىنى ئوقۇش ھەققى، بەدەل پۇلى، كىتاب پۇلى، ئىستىراخوۋانىيە پۇلى، قوشۇمچە راسخوت ھەققى... يىغىش، قەرز سۈيلەش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىنى، مۇئەللىملەردىن خۇددى ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقۇشۇپ، مەكتەپكە كەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى يىغىمەن دەپ توپىلىق يولدا كۈندە نەچچە مەرتىۋە سوكۇلدايدىغان، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن مۇئەللىملەرنىڭ يۈرەك قېنى، كۆز نۇرىنى ئەۋلادلارغا بېرىۋېتىشى بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنە مائاشىمۇ ئايمۇئاي قولىغا ساق تەگمەي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىتاب پۇلى، بەدەل پۇلى... قاتارلىق ھەرخىل ھەقلەرگە تۇتۇپ قېلىنىپ، ئاخىرىدا كىچىككىنە «قەرزدارلار» بىلەن ھەركۈنى سوقۇشقاق خورازدەك، ئۇرۇشقاق قوشنىدەك، پېتەشماس كېلىندەك زاكونلىشىپ جىلە بولۇۋاتقانلىقى، ئامالسىز پۇلى يوق بالىلارنىڭ پۇل ئورنىغا تۇخۇم ئاپىرىپ قەرز تۆلەۋاتقانلىقىدەك ئىپتىدائىي «نەرسە ئالماشتۇرۇش» ھالەتلىرىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغاندۇرسىز؟! ئەلۋەتتە ئاڭلاپ، كۆرۈپلا كېلىۋاتىمىز. نامراتلىقنىڭ

سەۋەبى بىلەن بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىۋاتقان ئائىلە ۋە خەققە بالا باققۇچىلىققا سېلىنىۋاتقان بالىلار ئازمۇ؟ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى يەرلەردە قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر بالىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇتۇشتەك ئېسىل ئادەت شەكىللەنسە، بىزدەكلەرنىڭ يۇرتىدا بالىلىرىنى يېلىنىپ يالۋۇرۇپ مەكتەپ تىزىمىدىن ئۆچۈرگۈزۈشتەك پاجىئەلىك تەتۈرلۈك مەۋجۇد. ھەتتا يېقىندا بىر يېزا دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ ئۈستىدىكى ئەمەلدارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، يەرلىك مائارىپ تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىرقانچە مىڭ سومغا رېستورانغا باشلاپ، بىر قىزچاقنى بالا باققۇچى قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇنداق ئىشلارنىڭ نامراتلىق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەگەر ئاشۇ قىز ئۆزكۈنىنى ئۆزى ئېتەلىگۈدەك ئائىلىدىن بولغان بولسا ھەرگىزمۇ يېڭىچە دېدەكلىككە تۇتۇلماس ئىدى، ئاخىر!

دېھقانلاردىكى ئېغىر نامراتلىق ۋە يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ نومۇسسىزلارچە پورداقچىلىق - لەببەيچىلىكى تۈپەيلى، يېڭىچە شەكىلدە بىخلاپ باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان «قۇلدارلىق» تۈزۈلمىسىنىڭ ئېبلىس قولى سەبىي، تاتلىققىنا گۈدەكلىرىمىزگە - ئەتىگەن سائەت سەككىز - توققۇزلاردا كۆتۈرۈلگەن نۇياشتەك ياش بوغۇنلىرىمىزغا - كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىگە سوزۇلماقتا. بۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى ياسىزنىڭ قىزىڭىز، يا سىڭلىڭىز، ياكى بولمىسا ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋم-قېرىندىشىڭىزغۇ، ئاخىر؟!

ئەگەر رېستورانغا خەجلىگەن ئاشۇ بىرەر مىڭ سومنى بالا باققۇچىلىققا مەجبۇرلانغان شۇ سەبىي قىزچاقنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىل دېسە ئاشۇ يالاقچى ئەمەلدار نېمە دەر؟ ( مېنىڭچە، بۇنداق قارا قورساق، قارا بىس نائەھلىلەرگە گەپ قىلىمەن دەپ ئېغىزنى لاۋزا قىلىش ئارتۇقچە بولسا كېرەك. - مۇھەررىردىن) دەرىخا، بىزدەك ئۆز خەلقىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ھالاك قىلىش يولىنى تاللىۋالغان تەتۈرلۈك يەنە كىمدە باردۇ؟

مېنىڭچە، بىزدىن باشقا ھېچكىمدە يوقتۇر!

يېقىندا بىر ئەمەلدارنىڭ مەلۇم بىر يىغىلىشتا، تاغدىكى چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى «كىشىنى خۇشاللاندۇرغىدەك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ھەرقانداق بىر چارۋىچى ئائىلىسىدىن بىرەر رادىئونى كۆزگە چېلىقتۇرغىلى» بولۇدىغانلىقىنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىماقچى ئەمەسمەن. بىراق تۇپتۇز سېلىشتۇرغاندا ھەرئۆيدە 50-60سوملۇق رادىئو بولۇش دېگەن 1970-يىللارغا خاس تەرەققىيات بولسا كېرەك. تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ كىچىك بالىلارچە سۆز. چۈنكى، ھازىرغىچە ئېلېكتر نۇرى كۆرمىگەن چارۋىچى ئائىلىلىرىدە رادىئو بولۇشى كۆندۈم ئەھۋال. بولمىسا، ھازىرقىدەك ئېلېكترون، ئۈچۈر دەۋرىدە كىشىمۇ ئۆيلىرىگە كومپيۇتېر، تېلېۋىزور، VCD لەرنى تىزىۋالغۇسى يوق؟ ئەمەلىيەتتە ئېلېكتر يورۇقى كۆرۈلمەي ھازىرغىچە ئاسارئەتىقە چىراقلىرىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان ساددا چارۋىچىلار تېخى كۆرمىگ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ ئۆزىگە ئاش-نان، گۆش-ماي بېرىپ بېقىۋاتقان بۇ جاپاكەشلەرنى نادان، قاششاق، ھورۇن دەپ يېزىۋاتقان تۈزكور «يازغۇچىلار»نىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

مۇقىم دەم ئېلىش ۋاقتى ۋە مائاشى بار ئاشۇ كىشىلەر ئازادە، يورۇق، ئىللىق ئىشخانىلاردا ئولتۇرۇپ گەجگىسىدىن شور قايىنىغان، چىرايىنى توپا-چاڭ باسقان، جۇل-جۇل دېھقانلارنى يارانقۇسى كەلمەي، يىرگىنىپ، تېخى ئۆزلىرىچە ئۇلارنى ھورۇن دەپ تىللىسا كېرەك. دېھقانىنىڭ جاپاسىغا پەقەت دېھقانلا چىدايدۇ. ئۇلار خوراز چىللاش بىلەن تەڭ تۇرۇپ زىرائەت ئوتاش، يۇمشىتىش، سۇ تۇتۇش، پىشقاننى يىغىش، ئالۋاڭ-سېيسىلەرگە بېرىش، خالىسانە ئەمگەك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش قاتارلىق ئىشلارغا تەڭ چېپىپ بىر جېنىنى ئونغا بۆلۈپ ئىشلەيدۇ. ئۇندىن باشقا ھەركۈنى تۆت قېتىم «سېغىنىپ» كېلىدىغان «ۋالاقتەككۈر» مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ جازا ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەردەك ئالدىغا سېلىپ ھەيدىشى بىلەن كەنت ئىشخانىسى قورۇسىغا يىغىلىپ كۈنىگە ئۈچ-تۆت قېتىم دوق-پوپوزا ئاڭلاش، ئەمەلىي ئۇنۇمىدىن كۆرە ئاۋارىگەرچىلىكى تولا تۈگىمەس ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا «خوش-لەببەي» دەپ ئاۋاز قوشۇش، ئۈزۈلمەي بېرىلىۋاتقان ئۇششاق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتەك ئايىغى چىقماس ئىشلارنى ئۆزۋاقتى-قەرەلىدە تۈگىتىپ يەنە ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمىغان ئاشۇ جاپاكەش، بىمىننەت دېھقانىنىڭ ئۆزى چوڭ قىلغان پەرزەنتلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ «ھورۇن» دەپ كەمسىتىشىگە ئۇچرىشى دېھقان ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھاقارەتتە، ئاخىر!

دېھقان دېگەن دۆلەتنى باقىدۇ، ئائىلىنى باقىدۇ. ئۇچار-قۇش، قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ ئۇنىڭ مېھنىتىگە ھەمشېرىك. ھەركۈنى كېلىپ تۇرۇدىغان سائىللارمۇ شۇنىڭ قولىغا قاراشلىق. دېھقان شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكى، «تۇنۇگۇنمۇ كەلگەنتىڭ، كېتىپ تۇر» دېمەيدۇ. ھەرخىل سېلىق-ئالۋاڭ، جەرىمانىلەرمۇ شۇنىڭغا قاراشلىق. دېھقان شۇنداق كەڭ قورساقكى، « تۇنۇگۇنمۇ ئالغانىدىڭ، ئېلىۋېرەمسەن؟ » دېمەيدۇ. ئاجىز، غېرىب-غورۋانىمۇ باقىدۇ. كۈچلۈك، قولى ئۇزۇنلارنىمۇ باقىدۇ، ئۇنىڭ دەم ئېلىشى، تەتىلى، پېنسىيىسى ۋە پېنسىيە مائاشى دېگەنلەر قەتئىي بولمايدۇ. بۇنداق چىدامىلىق، كۆتىرىشچان ئادەملەرنى «ھورۇن» دېگەنلەر ئۆزى بىر دېھقان بولۇپ، ئاشۇلار چىدىغان كۈنگە بىر چىداپ باقسۇنچۇ، قېنى؟!

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزىسىدىن، دېھقان(M1)



# دېھقانىنىڭ دەيدىغانلىرى

**ـ«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېچىلغان«دېھقان نېمە دەيدۇ»سەھىپىسىنى كۆرگەندىن كېيىن**

**يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ماۋزېدۇڭنىڭ: «خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ»، «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» دېگەن ھۆكۈملىرى ھېلىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. داھىي بۇ گەپلەرنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئەمەس، ئازادلىقتىن ئىلگىرى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئېيتقانىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش قىلىپ خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان خەلق ئارمىيىسى بولمىسا بولمايتتى. ھازىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەيۋەندىن باشقا جايلىرىدىكى خەلق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئازادلىقىغا، ئەدلى-ئادالىتىگە ئېرىشتى. ئەمدى خەلق چەت ئەل زوراۋانلىرىنىڭ تاجاۋۇز-ئىستىبلاسىدىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ۋەھىمە يېمەي، خاتىرجەم كۈن كەچۈرىدىغان بولدى. شۇ قاتاردا خۇددى ماۋزېدۇڭ بىر شېئىرىدا ئېيتقىنىدەك: «بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەندەك، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بارچە مىللەت خەلقىمۇ، جۈملىدىن، مۇشۇ رايوننىڭ كۆپ سانلىق ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ بار، ئەلۋەتتە!

دېمەكچى، خەلقىمىز ھازىر ماۋزېدۇڭنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى زاكونى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن چۈشىنىپ يەتتى؛ مىلتىقتىن ھاكىمىيەتنىڭ چىقىدىغانلىقىغا، خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ راستىنلا ھېچ نەرسىسى بولمايدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەندى.

مەملىكىتىمىز جۇڭگو يەنىلا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان دېھقانچىلىق چوڭ دۆلىتى. يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەتلەردە يېزا ئاھالىسى - دېھقانلارنىڭ شۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغانلىقى زاكون كەتمەيدىغان مۇقەررەرلىك. جۇڭگودىكى 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىنىڭ 85 پىرسەنتى ئەتراپىدىكىسى دېھقان؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ 90 پىرسەنتى ئەتراپىدىكىسى دېھقان. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، خەلق دېگەندە، كۆز ئالدىمىزغا دەرھال دېھقانلار كېلىدۇ ھەم كېلىشى كېرەك. بەلكىم، ماۋزېدۇڭمۇ

www.uyghurkitap.com

خەلق دېگىنىدە، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئەسىرىدە ئاساسلىقى دېھقانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، دېھقانلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ماۋزېدۇڭ دېھقانلارنىڭ رولى چوڭ، مۇھىم توپ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا بىز: خەلق دېمەك ـ دېھقان دېمەك، دېھقان دېمەك ـ خەلق دېمەك، دېسەك خاتا بولماس. خەلقسىز (دېھقانسىز) دۆلەت بولمايدۇ. خەلقسىز (دېھقانسىز) ھاكىمىيەتمۇ بولمايدۇ. دۆلەت خەلق (دېھقانلار) ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ. ھاكىمىيەتمۇ خەلق (دېھقانلار) نىڭ كۈچى ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. بىز يىراققا كەتمەي يېقىنغا، دۇنيا تارىخىغا كەتمەي جۇڭگو تارىخىغا ، ياتلارغا كەتمەي ئۆزىمىزگە نەزەر سالساقلا، بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىنى كۆرەلەيمىز. جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن بۈيۈك ئىنقىلاب خۇنەن دېھقانلار قوزغىلىڭى، جياڭشى دېھقانلار قوزغىلىڭى. . . غا ئوخشاش دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئارقىلىق باشلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشكەنىدى. 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا پارتلاپ، بىر مەھەل نىسبىي غەلىبىگە ئېرىشكەن «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى»مۇ دەسلەپتە فاتىخ باتۇر، غېنى باتۇرلار باشچىلىقىدىكى ئىلقا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاساس قىلىپ زورىيىپ، ئاشۇ غەلىبىگە ئېرىشكەنىدى. دەپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغاچقا، داھىي ماۋزېدۇڭ : «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى - جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم شۇ ئىنقىلابنىڭ شاراپىتىدىن بولسا كېرەك، دىيارىمىزغا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ بەرگەنىدى. ئەلھال، ھازىر مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىپ، جۇڭگو زېمىنىدا يېڭى بىر خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىلى ئەللىك يىلدىن ئاشتى. خەلقنىڭ ئارمىنىسى بولغاچقا خەلق ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، خەلقنىڭ ئىلگىرى يوق خېلى كۆپ نەرسىلىرى بار بولدى. لېكىن خەلقنىڭ ھەممىلا نەرسىسى تەل بوپكەتتىمۇ؟

كەمىنە دېھقان قەلەمكەشنىڭ چولتىراق ئويلىشىمچە، دانا داھىيىمىز ماۋزېدۇڭ گەرچە ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگودىكى تەيۋەندىن باشقا بارلىق خەلقلەرگە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى توسالغۇلار تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى زامانغا، زامان ئىنسانىغا لايىق كاپالەتكە ئىگە قىلالمىدى. (بۇنىڭلىق بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ) . جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانغا قەدەر بولغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز (جۈملىدىن دېھقانلىرىمىز) قاتتىق-يىرىك، سۆيۈق-سەلەڭ بولسىمۇ قورسىقى توق بولۇش، ياماق سېلىنغان بولسىمۇ سوغۇقتىن ساقلايدىغان، كۆيدۈرگۈ ئاپتاپتىن دالدا قىلىدىغان كىيىمى بولۇشتەك ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسانىي ھاجەتلىرىمىز تۈزۈك راۋا بولماي ياشىدى. يەنە تېخى ئۈزۈلمەي تۈۋلىنىۋاتقان تۈرلۈك قىزىل باشلىق شوئارلارغا ئاۋاز قوشۇپ، قولۇم-قوشنا، قەۋم-قېرىنداشلىرى ھەرخىل ھەرىكەت، دولقۇنلاردا تاياق-توقماق، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ كۆرمىگەن، بىلمىگەن بولۇپ، ئۇنداق ئىش بولمىغاندەك قىلىپ:

«دەۋرىمىز ئازاد،
كۆڭۈل شادىمان.
بازارلار ئاۋات،
تۇرمۇش پاراۋان.»

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈردى. بۇ، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ زامان زورى تۈپەيلى تېشىدا ئايەم، ئىچىدە ماتەم، دىلىدا روزا، سىنىدا① ھېيت قىلىشى ئىدى. . . بۇنداق ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ مەنىۋى توقلۇقىدىن گەپ ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغلاردا «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە» دىن بىر نەچچىنى يادلىۋالغانلار زامان ئاقىللىرى-مەنىۋىيىتى تويۇنغان زىيالىيلار بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئاشۇ ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدا ئۈچ قېتىم خاتالاشتۇرۇلۇپ، يەنە ئۈچ قېتىم ئاقلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ ئاخىرقى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، ئومۇمىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ، ئالدىنقى رەھبەرلەرنىڭ ئەكسىچە، سابىق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋىلادىمىر ئېلىچ لېنىننىڭ : «نامرات ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزىنى قىبلىنامە قىلىپ، «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى باي-باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭ شاپائىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئاددىي بولسىمۇ ئۇچىسى يالىڭاچ قالمايدىغان، قاتتىق-قۇرۇق بولسىمۇ قورسىقى ئاچ قالمايدىغان يېڭىچە يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. لېكىن مەنىۋى جەھەتتە توق بولۇش تەلىپىدىن خەلقىمىز - دېھقانلىرىمىز يەنىلا يىراقتا ئىدى .

1989-يىلىدىن تارتىپ پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبىرى جياڭ زېمىن پارتىيە ۋە دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىدى. شۇندىن تارتىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگىلى تۇردى. ئەمدىلىكتە دېھقانلار ئاچ، يېلىڭ قېلىشتىن ئاساسەن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. ھازىر قارىسىڭىز، مەندەك نامرات دېھقاننىڭ ئۈچىسىدىمۇ ئۆزىگە لايىق كىيىم-كېچەكلەر كۆرۈنىدۇ، قازىنى ئوچاقتىن چۈشۈپ قالمايدۇ. يىلىسېرى يولغا قويۇلۇۋاتقان

پايدىلىق سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە دېھقانلارنىڭ يانچۇقى پىشكە② پۇل، قوتىنى ئۈچ-تۆت تۇياق چارۋا كۆردى. شۇلارغا قاراپ دېھقانلارنى باي بولدى، توقچۇزى تەللەشتى دېگىلى بولامدۇ؟ ياق. دېھقانلىرىمىز بۇ سەۋىيىدىن يەنىلا يىراقتا. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، رەئىس جياڭ زېمىن پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىدا «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. ھاللىق دېگەن سۆزنىڭ زاغرا تىلىدىكى مەنىسى -ھالى-كۈنى ئوبدان، دېگەنلىك بولىدۇ. ھاللىق ئادەملەر تۇرمۇشتىكى تەلەپ-ئېھتىياجلىرىدىن باشقىلارغا موھتاج بولماي، دەرمەھەل ئۆزى چىقالايدۇ. ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ۋە يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن مەركەز يولغا قويغان تۈرلۈك نەپلىك (پايدىلىق) سىياسەت، بەلگىلىمىلەر تۆۋەندە ئەمەلىي، توسالغۇسىز ئىشلەنگەن بولسا دېھقانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بۇ چاغقىچە ھال-كۈنى ئوبدان (ھاللىق) ھالەتكە يېتىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋاستىلىق راپاۋىتىدە③ دېھقانلارنىڭ يانچۇقى ئاقچا، ئېغىلى چارۋا كۆرۈۋېدى، «خەلق ئۈچۈن ئىشلەش» دېگەننى ئۇنتۇغان، ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن يوچۇق ۋە پۇرسەت ئىزدەيدىغان بەزى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزى قىزىرىشقا، نەپسى يوغىناشقا باشلىدى. ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەلگە نەپلىك سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئۆزنەپسىلىرىگە نەپلىك تەدبىقلاپ، ئەمدىلەتىن ئۈچىسى ئىلىپ، قورسىقى تويۇشقا باشلىغان دېھقانلارنى ئۆتمۈشتىكى بەگ - دورغىلاردەك يونۇش، شىلىشقا باشلىدى. دېھقانلار ئۈستىدە مەركەز، ئاپتونوم رايون تۈزگەن سىياسەت - بەلگىلىمىلەردىن چوڭراق يەرلىك «بەگ - خوجا» لار «ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ» يولغا قويغان سىياسەت - تەدبىرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى تۇردى. دېھقانلارنى تۈرلۈك ناملاردىكى ئالۋاڭ-سېلىق، ھاشار، جەرىمانە چەمبىرەكلىرى ئورۇۋالدى. . . ماۋزېدۇڭ ئەينى چاغدا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئەسىرىدە: «. . . قىلچىمۇ ئۆزمەنپەئەتىمىزنى كۆزلىمەي، ئۆزىمىزنى ئۇنتىغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن خەلق مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!» دەپ كۆرسەتكەنىدى. رەئىس جياڭ زېمىنمۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلىگەنىدى (بۇ، ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ زامان تەرەققىياتى ۋە تەقەززاسىغا ماس تەتبىقلىنىشى). ئەمدىلىكتە يېزىلاردا بۇ داھىيلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان كادىرلار ئازىيىپ كەتتى. نۇرغۇن دېھقانلار: زامان كەينىگە يېنىپ كەتتىمۇ، نېمە بولدى؟ قانداق زامان بوپكەتتى؟ دېيىشىپ ھەيران بولدى، قايمۇقتى، «زامان» دىن زارلاندى. بىر قىسىم ساددا دېھقانلار ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ يەرلىك زامان زورلىرىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت دەپ، ئۇلار «ئۆز يېرىگە ماسلاشتۇرۇپ» يۈرگۈزگەن چارە - تەدبىرلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى دەپ بىلىپ، «خاننىڭ ئەمرى ۋاجىب» دېگەن ئەقىدىلىرى بويىچە غىڭ قىلالمىدى. ئاز ساندىكى بىر قىسىم «قۇلاق كەستىلەر» ئۆز يېرىدىكى زامان زورلىرى ھەم ئۇلارنىڭ يەرلىك سىياسەتلىرىگە داۋۇت داڭقان (ياسىنجان سادىقنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 6-سانىدىكى «چاشقان ئاپتى» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژ)، مەمتىمىن سەيدىن (ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستىدىكى پېرسوناژ) لاردەك ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قارشىلىق قىلدى، زاكونلاشتى، «بويۇنتاۋلىق قىلدى» . . . بۇلار ئاقمىغاندا، يۇقىرىسىغا ئەرز-داد ئېيتتى. بۇ «يۇقىرى» دىكىلەر ئۇلارنى «يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى شۇنداق، بويۇنتاۋلىق قىلماي، چىرايلىقچە بېرىپ ئىشىڭنى قىلىش! بولمىسا. . .» دېگەن ۋەھىملىك تەنبىھنى بېرىپ ئارقىسىغا ياندۇردى. ئۇلار «يېگەن زاغرىسىنىڭ سىڭگىنىنى بىلمەي» ئۇلاردىنمۇ يۇقىرىغا باردى. ئۇ يەردىنمۇ كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەي دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىت-تىت بولۇپ قايتتى. چۈنكى بۇ يەردىكىلەردىن ئۇلار «بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىياسىتى. مەسىلە بولسا بىز تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىمىز. سىلەر ھۆكۈمەت بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمر-پەرمانلىرى بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟!» دېگەن پۇت - قولنى تىترىتەرلىك جاۋابنى «يوللۇق» ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى، قايمۇقۇشى تېخىمۇ ئاشاتتى، قورساقلىرى يەل چىگدىۋالغان رېزىنكە چاقتەك كۆپەتتى. يەنە تېخى دەرد توغرىسىدىكى بىر قوشاقتا:

«دەردكە دەرد بەردىڭ خۇدا،
دەردمەنگە دەرد بەردىڭ خۇدا.
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ،
ھەسسىلەپ بەردىڭ خۇدا.»

دېيىلگەندەك، «قۇلاق كەستىلەر» نىڭ ئەسلىدىكى دەردلىرى ئۈستىگە يەنە دەرد قوشۇلغىنىنى يەتمەيدىغاندەك، بۇ خۇدا ئۇرغانلارنى «خۇدا بەردىلەر» قوشلاپ ئۇرۇپ، داۋۇت داڭقان، مەمتىمىن سەيدىنلەردىنمۇ پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلدى④. ئۆز تائىپىلىرىدە موللىلىق قىلالىغان بۇ ساددا «قۇلاق كەستىلەر» ئۆزلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان «يۇقىرى» لار بىلەن ئۆزلىرى ئەرز-داد ئېيتقان «يۇقىرى» لارنىڭ ئۆزئارا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ئالىبۇرۇنلا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدىغان، «ئاققوناقتىن ئاق بالام، سېغىزخاندىن ساق بالام» دېگەن ھالەتنى شەكىللەندۈرۈۋالغانلىقلىرىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيتتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەردۇ-ھالىغا يەتمىدىغان، ئۆزلىرى رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە كۆرگەن، ئاڭلىغاندەك ھەق-ئادالەتكە ۋە ئۇنى ئىجرا

www.uyghurkitap.com

قىلدۇرغۇچىلارغا بەكمۇ موھتاج ئىدى، خۇددى قۇرىغان ئېرىقتىكى بېلىق سۇغا تەشنا بولغاندەك... ئۇلارنىڭ موھتاجلىقى-ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان، تەشنالىقىنى قاندۇرۇدىغان يەر بولسا ئۈرۈمچىدە، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭى بېيجىڭدا ئىدى. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۇ يەرلەرگە بېرىشقا ئىقتىدار-ئىمكانى، قوربى-چامى يەتمەيتتى... ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئانچە مۇرەككەپ تېخنىكا، مۇپەسسەل نەزەرىيىۋى بىلىم سەرپ قىلمايلا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزلىرىگە كەلمەتەبىيىدىنمۇ يادقا بوپكەتكەن دېھقانچىلىق قىلىش تەس بوپكەتتى. دېھقان بولۇش تېخىمۇ تەسلەشتى. ئۇلار بۇ تەسلىكلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈدىغان بىرەر مەنبە (تەشۋىقات مەنبەسى) گە، بىرەر خالىس جاكارچىلار توپى (يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار توپى) غا ھەم ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ ئېھتىياجمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قامدالمىدى. ھازىرغا قەدەر مۇخبىرلارنىڭ قەلەم، سىنتارتقۇ (ئاپارات) لىرىغا ئاشۇ موھتاج، دەردمەن دېھقانلارنى تەس كۈنگە قويغان پەرلىك زامان زورلىرىنىڭ «تۆھپە-نەتىجىلىرى»، دېھقانلارنىڭ تېشىدا بايرام ھالەتلىرى ئېلىنىدىكى، بۇ ئۇچى سۇنغۇر، كۆزى كور بولغۇر قەلەم، سىنتارتقۇلارغا دېھقانلارنىڭ ئىچىدە ماتەم ۋە روزا ھالەتلىرىنى ئېلىش نېسىپ بولمىدى. تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا بىر قىسىم زامان زورلىرىنىڭ كۆرەڭ، مەغرۇر، «جاپاكەش»، «كۆيۈمچان» ھالەتلىرى كۆرۈندىكى، دېھقانلارنىڭ بىچارە، تەلمۈرۈشچان كۆرۈنۈشلىرى كۆرۈنمىدى. «ئۇسۇرۇقتا مەدھىيە» يازغان شائىرغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن شائىرلار زامان، دەۋر، تۈزۈم، نەتىجە... لەرنى مەدھىيىلەپ تالاي-تالاي شېئىرلارنى يازدىكى، دېھقانلارنىڭ تەس كۈنلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپمۇ، بۇ ھەقتە بىر پارچىمۇ شېئىر يازمىدى. ئارتىسلىرىمىزمۇ سەھنە - ئېكرانلاردا:

«مول ھوسۇلنىڭ شادلىقىدىن،
يايراپ كەتتى دېھقانلار».

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئەتىيازدا پەيدا بولغان كۆركىرىغاق، دىكدىك پاقىلاردەك ئۆزلىرى يايراپ كەتتى...

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، دېھقان بىلەن تەقدىرداش، دىلداش، نەپەسداش بولغان بىر شائىر شائىرلىرىمىز ئارىسىدىن قاپلاندەك نەرە تارتىپ چىقىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇ، دېھقانلارنىڭ تەس كۈنگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىلىپ، ۋىجدانى كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىشقا يول قويماي ئوتتۇرىغا چۈشكەندى. ئۇ، ماكانداشلىرىغا ئوخشاش «بىرنى بىر» دەپ چوڭ بولغانىدى.

دېھقان ئۈچۈن بىرنى بىر دەپ، بىرنى بىر يېزىپ مەيدانغا چۈشكەن بۇ سەممىي شائىر-ئالەمنى باقىيغا ۋاقىتسىز كەتكىنىگە ئەمدىلا بىرىيلدىن ئاشقان مەرھۇم روزى سايىت ئىدى.

زامانداشلارنىڭ كۆپىنچىسىگە مەلۇمكى، مەرھۇم روزى سايىتمۇ ئىلگىرى دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان مەدھىيىۋى رېئالىزمچى شائىرلارغا ئوخشاش زاماننى، زامان پوستىدىكى يالتىراق كۆرۈملەرنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن شېئىر يازغان شائىر ئىدى (ئەستاغپۇرۇللا، مەرھۇمنىڭ روھى ئۇياتمىغاي). 1990-يىللارغا كەلگەندە ئۇ ئىجادىيەت خاھىشى ۋە دۇنيا قارىشىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، مەدھىيىۋى رېئالىزمچە يازىدىغان قەلىمىنى تەنقىدىي رېئالىزمچە يازىدىغان قەلەمگە ئالماشتۇرۇپ «دېھقان بولماق تەس»، «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش»، «تۆلىمەگلار جەرىمانىنى»... قاتارلىق دېھقانلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دېھقانلارغا جان كۆيەرلىك ئىپادىلەنگەن بىر يۈرۈش شېئىرلارنى يېزىۋىدى، دېھقانلارلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەل-جامائەت ئۇنى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈردى، دېھقان ئۈچۈن ھەقنى يازغان قوللىرىغا قوش-قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سالدى، قوش-قوشلاپ «ئالتۇن قوي» لارنى سويۇپ مېھمان قىلدى، تون كىيگۈزدى... دېھقانلار بىۋاسىتە دەردىنى ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى، كېسەللىنى يوقلىدى ۋە باشقا ئىلتىپاتلارنى قىلدى. ناۋادا روزى سايىت يازغاننى باشقا شائىر ياكى مۇخبىرلار يازغان بولساخەلقىمىز ئۇلارنىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىگەن، سۆيگەن بولاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىزمۇ ئۇ مۇخبىر (ياكى شائىر) نى خاتا قىپسەن دەپ خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتمەي، مەرھۇم روزى سايىتقا ئىلتىپات كۆرسەتكەندەكلا ئۇنىڭغىمۇ ئىلتىپات قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن گەپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش بار. مېنىڭچە، روزى سايىت بۇ گەپنىمۇ لىڭشىتىپ ئىشەنچسىز قىلىپ قويغان شائىر. چۈنكى ئۇ، ھېچقانداق بىر يازغۇچى، شائىر، مۇخبىر بىلەن ھەمكارلاشمايلا بىر ئۆزى دېھقان ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ ھەم چاڭ چىقاردى، ھەم داڭ چىقاردى. بىز ھېلىراقتا روزى سايىتنى قاپلاندەك دەپ تەرىپلىگەنتۇق. ئۇنىڭ قاپلاندەك ئىكەنلىكى دېھقانلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا دېيەلمىگەن، دېيىشكە ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن دەردىنى شېئىر ئارقىلىق خالىس دېيەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇ چاغدىمۇ، ھازىرمۇ يازارمەنلەردىن قايسىمىز روزى سايىتتەك قىلالىدۇق؟ ھېچقايسىمىز! ھەتتا بەزىلىرىمىز ئۇنداق قىلىشنى ئويلاشقا جۈرئەتمۇ قىلالمىدۇق.

لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن روزى سايىت دېھقانلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى دەپ بولدى، ئۇلارنى دەردتىن خالاس قىلىپ بولدى دېيەلمەيمىز. مەن «نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ماقالەمدە:

«ئاشپەزنىڭمۇ دەردى بار،
شوپۇرنىڭمۇ دەردى بار.

دېھقانىڭمىز دەردى بار،
كادىرىڭمىز دەردى بار.
. . .
بۇ جاھاننى ئاختۇرساڭ،
دەردى يوقلار نەدە بار؟»⑤

دېگەن ھېلىقى قوشاقنى نەقىل كەلتۈرگەنىدىم. خۇددى شۇ قوشاقتا دېيىلگەندەك، ھەممىلا ئادەمنىڭ، ھەممىلا ئائىلىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بولىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ، باشقا تەبىقىدىكىلەرنىڭ دەردى دېھقانىنىڭ دەردىگە ياماق بولالمىسىكىن. ئاتۇش خەلق ناخشىسى «دوست خېنىم» نىڭ تېكىستىدە مۇنداق ئىككى مىسرا بار:

«مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.»

شۇنداق ، دەرد دېگەننى ئېيتىپ-ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى دەردنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولغان بىلەن، ئىچكى (قەلبتىكى) دەردنى خېلى-خېلى دوختۇرلارمۇ داۋالاپ ساقايتالمايدۇ. بەلكىم روزى سايىت دېھقانلار دەردىنىڭ مىڭدىن بىرىنى ئېيتىپ بېرەلىگەندۇر، تۈگىتەلمىگەندۇ. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا كەپقالمىغان ـ ۋاقىتسىز كەلگەن قازايىقەدەرگە باش ئەگمىگەن (بۇنداق قىلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلسۇنمۇ) بولسا، دېھقانلارنىڭ قالغان 999 دەردىنىڭ يەنە بىرىنى بولسىمۇ تۈگىتىش ئۈچۈن قەلىمىنى تەۋرىتىۋەرگەن بولاتتى. ئەلھۆكمىلىللا، مەرھۇم كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ دۇنيادىكى دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئەسەرلەرنى يازالمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ئەمدى ھايات روزى سايىتلارغا قالدى. ئەمما ئۇنداق قىلىش ـ روزى سايىت بولۇش ئاسانمۇ؟ خۇددى دېھقانلار دېھقان بولماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە باشقا بىر نېمە بولالماي دېھقان بولۇۋەرگەندەك، بىزمۇ روزى سايىت بولماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ روزى سايىت بولالماق، ھېچبولمىغاندا روزى سايىت بولۇشقا تىرىشماق بولمايدۇ. بەلكىم مەرھۇم شائىر ھەمكەسىپلىرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى، دېھقان ئۈچۈن تەۋرىگەن قەلىمىنى نۇرغۇن قوللارنىڭ ئېلىشىپ تەۋرىتىشىنى، ھەرگىز دات باستۇرۇپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان بولغىيتتى . . . ئەپسۇسكى، شائىر ۋاپات بولغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. توم-توم رومانلارنى يازغان، يېزىۋاتقان، دەستە-دەستە شېئىر، داستانلارنى چىقارغان، ھەدېسىلا ساقىلى بىلەن ستازىنى پەش قىلىپ باشقىلارنى ئىنكار، ئۆزلىرىنى داملىتىپ يۈرۈۋاتقان، گېزىت - ژۇرنال بەتلىرىنى سان ئاتلاتماي بوياپ تۇرۇۋاتقان شۇنچە كۆپ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئارىسىدىن ھېلىغىچە بىرەرسىمۇ «مانا مەن روزى سايىتنىڭ ئورنىغا شائىر بولىمەن. ئۇ قىلىپ تۈگىتەلمىگەن ئىشلارنى مەن داۋام ئەتكۈزىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىققىنى يوق. يازغۇچى ـ شائىرلاردىكى ئەھۋال شۇ تۇرسا، مۇخبىرلاردىن ئۇنداقلارنىڭ چىقماسلىقى بايىلا تۇرغان گەپ. خۇددى ئىقتىدارلىق ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى ئۇلۇغ ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدا : «بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە ‹ئورنىغا مەن بار› دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۆرمىگى چىقىدۇ، قېنى، ‹ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار› دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟»⑥ دېگەندەك، بىزدە نازىر، ۋالىي، ھاكىم، يېزا باشلىقى. . . دېگەندەك ئەمەلدارلاردىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەمەل ئورنىغا چىقىشقا ئورۇنۇپ ۋاستە تاللىماي يول ماڭىدىغانلار ساماندەك، ئەمما بىرەر يازغۇچى-شائىر، ئالىم ئۆلۈپ كەتسە، ئورنىغا ئالىم، يازغۇچى-شائىر بولىمەن، دەپ چىقىدىغان بىرىمۇ ئادەم تېپىلمايدۇ، ھەتتابەزىلەر ئۇنداقلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆشەندىسىنى يوقاتقان ئىچى قوتۇر گېنېرالدەك نومۇسسىزلارچە خۇشھال بوپكېتىدۇ. ئەمما مەرھۇم كۆشەندىسى قىلغان ئىشنى ئۇ ھەرگىز قىلالمايدۇ ھەم قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە مەرھۇم روزى سايىتنىڭ ئورنىغا بىر مۇنچە شائىرلار چىقىپ، دېھقان ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا دېھقانلار روزى سايىتقا، روزى سايىت يازغان-قىلغان ئىشلارغا ھېلىھەم تەقەززا ئىدى. مانا مۇشۇنداق تەقەززالىق كۆڭۈلدە ئەل سۆيگەن ژۇرناللىرىمىزنىڭ سەرخىلى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا (2002-يىل 5-سانىدىن باشلاپ) دېھقانلار ۋە دېھقان يازارمەنلەر ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك بولغان «دېھقان نېمە دەيدۇ» دېگەن يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئاشۇ تۇنجى سەھىپىسىدە ئەسىرىم⑦ ئېلان قىلىنغانلىقىتىنلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق، مەرھۇم شائىر روزى سايىت دەپ تۈگىتەلمىگەن بىز دېھقانلارنىڭ دەردۇ-ھالى دېيىلىدىغان ۋە بىز دېھقان يازارمەنلەرنىڭ يازمىلىرى ئەل بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلىدىغان بىر سورۇننىڭ، بىر مەنبەئەنىڭ ھازىرلانغانلىقىدىن، دادىسىدىن كاتتا ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەكلا خۇش بوپكەتتىم. ئالىي مەكتەپ تاللاش ئىمتىھانىدىن مەجبۇرىي قالدۇرۇلۇپ، خاپىغان يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە كەنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلانغانلىقىم توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدىمۇ بۇنچىلىك خۇش بولمىغانتىم. بەلكىم مەرھۇم شائىر روزى سايىت مۇشۇ كۈنلەردە ھايات بولغان بولسا ياكى ئۇ ھايات (ساق) چاغلاردا بىرەر ژۇرنالدا دېھقان ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر سەھىپە ئېچىلغان بولسا، ئۇمۇ ھاياجاندىن جان-تېنى يايراپ كەتكەن، «دېھقان مۇنداق، مۇنداق دەيدۇ» دەپ دېھقانلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى يەنە نۇرغۇن شېئىر قىلىپ يېزىۋېتەر ئىدى. ھەتتىگىنەي! . . . مەن يەنە مەزكۇر ژۇرنالدىكى

«دېھقان نېمە دەيدۇ» سەھىپىسى توغرىلىق ئۆزۈمچە ھەر خىل قىياسلارنىمۇ قىپكەتتىم: ئېھتىمال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر شائىر روزى سايىت قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېھقان ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى باشقىلار مۇشۇ سەھىپىمىز ئارقىلىق داۋام ئەتكۈزسۇن، دەپ ئاچقاندۇ؛ ئېھتىمال، دېھقانلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى مۇشۇ سەھىپە ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزەيلى، دەپ ئاچقاندۇ؛ ئېھتىمال، بىز دېھقان يازارمەنلەرنىڭ مەخسۇس بىر گېزىت - ژۇرنىلىنىڭ، بىرەر ژۇرنالدا مەخسۇس سەھىپىنىڭ يوقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاچقاندۇ. . . قىياسلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلىيەتكە مۇخالىپ ئەمەس ئىدى.

بىز باياتىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىلىق گەپ ئاچقاندۇق. خەلق ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەر ئوخشاش بولمايدۇ. خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ خاراكتېر، مەقسىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر بۇيرۇق بويىچە ئىشلەيدۇ؛ بەزىلەر قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ماختىنىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، خەلق مەنپەئىتىنىلا كۆزلەپ ئىشلەيدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشلىگۈچىلەر تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە لوقمان ھەكىم ھەققىدىكى ھېكايەتلەردىن مۇنداق بىرى يادىمغا كەپقالدى:

لوقمان ھەكىمنىڭ سەل گالۋاڭ ۋە ھورۇن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئەر يەتكەندە لوقمان ھەكىم ئۇنى ئەقىللىق، ئىشچان بىر قىزغا ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك چېچەن قىزنى تېپىش ئاسانغا توختىماپتۇ. لوقمان ھەكىم كۆپ ئويلىنىپ بىر چارە تېپىپتۇ-دە، ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ يۇرت ئارىلاپتۇ. ئۇ، قىزى رەسىدە بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ئوغلىنى ئۇرۇپ، ئەدەبلەپتۇ. جېدەل-غەۋغانى ئاڭلاپ رەسىدە بولغان قىزلار چىقىپ لوقمان ھەكىمدىن سورايدىكەن:

- ئىي ئادەم، ئۇرۇۋاتقىنىڭىز كىم بولىدۇ؟

-ئوغلۇم.

-نېمىشقا ئۇرىسىز؟

بۇيرىغان ئىشنى قىلغاچقا. . .

- سارائمۇ -نېمە بۇ ئادەم. بۇيرىغان ئىشنى قىلمامتىكى ئاندىن.

قىزلار شۇنداق دەپ لوقمان ھەكىمنى مەسخىرە قىپتۇ. لوقمان ھەكىم بۇ قىزلارنىڭ بىرىنىمۇ كېلىنلىككە خوپ كۆرمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، يەنە يۇرت ئارىلاپ بويىغا يەتكەن يالغۇز قىزى بار بىر نامرات تۇل خوتۇننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، ئادىتى بويىچە ئوغلىنى ئۇرۇپ-ئەدەبلەشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا تۇل خوتۇننىڭ قىزى چىقىپ، جېدەلنى توختىتىۋېتىپ، لوقمان ھەكىمدىن سوراپتۇ:

- ئىي ھۆرمەتلىك كىشى، ئۇرغىنىڭىز كىم بولىدۇ؟

- ئوغلۇم.

- نېمە ۋەجىدىن ئۇردىڭىز؟

- بۇيرىغان ئىشنى قىلغاچقا. . .

- ئۇنداق بولسا ئۇرۇۋېرىڭ، - دەپتۇ قىز بىر چەتكە چىقىپ، -تاكى ئۇ ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە. . .

لوقمان ھەكىم بۇ قىزنى كېلىنلىككە تاللاپتۇ. توي قىلغاندىن كېيىن بۇ قىز لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىنى باشلاپ، ئۇششاپ ئۇبدان تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ھەم ئۇنى ھورۇنلۇقتىن ئىشچان، گالۋاڭلىقتىن چېچەن ئادەمگە ئۆزگەرتىپتۇ.

جەمئىيىتىمىزدە ھازىر لوقمان ھەكىمنىڭ ئاشۇ ئوغلىغا ئوخشاش ئىشنى بۇيرۇمىغۇچە ئۆزى تېپىپ قىلمايدىغانلار بەك كۆپ. ئۇلارنى «بۇيرىغان ئىشنى قىلدىڭ» دەپ ئەدەبلەيدىغان لوقمان ھەكىمدەك ئاتىلار يوق. ھېلىقى قىزدەك باشلاپ، ئۇششايدىغانلارغۇ خېلى بار. بىراق بۇيرىغان ئىشنىلا قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ «ئوغۇل باللار» ئۇنداقلارنى مىڭ ئاماللارنى قىلىپ يانلىرىغا يېقىن يولاتمايدۇ.

پەرىزىمچە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكىلەرگە باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرىدىن ياكى باشلىقلىرىدىن «پالانى ساندىن باشلاپ مۇنداق سەھىپە ئاچىسەن» دەپ بۇيرۇق چۈشمىگەن بولۇشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىزدىنىشچان مۇھەررىرلەر ئۆزلىرى ئويلاپ تېپىپ، «دېھقان نېمە دەيدۇ» دېگەن بۇ سەھىپىنى ئاچقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچ-تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئاتۇشتا بىر نەچچە كادىر يازارمەنلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بوپقالدىم. تونۇشلىرىمدىن بىرى مېنى تونۇشلىرىغا: «بۇ ئاغىنەم كاتتا يايلاقتىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەم ھېكايىنى قالتىس ياخشى يازىدىغان يازغۇچى. . .» دەپ قىپقىزىل يالغاننى قوشۇپ تونۇشتۇردى ۋە ژۇرناللاردا چىققان بىر نەچچە ھېكايەمنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆتۈشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. تونۇشۇمنىڭ يالغاننى قوشۇپ تونۇشتۇرۇشى يۈزۈمنى يورۇق قىلماي، چورۇق قىلغاندەك سېزىلدى-دە، پۇرسەت چىقىرىپ، ئۆزۈمنىڭ راستىنىلا ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يازىدىغانلىقىمنى، ئەمما ئوقۇتقۇچى ئەمەس، دېھقان ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋەردىم. تونۇشۇمنىڭ مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا چۈشۈپ يەۋالغاندەك بىر قىسىملا بولدى. باياتىن بېرى ماڭا ھەيرانلىق، قىزىقىش بىلەن باققان كۆزلەردىمۇ ئەمدى مەنسىتمەسلىك، پەس كۆرۈش ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى. كېيىن تونۇشۇم مېنى بىر چەتكە تارتىپ: «ئادەمنىڭ يۈزىنى قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەۋا ئاداش. مەن ‹ئوقۇتقۇچى› دېگەندىكەن، ‹راست شۇنداق› دەپ پونى ئېتىپ ئولتۇرۇۋەرسەڭلا بولمامتى، ‹ياق، مەن دېھقان› دەپ كاركىراپ، ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگىچە. . . سىلە ئارىلاشمىسا بولىدىغان ئاغىنىكەنسىلە» دەپ بىر مۇنچە كايىپ كەتتى. . . دېھقان دېگەن شۇنداق سەت ناممۇ؟ دېھقانلار شۇنداق پەس كىشىلەرمۇ؟ قايسىبىر

ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى دادىسى ئۇيغۇر دېھقان ئەمەسكەن؟ قايسىبىر كادىر دېھقان ئىشلەپچىقارغان نېمەتنىز ياشىيالايدۇ؟ بىردەمدىلا مەن بۇ «ئاقسۇڭەك» يازارمەنلەرنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدىم: «سىلە ئۆزۈڭلىنى دېھقان يازغۇچىمەن، دېدىڭلا. يازغان نېمەڭلار دېھقانلارنىڭ قايسى گېزىت-ژۇرنىلىدا چىققىدۇ؟ دېھقانىنىڭمۇ گېزىت-ژۇرنىلى باردۇ؟»، «بىز بىلمىگەن بىلەن بار ھەقىچان، يەنە تېخى دېھقان يازغۇچىلار جەمئىيىتىمۇ باردۇ، ھەقىچان»، «كۆزۈڭلىنىڭ ئەستەر-پاختىسىنى مەنتالڭ⑧ ئىچكەن موزايدەك چىقىرىپ تۇرغىنىڭلىغا قارىغاندا، قەلىمىڭلار - كەتمەن، گېزىت-ژۇرنىلىڭلار ئېتىز-ئېرىق، يازغۇچىلار جەمئىيىتىڭلا شياۋدۇي⑨ ئوخشىمامدۇ؟»... بۇ گەپلەر مېنى ھازىرغىچە ئويلاندۇرماقتا

راست، ئوقۇتقۇچى-مائارىپچىلارنىڭ مائارىپقا ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلارغا ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى، ئەسكەرلەرنىڭ ئارمىيىگە ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى، ساقچىلارنىڭ ساقچىلارغا ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى، دوختۇرلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاشقا ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى، تېخنىكلارنىڭ پەن-تېخنىكىغا ئائىت گېزىت-ژۇرنىلى... بار. ئەدناسى تېخى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس مەتبۇئاتى بار. لېكىن ئومۇمىي خەلق نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىگە يېقىنىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭچۇ؟ يەنە كادىرلارنىڭ كادىرلار ساناتورىيىسى، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى بىلەن ئىشچىلار كلۇبى، ئەسكەرلەرنىڭ ئارمىيە دوختۇرخانىسى بىلەن ئەسكەرلەر كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى... بار. ئومۇمىي خەلقنىڭ 90 پىرسەنتكە يېقىنىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭچۇ؟ يەنە تېخى، كادىرلارنىڭ ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىشى ۋە بايرىمى بار، ئەسكەرلەرنىڭ ئارمىيە بايرىمى بار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى بار، دوختۇرلارنىڭ سېستىرالار بايرىمى بار، ئاياللارنىڭ ئاياللار بايرىمى بار... ئومۇمىي خەلقنىڭ 90 پىرسەنتىگە يېقىنىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭچۇ؟ بۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى «بوستان» (ھازىرقى «كرووران») ژۇرنىلىدىن تۇرسۇن ئەبەي ئاپتورلۇقىدىكى، چەت ئەل تەسىراتى ئاساسىدا يېزىلغان بىر ئەدەبىي خاتىرىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، تۇرسۇن ئەبەي قازاقىستانغا چىققاندا ئۆزى يېتىپ - قوپقان مېھمانسارايىنىڭ ئىشىكباقارلىقىنى قىلىدىغان بىر قازاق بىلەن يېقىنلىشىپ، پاراڭلىشىپ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئىشىكباقار قازاق تۇرسۇن ئەبەي بىلەن چېقىشىپ، چاقچاق قىلىپ: «ھوي سارت، قارىسام، سەن بەك چوڭچى، سىپايە كۆرۈنىسەن. سەن نېمەڭگە ئىشىنىپ بۇنچە تەكەببۇر يۈرىسەن؟ ماناكۆردۈڭ، بىز قازاقلارنىڭ قازاقىستانىمىز بار، قىرغىزلارنىڭ قىرغىزىستانى بار، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆزبېكىستانى بار، تاجىكلارنىڭ تاجىكىستانى بار. ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ستانى بار. سەن سارتنىڭ نېمەڭ بار؟» دېگەندە قېرىندىشىمىز تۇرسۇن ئەبەي ھېلىقى ئىشىكباقار قازاقنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن: «بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز بار» دەپ دەل جايىدا يۈرەكلىك جاۋاب بەرگەنىكەن. ئەمدى دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدە «تازنىڭ نېمىسى بار؟ بىر توپ چېقىر ئوجمىسى» دېگەن مەسخىرىۋى مەزمۇنلۇق بىرى بار. ئەمما مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا، نەشرىي ئەپكارلىرىمىزدا ھازىرغا قەدەر دېھقانلار ئۈچۈن بىر توپ چېقىر ئوجمە چاغلىق گېزىت-ژۇرنال، بىرەر سەھىپە بارلىقىنى كەلمىگەنىدى.

ئاڭلىسام، ئىچكىرىكى قايسىبىر ئۆلكىدە «دېھقانلار مۇنبىرى» دەيدىغان بىر گېزىت چىقىمىش، ئۇنىڭدا دېھقانلار تۇرمۇشىغا ئائىت ئەسەرلەر بىلەن دېھقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلىمىش. ماڭا ئىسمى ۋە ئۆزى تونۇش دېھقان ئاپتورلار خېلى جىق. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ، سەۋىيىسىمۇ مەخسۇس بىلىم ئالغان كادىر ئاپتورلارنىڭكىدىن قېلىشقۇچە ئەمەس. ناۋادا ئۇلارنى تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرۇدىغان بىرەر ئورۇن چىقسا خېلى راۋۇرۇس بىر ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ قوشۇن ئارقىلىق دېھقانلارغا ئائىت بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنالنى بەخۇدۇك چىقىرىپ كەتكىلى بولىدۇ. مېنىڭ خىيالىمغا خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق بىر ئوي كەلگەنىدى. بۇ ئويۇمنى ئالتىشەھەر ۋە ئىلى تەرەپلەردىكى تونۇش ۋە تونۇشقان بىر قىسىم دېھقان يازارمەن سەپداشلىرىمغا ئېيتىپ بېقىۋىدىم، كۆپىنچىسى «جان» دەپ قوشۇلدى، بەزىلىرى «چىك، ئا-ي» دەپ چەتكە چىقتى؛ ئۆمرىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ژۇرنالدا بىر-ئىككى يازمىسى چىقسا «مەندۇرمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرۈۋاتقان بىر قىسىم قاپاق نوچىلار چەللىدە ئات چېپىپ، زەي سالماي پاختا ئېتىپ: «بىز گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىنى تالانتىمىزنى رىقابەتكە سېلىپ ئىگىلىۋالساق بولمىدىمۇ» دەپ ئۆزىگە ياراشمايدىغان چوڭ ھەم «كاللا دېسە پاقالچەك، ئوكلەيلى دېسە، خام يەيلى دەپتۇ» دېگەندەك تەتۈر گەپ قىلدى؛ قوشۇلغانلارمۇ ئاخىر مەبلەغ ۋە تەستىقلىنىشتىن باش قاتۇرۇپ قوشقۇنغا ئولتۇرۇشتى... شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش مۇشۇ كەمگىچە سەراتىغا چىقمىدى⑩. كېيىن مەن يەنە دېھقان يازارمەن تونۇشلىرىمغا: «بىرەر ژۇرنالغا (يەنى «تارىم» ژۇرنىلىغا) دېھقان يازارمەنلەر ئۈچۈن بىرەر سەھىپە ئېچىش تەكلىپىنى سۇنايلى» دېگەنىدىم. بۇ گەپمۇ «قىسقۇچ پاقا، كەپتەر، توشقان ۋە كېمە» ھېكايىسىدە قىسقۇچ پاقا كېمىنى سۇغا قاراپ سۆرىسە، كەپتەر ئاسمانغا، توشقان ھەدەپ قۇرۇقلۇققا تارتىپ، مەركەزدىن قاچقان ئۈچ خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە بۇ غايەت زور كېمە مىدىرلاپمۇ قويمىغىنىدەك (مۇھەررىردىن)، ئۇ

ئۇياقتا تارتىپ، بۇ بۇياقتا تارتىپ: ئۇنىڭ دېگىنىگە بۇ قوشۇلماي، بۇنىڭ دېگىنىگە ئۇ ئۇنىماي. . . دېيىلگەن گەپ گەپ پېتى قالدى.

مانا كۆرۈڭ، پېقىرنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ بىرى ـ بىر ـ ئىر ژۇرنالدا دېھقانلار ۋە دېھقان يازارمەنلەر ئۈچۈن بىر سەھىپە ئاچتۇرۇش «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ھېچ يەرنىڭ، ھېچكىمنىڭ بۇيرۇقىسىز، ئىلتىماس ـ ئىلتىجاسىز روياپقا چىقىپ قالدى. شۇ تاپتا پېقىرنىڭ دېھقان يازارمەن بۇرادەرلىرى بۇ سەھىپىنى كۆرۈپ نېمىدەپ قېلىشۋاتىدىكىن-تاڭ؟ ئەسلىدە مۇشۇنداق بىر سەھىپە باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىغىمۇ خېلى بۇرۇنلا نېسىپ بولسا بولاتتى. ئەلھال، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ ئويىغا كىرگۈچە سانسىز يېڭى-يېڭى سەھىپىلىرى، سەرخىل ئەسەرلىرى بىلەن ئەلنى مايىل، دىلنى قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان، «مەدەنىيەت دالاسىدىكى يېگانە چىنار»⑪ بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا نېسىپ بوپتۇ. پېقىر بۇ يەردە باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنى دېھقانلار ئۈچۈن، دېھقان يازارمەنلەر ئۈچۈن تۈزۈك ئىش قىلىپ بەرمىدى، دېمەكچى ئەمەس، ھەرگىز!

ئۇلارمۇ دېھقانلارغا ئائىت ئەسەرلەرنى، دېھقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى خېلى كۆپ بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار دېھقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تازا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالمىدى. يەنە مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، مەن بىر ئەدەبىي ژۇرنالغا ژانىرىنى «ھېكايە» دەپ ئەۋەتكەن ئەسىرىم يونۇپ-قىرىپ كىچىكلىتىلىپ «نەسىر» دەپ، «پوۋېست» دەپ ئەۋەتكەن ئەسىرىم «ھېكايە» دەپ چىقىرىلدى. ئىسمىمنىڭ ئاخىرىدىكى «دېھقان» دېگەن ئىمزايىممۇ ئېلىپ تاشلىۋېتىلدى. باشقا دېھقان يازارمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن «دېھقان» دېگەن ئىمزايىمۇ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدى. ژانىرنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى، «قىسقارتىش، ئىخچاملىنىش» نىغۇ بوپتۇ دەيلى. لېكىن «دېھقان» دېگەن ئەسكەرتمىنى ئېلىپ تاشلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ئالتە ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئاشۇ سۆز ژۇرنالغا ئېغىر كەلمەيدىغۇ؟ مېنىڭچە، دېھقان ئاپتورلارنىڭ (باشقىلارنىڭمۇ) ئەسەرلىرىنى كەلسە-كەلمەس ئۆزگەرتكەنلىك، قىسقارتقانلىق بىلەن؛ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاز بەرگەنلىك ياكى بەرمىگەنلىك بىلەن؛ «دېھقان» دېگەن ئەسكەرتمىنى ئېلىپ تاشلىغانلىق بىلەن ژۇرنالنىڭ نوپۇزى ئېشىپ، ئىناۋىتى يۇقىرىلاپ، تىراژى كۆپىيىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق قىلىشنىڭ ژۇرنالغا زىيىنى تەگسە تېگىدۇكى، ئازراقمۇ پايدىسى تەگمەيدۇ. يەنە مىسال: ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بىر نەچچە ئەسىرىم چىقتى. چىقاندىمۇ مەن ژانىرىنى «ھېكايە» دەپ بېكىتكەن ئەسەر ھېكايە پېتى، «ماقالە» دەپ بېكىتكەن ئەسەر ماقالە پېتى چىقىۋاتىدۇ. «دېھقان» دېگەن ئەسكەرتمەمۇ ئۆچۈرۈلۈپ كەتمىۋاتىدۇ. مەھەللە-مىزدە مەن بىلەن ئۈچ يازارمەن بولغاچقا، بىزدىن كىتاپ، ژۇرنال سوراپ ئوقۇيدىغانلارمۇ خېلى بار. يېقىندا شۇنداقلاردىن بىر نەچچىسىگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئۈچ-تۆتىنى بېرىپ تۇرۇۋېدىم، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يېنىمغا كىرىپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپلا كېتىشتى: «ھېلىقى كىتابلىرىڭىز بەك بەلەن كىتابلار ئىكەن. ئۇنىڭدا بىزدەك دېھقانلارنىڭ دەيدىغان گەپلىرىمۇ يېزىلىدىكەن ئەمەسمۇ. يەنە تېخى دېھقان شائىرلارنىڭ يازمىلىرىمۇ بار ئىكەن. بىزگە دەپ بېرىڭە، بۇ كىتابنى نەدە ساتىدۇ؟ پۇلىمىزغا ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ قىلىپلا ئوقۇيلى». مەن ئۇلارغا پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش يولىنى ئېيتىپ بېرىۋېدىم، ئۇلار خوش بوپكەتتى. بىزنىڭ 30 نەچچە ئۆيلۈك مەھەللىمىزدىكى دېھقانلاردىنلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا پۈتۈن يىللىق مۇشتەرى بولغانلار ئالتىگە يەتتى.

ئەگەر ئۇ ژۇرنالمۇ ھېلىقىدەك قىلمىغان بولسا، ئۇمۇ دېھقانلارنىڭ ئاشۇنداق قىزغىن ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولالاتتى. نۆۋىتىدە دەپ ئۆتۈش كېرەككى، 15 مىڭ ئۇيغۇر بار يېزىمىزدىن ئۇ ژۇرنالنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغۇچىلار ئاران بىرلا بولغان. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە مۇشتەرى بولغۇچىلار 80 دىن ئاشقان. دېمەك، ئۇ ژۇرنالمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە ئوخشاشلا مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال. ئەگەر باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىغىمۇ دېھقان يازارمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى «دېھقان» دېگەن ئەسكەرتمىسى بىلەن بېرىۋەرسە ھەم سەرخىللىرىنى تاللاپ مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ كۆپرەك بەرسە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى بىلىدىغان، ژۇرناللىرىمىزنى ئوقۇيدىغان خەنزۇلار بىلەن چەت ئەللىكلەرمۇ «مانىھ، ئۇيغۇر دېگەن خەقنىڭ دېھقانلىرىدىنمۇ مۇشۇنداق ئەسەر يازالايدىغان يازغۇچى، شائىرلار بار ئىكەن-ھە؟» دەپ بىزگە ھەيران قېلىشى، قايىل بولۇشى مۇمكىن.

ھازىر دېھقانلارنى مەدەنىيەتلىك قىلىش، «ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» تەكىتلەنمەكتە. خەلقىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ئاز-تولا كاپالەتلەندۈ-رۈلگەن، لېكىن مەنىۋى ئېھتىياجى تېخىچە قاغجىراق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا شۇنداق قىلماي بولمايتتى. لېكىن يېزىلاردا بىر-ئىككى كىنو فىلىمنى تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن قويۇپ قويغان بىلەن، بىر - ئىككى مەيدان كونسېرت كۆرسەتكەن بىلەن، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ رادىئو، تېلېۋىزور بولغانلىق بىلەن، گېزىتلەردىن قىزىل باشلىق ماقالىلارنى ئوقۇپ بەرگەنلىك بىلەن. . . دېھقانلارنى مەدەنىيەتلىك قىلغىلى، قىلدۇق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن گېزىت-ژۇرناللار دېھقانلارغا يۈزلىنىشى، يېزا كەنت كادىرلىرى

www.uyghurkitap.com

مەدىسىلا دېھقانلارنى سىلىق، جەرىمانە، ھاشار، ئۇ-بۇ دەپ قىستاپ دوقۇسىلىتىۋەرمەي⑫، زامان تەرەققىياتى ۋە تەقەززاسىغا ئازراق نەزەر سېلىپ، دېھقانلارغا مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىنىمۇ بېرىشى، رەسمىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزمىسىمۇ ئۇلارنى مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىنىشكە، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىشى ۋە بۇ ئىشتا ئۆزلىرى باشلامچى بولۇشى كېرەك. ھېچبولمىغاندا، تۈرلۈك سېلىقلارغا قوشۇلۇپ دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنغان پۇلغا مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرناللارنى ئىشخانا، ئامبار، ئۆيلىرىگە بېسىۋېلىپ چاشقانغا يەم قىلىپ بەرمەي، سەكسەن خالتىچى، دورا، تاماكا سانقۇچى كاززاپلارغا ئۆتمەس ماتا ئورنىدا سېتىۋەتمەي، چېكەرمەن بەڭگىلەرگە «ئىلتىپات» قىلىۋەتمەي، دېھقانلارغىمۇ ئاز-تولا بېرىشى، ئوقۇشقا ئۈندىشى زۆرۈر. ئەگەر ئۇلارمۇ شۇنداق قىلسا، بۇ، ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلغان بىر ياخشى ئىشى بوپقالار.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ئەپەندىمىز: «ۋەتەننى سۆيۈش - ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەنىدى. شۇنىڭدەك، ۋەتەنداشلىرى بولغان خەلقنى سۆيۈشمۇ ئىمان جۈملىسىگە كىرىدۇ. خەلقنى سۆيىمەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگۈچىلەر ئالدى بىلەن دېھقاننى سۆيۈشى، دېھقان ئۈچۈن لىللا ئىشلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ ۋەتەن، خەلق، ئاتا-بوۋىسى ئالدىدا تۈزكور، ئىمانسىزغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تارىخ ۋە ئەۋلادلارنىڭ قارغىش-لەنىتىگە نائىل قارا يۈز بولىدۇ! . . .

رۇسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى ئالېكساندىر پاۋلوۋىچ چېخوفنىڭ «ھەسرەت» ناملىق ھېكايىسىدا زامان ۋە زامان زورلىرى تەرىپىدىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ، قەددى پۈكۈلۈپ، قەلبى دەرد-ھەسرەتكە تولۇپ كەتكەن نامرات قېرى مەپىكەش ئىۋانوف دەرد - ھەسرىتىنى ئاڭلايدىغان بىرمۇ ئادەم تاپالماي، ئاخىرى مەپىگە قوشۇدىغان ئورۇق ئېتىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. بولمىسا ئىۋانوف جاھاندارچىلىق (مەپىكەشلىك) قىلىۋاتقان شەھەردە ئۇنىڭ بىلەن دىنى، تىلى ئوخشاش ئادەملەر مىغ-مىغ ئىدى. ئۆزىمۇ كۈنىگە ئاشۇنداق ئادەملەردىن نەچچە ئوننى كىرا قىلاتتى. ئېتى بولسا ئادەم ئەمەس، تىلسىز، ئەقىل-ئىدراكسىز ھايۋان بولغاچقا ئىۋانوفنىڭ دەردىگە دەرداش، ھالىغا مۇڭداش، ھەسرىتىگە ھەمدەم بولالمايتتى. مەنمۇ ئىۋانوفقا ئوخشاش بىر دەردمەن. خۇددى ئىۋانوف 19-ئەسىردىكى رۇس شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ دەردمىنى بولغاندەك، مەن 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر نامرات دېھقانلىرىنىڭ دەردمىنى (بۇ، پەقەت ھېسسىي ئوخشىتىش) . بەلكىم، ئىۋانوفنىڭ دەرد-ھەسرىتى مېنىڭكىگە، مېنىڭ دەرد-ھەسرىتىم ئىۋانوفنىڭكىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئىۋانوف دەرد-ھەسرىتىنى ئاڭلايدىغان ئادەم تاپالمىغان بىلەن ئېتىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. مېنىڭ دەرد-ھەسرىتىمنى سۆزلەپ بەرگۈدەك ئېتىم ئەمەس، مۈشۈكۈممۇ يوق. ئەمما مەن دەرد-ھەسرىتىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم (ئورۇن) تاپالايمەن، يېزىپ دەپ بېرەلەيمەن، ئىپادىلىيەلەيمەن، ئاڭلىتالايمەن. ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئەمدى مېنىڭ - دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى دېيىلىدىغان بىر سەھىپە بار بولدى! . . . دەيدىغانلىرىمىزنى دەپ كېلىپ گەپ ئاخىرىدا قېرىندىشىمىز تۇرسۇن ئەبەينىڭ ھېلىقى دەل جاۋابىنى تەكرارلىساق ئەمدى مەنمۇ ھېلىقى كادىر يازغۇچىلار «چاقچاق قىلىپ» سورىغاندەك سوئاللارغا يولۇقسام: «كۆردۈڭمۇ! ؟ ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىدا ‹دېھقان نېمە دەيدۇ› دېگەن سەھىپىمىز بار! » دەپ ھەقىقىي يۈرەكلىك جاۋاب بېرەلەيمەن.

دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى تۈگىدىغاندەك ئەمەس. ئەمما، «دېھقان نېمە دەيدۇ» دېگەن سەھىپىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن يېزىپ كەتكەن بۇ تاقا-تۇقا ھاياجانىمنى مۇشۇ يەردىرەك توختاتمىسام بولماس. رەببىمىز تېنىمىزگە ساقلىق، قەلەم تەۋرىتىشىمىزگە ئىمكان بەرسىلا دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرىنى - روزى سايىت ئېيتىپ قېپقالغان دەردلىرىنىڭ بىرىنى بولسىمۇ تۈگىتىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ تۇرغايمىز، ئىنشائاللا!

2002-يىل دېكابىر، سەھرايى كاتتا يايلاق

## ئىزاھلار

① سىرتىدا، تاشقى كۆرۈنۈشىدە ② يەرلىك شېۋە، ئازراق، كىچىككىنە ③ كۆڭۈل بۆلۈشىدە، غەمخورلۇقىدا ④ داۋۇت داڭقان كەنت كادىرلىرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنى مات قىلغانلىقتىن دەسلەپتە «ئۈستۈرۈلىدۇ»، كېيىن سۇيىقەست بىلەن «ئەمەلدارلىق ئورنى»دىن چۈشۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە تۆھمەت قۇربانى بولۇپ، كەنت كادىرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلۇپ ناكار بولىدۇ، ئاخىرىدا پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەتتىمىن سەيدىن كەنت كادىرلىرى ۋە ئابدۇرەشىد خوجا قاتارلىقلار ھەم ئۇلارنىڭ يانتاياقلىرى تەرىپىدىن «ساراڭ» ئاتىلىپ چەتكە قېقىلىدۇ. بېشىغا كەلگەن ئاشۇ ۋە باشقا كۆڭۈلسىزلىك، پاجىئەلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بوپقالىدۇ، ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىدۇ ⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان ⑥ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 1-ئاپرېل سانى ⑦ مۇئەللىپنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىدىكى «نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ⑧ ئاش سۇيى دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە يۇندا دېمەكچى ⑨ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياكى مەھەللە ⑩ ئەمەلگە ئاشمىدى ⑪ سۇلايمان قەييۇمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىدىكى شۇ ناملىق ماقالىسىنىڭ ماۋزۇ سۆزى ⑫ سىلكىش، دۈشكەلەش، يەرلىك شېۋە.

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى كاتتا يايلاق يېزا قۇدۇق كەنتىدىن، دېھقان (M1)

www.uyghurkitap.com



# قىرتاق پاراڭلار

## — تاللانغان فېلىيەتونلار

### كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان «ئىلگىرىلەش»

**گۇەن مىن**

بىزنىڭ ئاخبارات ئەركىنلىكىمىز بار، بىراق ھەقىقىي خەۋەرلەرنى ئەينەن ئېلان قىلالمايمىز.

بىزنىڭ نازارەتچىلىك ئورگىنىمىز ۋە تۈزۈمىمىز بار، لېكىن پارىخورلار يەنىلا تەپتارتماستىن چىرىكلىشىۋاتىدۇ.

بىز دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان ئەھۋال ھېلىھەم مەۋجۇد.

بىزنىڭ مۇكەممەل بولغان ئاساسىي قانۇنىمىز بولسىمۇ، لېكىن «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش» ھېلىھەم داۋاملاشماقتا...

### گەپ ئاڭلاش «تەربىيىسى»

**تاڭ شەنپۇ**

ئانا بۆشۈكتىكى بالىسىغا: «ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا» دەپ ئۈگىتىدۇ؛ چوڭلار يەسلى بالىلىرىغا: «تەربىيىچىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ» دەپ ئۈگىتىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ، بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن «مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ»؛ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن «باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ»؛ باشلىق بولغاندىن كېيىن «يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ».

جۇڭگودا باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش «تەربىيىسى» چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا، شۇڭا كىشىلەرمۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم بولغان. بۇ بەلكىم مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر.

## ئاچچىق كۈلكىلەر

### ئېتىراپ قىلىش كېرەك

**لاڭ خۇيفا**

ئالىملارغا قارىغاندا سەنئەت ساھەسىدە نام چىقىرىش ئاسان بوپكەتتى. ھوقۇق سىياسەتتىن ئۈستۈن تۇرۇۋاتىدۇ. خۇشامەتچىلىك ئاممىغا كۆيۈنۈشنى بېسىپ چۈشتى. پۇل-مال دوستلۇقنى بېسىپ چۈشتى. ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم بېرىش تاشلىنىپ قالدى. ئىقتىدارغا قارىغاندا گۈزەللىكنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولدى. مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئەمەلىي خىزمەتتىن ئەلا بولدى. يالغان گەپ راست گەپكە قارىغاندا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولدى.

### مۇشۇنداق «تەرەققىي قىلدۇ»

**چۇەن خەي**

ئون يىل ئىلگىرى ئىنستىتۇتلار ئۇنىۋېرسىتېتقا، ئالىي تېخنىكوملار ئىنستىتۇتلارغا ئۆزگەرگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا تېخنىكوملار بەس-بەستە «كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى» دېگەندەك ۋىۋىسكىلارنى چىقاردى.

جۇڭگونىڭ مائارىپى مانا مۇشۇنداق ھەم تېز، ھەم ئاسان تەرەققىي قىلىدۇ.

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 12-سانىدىن

**ئوبۇلقاسىم ھۈسەيىن** تەرجىمىسى

## «مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى»غا تەۋسىيىنامە

### جاڭ فېڭ

«21-ئەسىردىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى» تۈزۈش ھەيئىتىگە:

ھەيئىتىڭىزلارنىڭ «21-ئەسىردىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى» تۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشھال بولدۇق. بۇ قامۇسنى تۈزگەندە ئىلغارلىقنى داۋراڭ قىلىپ، كۆرەش ئىرادىمىزنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىسى بار. بىز قوش قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز. مەزكۇر قامۇستا داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلىدىغان بولسا، ئەۋلادلىرىمىزغا ناھايىتى ئېسىل بىر سوۋغا بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. داڭلىق شەخسلەرنىڭ قامۇستىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سىلەرگە ھۆرمەتلىك نيۇ شەھەر باشلىقىمىزنى شەرەپ بىلەن تونۇشتۇرىمىز. تونۇشتۇرۇش سەۋەبىمىز تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇ شەھەر باشلىقى بولۇپ 2 يىلىلا ئەسلىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومىنى ئارقا-ئارقىدىن ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس، ئاسپىرانتلىق، ماگىستىرلىق دىپلوملىرىغا ئالماشتۇردى. ھازىر دوكتورلۇققا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ بىلىمى ئىنتايىن مول. ئىشقىلىپ رەسساملىق، خەتتاتلىق، ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا، شاھمات، كۈلدۈرگە-ئېتوت، سېھىرگەرلىك، بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش گىمناستىكىسى، نۇتۇق سۆزلەش، مۇنازىرە، ئەدىيە، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سەھىيە، WTO، پىلانلىق تۇغۇت، چارۋىچىلىققا ئائىت يىغىنلاردا مۇھىم كۆرسەتمە بېرەلەيدۇ. بارلىق پائالىيەتلەر ئۇنى باھالىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. يېقىندا XX ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلۇق تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئۈچىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقى پىششىق ناتىق. ھەرقانداق يىغىندا مۇنداقلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا، يىغىن زالىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. زىياپەت سورۇنلىرىدا بىر نەچچە ئېغىز قەدەھ سۆزى قىلىپ قويسىلا، قول ئاستىدىكىلىرىنى مەستخۇش قىلىۋېتەلەيدۇ.

تۆتىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ قەلىمى كۈچلۈك. چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا سۆز قىلسىلا گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ ئاللىقاچان «نيۇ XX ئەسەرلىرى» دىن ئۈچ تومنى نەشر قىلدۇردى. يەنە ئۈچ تومى نەشردىن چىقىش ئالدىدا.

بەشىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھەرقايسى رېستوران، مەيخانا، مېھمانسارايدىكى مەيلى يەرلىك ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن بىر كۆرگەن چىرايلىق قىزنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە 300 نەچچە قىزىل بولاق تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇ قىزىل بولاقلارغا بىر قاراپلا قايسى ئەبلەخنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئالتىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقى ئالاھىدە سەۋرچان. يىغىن ئاچسا رەئىس سەھنىسىدە مىدىر-سىدىر قىلماي تۆت سائەت ئولتۇرالايدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ شىشخال ئوينىغاندا كەچ سائەت سەككىزدە تاھارىتى قىستىسا ئەتىگەن سائەت سەككىزگىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

يەتتىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ جىسمانىي كۈچى تولۇپ تاشقان بولۇپ، يىغىن ئاچقاندا قارشى پىكىرنى ئاڭلاپ قالسا، بىر مۇشت بىلەن ئۈستەلنى يېرىۋېتەلەيدۇ.

سەككىزىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ تەن ساپاسى ئالاھىدە ياخشى. سىرتقا تەكشۈرۈشكە بارغاندا پىكاپتا ئولتۇرۇپ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول ماڭسىمۇ بېشى قايمايدۇ. ئومۇمنىڭ پۇلىغا مېھمان بولغاندا زەھەرلىك يىلان، يىرتقۇچ ھايۋانات ياكى خام، چala پىشقان نەرسىلەر بولامدۇ ھەممىسىگە ئېغىز تەگكۈزمەي قويمايدۇ. ئىشرەتخانىلاردىكى قايسى دۆلەتنىڭ خاتقىزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەرھال ئىندەككە كەلتۈرەلەيدۇ. ئاۋمېننىڭ قىمارخانىلىرىدا ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۈچ كېچە-كۈندۈز «جەڭ» قىلالايدۇ.

توققۇزىنچىدىن، نيۇ شەھەر باشلىقىنىڭ پسىخىك ساپاسى ئالاھىدە يۇقىرى. تورتۇرغۇزۇشتا خاتالىق كۆرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ مىليونلىغان پۇلىغا زىيان بولسىمۇ، ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن بارلىق مەسئۇلىيەتتىن پاك-پاكىز قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

بىز يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلارنى ئىنتايىن يېتەرلىك دەپ قاراپ، نيۇ شەھەر باشلىقىنى قامۇستىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

دەپ ھۆرمەت بىلەن:
غايىبانە شەھىرىدىكى بارلىق پۇقرالاردىن
ئېشەك يىلى ئات ئېيىنىڭ ئىت كۈنى

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1-سانىدىن

**ئاينۇر مەتتۇرسۇن** تەرجىمىسى

## سېلىشتۇرما

### لىيۇ ۋېيدۇڭ

مەلۇم ناھىيىدە ئەڭ نامرات بولغىنى مائارىپ ئىكەن، ئەڭ باي ئورۇن مائارىپ ئىدارىسى ئىكەن. ئەڭ خەتەرلىكى يېزائىگىلىكى ئىكەن، ئەمما يېزا

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىك ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىش ھەممىدىن ئاسان ئىكەن. ناھىيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ناھايىتى ۋەيرانە ئىكەن، ئەمما ناھىيە بويىچە ئەڭ چىرايلىق خىزمەت بىناسى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى ئىكەن.

## جۇڭگوچە يۇمۇر

### لىيەن چىن

چەت ئەللىكلەر: جۇڭگولۇقلاردا يۇمۇرىستىك تۇيغۇ كەمچىل دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ قاراش تازا توغرا ئەمەس. نەچچە ئون يىل بولدى، كۆپتەك سەمرىپ كەتكەن ئەمەلدارلار تەختىراۋانغا چىقىۋېلىپ، تېخى ئۆزلىرىنى «خەلقنىڭ چاكىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۈستىۋېشى توپا-چاڭغا مىلىنىپ كەتكەن تەختىراۋان كۆتۈرگۈچىلەر بولسا «خوجايىن» دەپ ئاتالدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئاشكارا سورۇنلاردىمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋەردى. ئەمما بۇ خىل ئاتاش ھېچقايسىسىغا بىئەپ تۇيۇلمىدى. قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يۇمۇر بولامدۇ؟

---

«فېليەتون» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 9-سانىدىن **توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى

## چۈشەنمەسلىك

### لىۋخېمىن

● «مەجبۇرىيەت مائارىپى» يولغا قويۇلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشكە ئوقۇشسىز قالغان بالىلار بار؟ بۇنى مەن چۈشىنەلمىدىم

● ئىدارىدىن سايلام نامزاتىنى ئېلان قىلدى. بىراق بىز تېخى بىلەت تاشلىماستىن يېڭى باشلىق «سايلىنىپ» چىقتى! بۇنى چۈشىنەلمىدىم.

● بىزدەك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەردىن تەركىب تاپقان تېخنىكىلىق ئورۇنغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە، ئىلگىرى ئاشپەز بولغان بىرسى باشلىق بوپكەلدى. بۇنى مەن چۈشىنەلمىدىم.

● «مەلۇم سانائەت ئالاھىدە رايونى» دا يېرىم يىل ئىچىدىلا يېرىمدىن كۆپرەك زاۋۇت تاقىلىپ قالدى، نۇرغۇنلىغان ئىشچى ئىشسىز قالدى. ئەمما يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بۇلتۇرقىدىن 3.6% ئاشتى دېيىلگەن. بىراق ئىشسىزلارنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلى ئالمىغىنى ئېنىق. بۇنى مەن چۈشىنەلمىدىم.

## باش مۇھەررىرنىڭ ئۆلچىمى

### خۇاڭ شىن

مەلۇم گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرىنىڭ ماقالە بېكىتىشتىكى ئۆلچىمى «مەڭگۈ مەدھىيىلەش».

تەھرىر مۇخبىر سوراپتۇ:

- ئەگەر ئوت ئاپىتى يۈز بەرسىچۇ؟
- ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكى قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەيمىز.
- خىيانەتچى ئەمەلدارلار قاپقانغا دەسسىسىچۇ؟
- ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەرنى مەدھىيىلەيمىز.
- ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قالسىچۇ؟
- دۆلەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سىياسىتىنى مەدھىيىلەيمىز.

---

«فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 11-سانىدىن **ئەسقەر ئەھمىدىي** تەرجىمىسى

## جاۋابسىز ئۈچ سوئال

1. پۇلنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پۇل تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدا تەكشۈرىمىز. ئەگەر پۇل تەكشۈرۈش ئاپپاراتى يالغان بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

2. كارخانىلار ساختىپەزلىك قىلسا، تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر تەپتىش ئورگانلىرى ساختىپەزلىك قىلسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

3. چىرىكلىكنى جازالاشتا ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تايىنىمىز. ئەگەر ئەدلىيە ئورگانلىرى چىرىكلەشسە قانداق قىلغۇلۇق؟

---

خەنزۇچە مەنبەلەردىن توپلىغۇچى: **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي**

## بىر جۈملە سۆزگە ھەيرانمەن

### مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋەلى

گېزىت-ژۇرناللاردا يېزىلىشىچە «راست گەپ قىلىش كېرەك» مىش؛

يىغىن مۇنبەرلىرىدە دېيىلىشىچە يەنە «راست گەپ قىلىش كېرەك» مىش.

ھادىسە جەھەتتىن قارىغاندا، دۇنيادا مۇنداق ئۈچ ئىش ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ:

بېرىنچىسى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى، ئىككىنچىسى، ئۇسۇرۇق، ئۈچىنچىسى، ئادەمنىڭ گەپ قىلىشى. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى يەل بولسىمۇ، ئادەمنىڭ سۆزى ھەرىكەت بىلەن بىرلىشىپ ماددىي، مەنىۋى ئۇنۇم ئارقىلىق ھالاللىق تاپىدۇ.

دېمەك، ئۇ ئالدىنقى ئىككىسىگە قارىغاندا ماھىيەت جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز «ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال» دېگەن مەشھۇر ئىدىئومنى قالدۇرغان. ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، ئېيتىلىشىدا قانچە تاتلىق ۋە چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئۆز قىممىتى ۋە ھالاللىقىنى يوقىتىدۇ. ئەكسىچە، تەكرارلىنىش ۋەرگەنسىرى خۇددى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدەك قوپال، ئۇسۇرۇقتەك سېسىق بىرنېمىگە ئايلىنىدۇ.

راستگەپ قىلىشنى تەكىتلەش خاتامۇ؟ ھازىرچە، بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مۇھىمى، راست گەپ قىلىشنى تەكىتلىگۈچىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش كېرەك. ئۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى بىلمەكچى ۋە مۇشۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن ئومۇمىيەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان يەكۈن ۋە قارارغا ئېرىشمەكچى بولسا، ئۇنىڭ راست گەپ قىلىشنى تەكىتلىشى توغرا. ئەگەر بىراۋنى راست گەپ قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ۋە گەپ - سۆزىدىن پۇتاق چىقىرىپ ئۇنى باپلىماقچى بولغان بولسا، جەزمەنكى خاتا. ھازىر راست گەپ قىلىشنى تەكىتلەۋاتقانلار ئىچىدە كېيىنكى يولنى تۇتقانلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغاندەك قىلىدۇ.

مەلۇم بىر يېزىدا مەلۇم بىر رەھبەر كەنت كادىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، كەنتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى بىلمەكچى بوپتۇ. ئۇ، كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىشىنى، دوكلات قىلغاندا راست گەپ قىلىشىنى، قىلچە يالغان ئارىلاشتۇرماسلىقىنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ رەھبەر راست گەپ قىلىش، يالغان سۆزلىمەسلىكنى تەكىتلەپ ياخشى قىپتۇ، ئەركەكلەردەك ئىش قىپتۇ.

ئالدى بىلەن سۆز ئالغان كەنت باشلىقى ئۆز كەنتىدە يېزا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنىڭ %60 تۈگىگەنلىكىنى، بۇۋەزىپىنى ئورۇنداش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ بىر قەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى، لېكىن، يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە قېپقالغان %40 قىسمىنى جەزمەن ئورۇنداپ تۈگىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يېزا رەھبىرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇستەلگە قاتتىق بىرنى مۇشتلاپتۇ ۋە «بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئىشىكتىنى باق!» دەپلا كەنت باشلىقىنى يىغىن مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

2- قېتىم سۆز ئالغان كەنت باشلىقى بۇ سورۇندا راست گەپ قىلىشنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز پايدا كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بولۇشىچە لاپ ئورۇپتۇ. يۇقىرىدىن تاپشۇرغان ۋەزىپە %100 ئورۇندىلىپ بولدى، ئاللىقاچان كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا چۈشۈپ كەتتۇق، دەپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېخى بۇ ۋەزىپىنىڭ %20 نىمۇ ئورۇندىمىغانىكەن. يېزا رەھبىرى بۇ كەنت باشلىقىنى راسا ماختاپتۇ، «ئوغۇلبالا كادىر، بىزگە مانا مۇشۇنداق كادىر كېرەك» دەپتۇ. ھەتتا نەق مەيداندا 250 يۈەن مۇكاپات بېرىپتۇ.

ھېلىقى يېزا رەھبىرى «ئوغۇلبالا» دەك سۆز قىلغان بىلەن ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلالماپتۇ. نەتىجىدە، كېيىنكى نۆۋەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتارىسىغا يالغان سۆزلەپ، تىل-ئاھانەتتىن، مەنسىپى ئېلىپ تاشلىنىشتىن قۇتۇلۇپتۇ. نېمە ئامال؟ پۇل بىلەن مەنسەپ ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان ياخشى نەرسىلەر تۇرسا؟ بۇنداقتا، كىممۇ راست گەپ قىلىشنى خالىسۇن؟

راست سۆزلەشتە «چولپان» غا ئايلانغان خۇبېي ئۆلكىسى جيەنلى ناھىيىسى چېپەن يېزىلىق پارتكومنىڭ سابىق سېكرېتارى لى چاڭپىڭ ھەممەيلەنگە تونۇش. ئۇ راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا «خاتا» لاشتى. زۇڭلى جۇرۇڭجى ئۇنىڭ راست سۆزلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ مەركەزدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەن، «ئۆلكىلىك پارتكوم بۇ ئىشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قايتىدىن تەكشۈرۈشكە ئادەم تەشكىللىگەن» بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «قارا» پېتى قېلىۋەردى. گوۋۇيۈەن ۋە ئۆلكىلىك پارتكومدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ تەستىقى ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن بيۇروكرات بىر گۇرۇھنىڭ قولىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئەسلىدە، گېزىت-ژۇرناللاردا يېزىلغىنىدەك، رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە دېيىلگىنىدەك ۋەياكى يىغىن مۇنبەرلىرىدە سۆزلەنگىنىدەك راست گەپ قىلىدىغانلارنى ئەتىۋارلايدىغان ئىش بولسا، لى چاڭپىڭ ئۈستۈرۈلۈشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا قالدۇرۇلۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ، يالغان گەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا خىزمىتىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ شىنجېن، جۇخەيلەردە خىزمەت ئىزدەپ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. (ياڭ شۈۋۇ ئاپتورلۇقىدىكى، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسىدىكى «ئېچىنىشلىق قىسمەت» ناملىق ماقالىگە قاراڭ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002- يىل 2- سان . - مۇھەررىردىن) بۇنداق ئەھۋالدا يەنە كىممۇ راست گەپ قىلىشنى خالىسۇن؟

ھازىرقى ۋاقىتتا، ئەڭ مۇھىمى، راست گەپ قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، راست گەپنى ئاڭلاشنى خالاش مەسىلىسى. راست گەپنى ئاڭلاشنى خالايدىغان ئادەملەر بولسىلا، راست گەپ قىلىدىغان ئادەملەر ئۆزلىكىدىن چىقىدۇ. دەرۋەقە، راست گەپ ئاچچىق - چۈچۈكرەك كېلىدۇ. ئۇ بەزىدە قەي قىلدۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىچىنى سۇرۇپمۇ قويىدۇ. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن قان تومۇرنى راۋانلاشتۇرۇپ تەننى ساغلام قىلىدۇ. يالغان گەپ سىلىق - يۇمشاق كەلگىنى بىلەن ئاخىرى ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ. جەمئىيەتنى نابۇت قىلىدۇ. ئېيتايلۇق، مەلۇم بىر ناھىيىدە 15يىلدا بىرىنچى باشلىقلار تۆت قېتىم ئالمىشىپتۇ، ئالماشقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆسۈپتۇ. لېكىن، بۇ ناھىيىنىڭ ئومۇمي قەرزى مۇشۇ 15يىلدا ئەسلىدىكى 2مىليون يۈەندىن 72مىليون يۈەنگە كۆتىرىلىپتۇ.

ھازىر ھەممە ئىشنى تېرىۋاتقىنى يالغانچىلىق! يالغان مەلۇمات، يالغان ئۇچۇر، يالغان دوكلات. . . گەرچە، راست سۆزلەش ، راست گەپنى ئاڭلاش جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن بىرخىل شىپالىق دورا بوپقالغان بولسىمۇ، ئەمما، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدا بۇ دورىنى ئىستېمال قىلىشنى خالايدىغانلار بەك ئاز. شۇڭا، مەن مۇنداق ئىككى تەكلىپنى بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن:

بىرى، راست گەپ قىلىشنى تەكىتلەشتىن ئاۋۋال، راست گەپنى ئاڭلاشنى تەكىتلەش؛ يەنە بىرى، راست گەپ قىلىشنى مەنئىي قىلىش.

بۇ ئىككى تەكلىپنىڭ ئالدىنقىسىنىڭ پايدىسى چوڭ، لېكىن ئۈنۈمسىز، كېيىنكىسىنىڭ پايدىسى يوق ياكى ئاز، ئەمما ئۈنۈملۈك. بۇنداق بولغاندا، كىشىلەر ھېچبولمىغاندا، بىر تەرەپتىن بولسىمۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالايدۇ، ئازراق ئالدىنىدۇ. بىزنىڭ زىيانلىق ئىشنى قىلغىنىمىزدىن پايدىسى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا زىيانسىز ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك!

2002.يىل 16.دېكابىر

---

ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M1)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 5-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىپ 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ.ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى22-58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى،ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشنى سورايمىز.

ـ كامالي ئېھتىرام بىلەن:«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# يېڭى دەۋر شەھەر قىزىنىڭ تۆزىنى «تەكشۈرۈشنامە»سى

**روشەنگۈل ئابلىكىم**

كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، قەلەم تەۋرىتىۋاتقان شۇمىنۇتلاردا كۆزلىرىمدە ياش لىغىرلاپ، يۈرىكىم نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق مۇجۇپ كېتىۋاتىدۇ. خەلقىمنىڭ، يېزىلاردىكى ئاشۇ دىلكەش ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت مۇشۇنداق سىرداش ژۇرنالنى تاكى خىزمەتكە چىقىپ ئالتە يىل بولغانغا قەدەر بىرەر قېتىم قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇپ باقمىغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈنمەكتىمەن. ئۆزۈم ئۇيغۇر، ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەۋاتقان بولسامۇ، ئانا تىل-يېزىقىمدا چىقىۋاتقان مۇشۇ ژۇرنالنى ئوقۇمىغانلىقىمدىن تۇرمۇشۇمنى بەكلا مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ كەپتىمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ توغرىسىدا شۇنداق كۆپ يۈرەك سۆزلىرىم بار ئىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يازالمايۋاتىمەن. پەقەت ئۆز-ئۆزۈمگە: «خۇدايىم، ھېلىمۇ كېچىكمىگەنىدىمەن» دەپ تەسەللىي بېرىۋاتىمەن ھەم شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

2002-يىلى 10-نويابىر بىر دوستۇمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىغا يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق يازغان «〈نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟〉 ناملىق بىر ماقالە چىقىپتۇ» دېگەن گېپى بويىچە دادام ئابلىكىم سابىر (يازغۇچى، پېشقەدەم مائارىپچى. — مۇھەررىردىن) نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي يېزىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ئوقۇپ كېلىۋاتقان، ئەپسۇسكى، ئۆزۈم بىرەر قېتىممۇ قولۇمغا ئېلىپ باقمىغان بۇ ژۇرنالنى قولۇمغا ئالدىم؛ ئالدىمۇ، ژۇرنالغا بېشىمچىلاپ كىرىپ كېتىپ تاشلىيالمىدىم. مېنى ئۆزگىچە شۇنچە مەھلىيا قىلىۋالغىنى، بىر دېھقان ئاكىمىزنىڭ ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىگە شۇنداقلا بىزگە ئوخشاش ھازىرقى زامان «مائاشلىق نامرات» ياشلىرىغا قارىتىپ يازغان «ئاچچىق» گەپلىرى مېنى ھەم

**جانىم- قىزلىرىمىز نېمە دېيىدۇ؟**

www.uyghurkitap.com

ئۆيدىكىلىرىمنى يىغلاتتى. ماقالىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان يولدىشىم، ئاخبارات ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان مەن، يېزىدىن ئۆيۈمگە كېلىپ ئىككى بالامنى بېقىۋاتقان چوڭ قىزىم (راست گەپنى دېسەم بالا باققۇچۇم) بىللەن بىللە ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇق. ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتىمەن، ئەمما ئاۋازلىرىم تىترەپ، نەپسىم بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. يولدىشىممۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۈن-تىنسىز ئاڭلىدى. بالا باققۇچۇم كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان ھالدا: «راست، يېزىلاردا ئىشلارپۇتۇنلەي مۇشۇنداق...» دەپ سۆزلىرىمگە تولۇقلىما بېرىپ تەستىقلاپ ئولتۇراتتى. ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتە ئولتۇردۇق. يولدىشىم: «ئابدۇقادىر مۇئەللىمگە تېلېفون قىلىپ بۇ ماقالىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپ باقاي» دېدى (ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىم يولدىشىمنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى). ئەپسۇس، ئابدۇقادىر مۇئەللىم ئۆي كۆچكەنلىك سەۋەبىدىن تېلېفون نومۇرى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

كەچتە پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. «بۇ ماقالە يالغۇز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىگىلا ئەمەس، مۇشۇنداق بەختلىك دەۋردە ياشاۋاتقان، يېزىلارنىڭ ئىغىر - جاپالىق تۇرمۇشىنى كۆرمىگەن، پەقەت يېزىلارغا بېرىپ كەلگەن دوستلىرىمىزدىن ياكى ئائىلىمىزدە بالا بېقىپ، ئاشۇ 100-200 يۈەن ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتقان يېزا قىزلىرىدىنلا ئاڭلاپلا قالغان بىزگە ئوخشاش «مائاشلىق نامرات» ھازىرقى زامان ياش زىيالىيلىرى ئۈچۈنمۇ يېزىلغان تۇرسا: جاۋابنى ئۆزىمىزدىن سورىماي، نېمە ئۈچۈن خەقتىن سورايمىز» دەپ ئويلىدىم. شۇنداق، بۇ ماقالە بىزگە ئوخشاش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولدى.

«نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى تەسىراتىم شۇ بولدىكى، گەرچە نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ يىلىغا 30 يۈەن خەجلەپ مۇشۇنداق ئېسىل ژۇرنالنى ئېلىپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق ئاكام ھەقىقىي باي ئىكەن. ماڭا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ ئېيىغا 1000 نەچچە يۈەن مۇقىم مائاشىنى، ھېيت-ئايەملەردە تارقىتىپ بېرىۋاتقان پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئېلىپ تۇرۇپ يەنە: «ۋىيەي، دېھقان خەق دېگەننىڭ ئاش-ئوزۇق، سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋە ۋە يېقىلغۇلىرى ئېتىزى ھەم بېغىدىن، گۆشلىرى ئېغىلىدىكى مال-چارۋىلىرىدىن چىقىدىغان تۇرسا، يەنە تېخى قىشچە ئىشلىمەي بىكار يېتىپ يەپ بىز كەمبەغەل دەيدۇ. بىزچۇ؟ شەھەردە ھاجەتخانىغا كىرسەكمۇ پۇل، بىرباش پىياز ئالساقمۇ پۇل، ئىشلا قىلىپ مىدىراپلا قويساق ھەممىسىگە پۇل خەجلەيدىغان تۇرساق، مائاشىمىز نېمىگە يېتەتتى. مانا بىز ھەقىقىي كەمبەغەل» دەپ يۈرگەن، ئائىلىدە

ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى تەل بولسىمۇ، يىلىغا ئون-يىگىرمە يۈەن خەجلەپ بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋالمايدىغان، مەنىۋى ئوزۇق ئالمايدىغان «روھىي نامرات» ھازىرقى زامان ياشلىرى ھەقىقىي نامرات ئىكەنمىز، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

يېزا تۇرمۇشىنى يۇسۇپجان ساۋۇت ئاكام ئۆز ئەسىرىدە بىزگە قىلچە مۇبالىغە قىلماي سۈرەتلەپ بەردى. بۇ يەردە يەنە ئۇ توغرىسىدا سۆزلىشىم ھاجەتسىز. ھازىر پەقەت ئۆزۈم ۋە ماڭا ئوخشاش يېڭى دەۋر شەھەر ياشلىرى توغرىسىدا بىر «تەكشۈرۈشنامە» يازماقچىمەن.

گەپنى ئۆزۈمدىن باشلىسام دۇرۇستەك قىلىدۇ. مەن زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، باللىق دەۋرىمنى غەم-غۇسسىسىز ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇش، تۇرمۇش پۇلىدىن غەم قىلماي ئوقۇدۇم. ئۆيدە ناھايىتى سەككىز ئاي خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ مائاشى، تەمىناتى ياخشى ئىدارىگە ئورۇنلىشىپلا 1000 يۈەنگە يېقىن مائاش ئالدىم. توي قىلىدىغاندا بولسا، خىزمەتكە چىقىپ پۇل يىغمىغاچقا تويلۇقلىرىمنى ئاتا-ئانام، (ئازىبىر قىسمىنى مەسلىھەت چايدا چۈشكەن پۇلغا ئالدىم) ئۆينى ھەم ئۆيگە كېرەكلىك جاھازلارنى ئۇنەچچە يىلنى بويتاقلىقتا ئۆتكۈزۈپ (رەھمەتلىك قېينانام ئۆلۈپ كەتكەنىكەن) بىرقىز، بىر ئوغۇلغا ھەم ئانا، ھەم ئاتا بولغان قېيناتام ئېلىپ بەردى. تويىمىزنى يېزىدىكى خېلى كۆپ دېھقانلىرىمىز پەقەت تېلېۋىزوردىكى ئېلانلاردا ياكى شەھەرگە بېرىپ كىرىپ كۆرۈشكە نېسىپ بولغان بىرەر يۇرتداشلىرىدىن ئاڭلاپ قالغان ئاشۇ رېستورانلاردا ئۆتكۈزدۇق. يولدىشىم ئىككىمىز تويىمىزنى خۇددى ئۆزىمىز پۇل چىقىرىپ قىلغاندەك دوستلىرىمىز ئالدىدا «تويىنى رېستوراندا ئۆتكۈزدۇق» دەپ خېلى مەزگىل كېرىلىپ يۈردۇق. تويدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ قوشۇپ كەلسە ئىككى مىڭ نەچچە يۈەن بولىدىغان مائاشىنى ئاشۇ ئايىغى چىقماس مېھمان كۈتۈشلەرگە ئىشلەتتۇق. ئىككى مېھمان كەلسىمۇ، ئون مېھمان كەلسىمۇ قورۇشىمىز بېلىق، توخۇ (تاماقلار بۇنىڭ سىرتىدا)، ئەرلەرنىڭ ئىچىشى «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» بولدى.

بىرەر قېتىم توخۇ، بېلىق قورۇيالمىساق مېھمانلار ئالدىدا يۈزىمىز چۈشۈپ كەتكەندەك بىرخىل خىجىللىق ئىچىدە خۇدۇكسىرەپ ئۆتتۇق. تاماقلارنىڭ يېيىلگىنى يېيىلىپ، يېيىلمىگىنى بولسا «خۇدايىم خارى يەتمىسۇن» دەپ ئۆزلىرىمىزچە يالغان دۇئا ئوقۇپ ئەخلەت چېلەككە تۆكتۇق (ئىككى جان شۇنچىۋالا تاماقنى ئىسسىتىپ يەپ بولغىچە، يەنە مېھمانلار كېلەتتى، ئاشقان تاماقلار يەنە كۆپىيەتتى). ئاغزى ئېچىلىپ بىرەر-ئىككى رومكا ئىچىلىپ قېپقالغان ھاراقلارنى بولسا: «ۋىيەي، ئاغزى ئېچىلغان ھاراقنى يېڭى مېھمانلارغا قويساق سەت ئەمەسمۇ» دەپ تاشلىۋېتەتتۇق. تۇنجى بالىمىز تۇغۇلغاندا بولسا

ئانىنىڭ ئورنىغا ماركا قوغلىشىپ «قارمان پېچىنىلىرى»نى ئېلىپ، بىر خالتىسى 20-30 يۈەنلىك سۈت پاراشوكلىرىنى «قۇۋۋەت بولىدۇ» دەپ پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي سېتىۋېلىپ بەردۇق. كىلوسى ئىككى يۈەنلىك پارچە سۈتنى بولسا «پاكىز ئەمەس، دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان، بالىمىز زەھەرلىنىپ قالمىسۇن» دەپ ياراتماي، بىر خالتىسى 200 گىراملىق، باھاسى 0.80 يۈەنلىك قاپلىق سۈتلەرنى، كېيىنچە «بۇمۇ پاكىز ئەمەسكەن» دەپ داڭلىق ماركا قوغلىشىپ بىر خالتىسى 1.5 يۈەن بولغان «مەيچۈئېر» سۈتلىرىنى بېرىدىغان بولدۇق. سىرتلارغا چىققۇدەك بولساق «بالام توڭلاپ كەتمىسۇن، ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن» دەپ ئۆيدىن چىقىپلا ئۇلۇغ قولىمىزنى شۇنداق كۆتۈرۈپ «تاكسى» دېدۇق. «يەنە تاكسى بىلەن كەپسىلەردە باي بالىلىرىم» دەپ ئالدىمىزغا چىققان ئاتا-ئانىلىرىمىزغا: «بالا كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقساق قىستىلىپ قالىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەت ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەردۇق. «بالىلىرىم، بىز سىلەردەك ۋاقتىمىزدا 60 يۈەنگىمۇ يەتمىگەن مائاشىمىز بىلەن تۆت بالىنى، ئاتا-ئانىمىزنى باقتان، سىلەر نېمىگە يېتىشتۇرەلمەيدىكەنسىلەر كىنتاڭ؟» دېسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېغىز غېرىچلاپ: «سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلاردىكى 60 يۈەن ھازىرقى 1000 يۈەنگە تەڭ، ئۇ چاغلاردا گۆشنىڭ كىلوسى بىر-ئىككى يۈەن بولسا ھازىر 16 يۈەن، بۇرۇن پۇڭچەڭگە بىر نەرسە كېلەتتى، ھازىر پۇڭچەن ئەمەس موچەڭگىمۇ نەرسە كەلمەيدىغان تۇرسا، شۇ پۇل ھازىرقى پۇلغا تەڭ» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشنى قانچىلىك جاپالاردا ھازىرقى كۈنگە ئۇلاشتۇرغىنىنى سۆزلەپ بەرسە، «شۇ، سىلەرنىڭ زامانىڭلار شۇنداقكەنتۇق، ھازىر بازارغا چىقساق ھەممە نەرسە تەييار تۇرسا، جاپا تارتىپ ئىشمۇ» دېدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئېغىز نەسىھەتلىك گېپىگە گېپىمىز يانچۇقىمىزدىلا ئىدى.

ئۆي سېتىۋالغاندا بانكىدا بىر پۇڭ پۇلىمىز بولمىغاچقا يەنە ئاتا-ئانىمىزدىن ئېلىشقا خىجىل بولۇپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ سېتىۋالدۇق. بۇ ئۆيدە ئولتۇرغىلى تۆت-بەش يىل بولغاندا، بۇرۇنقى زىننەتلىگىنىمىزنى ياراتماي، «ئىككىنچى بالىمىز تۇغۇلغاندا مېھمانلار يوقلاپ كەلسە سەت تۇرىدۇ» دەپ ئاقارتىپ ئولتۇرۇشتىن خىجىل بولۇپ قەرز ئۈستىگە يەنە قەرز ئېلىپ زامانغا لايىق ، كۆڭلىمىزدىكىدەك ياسىۋالدۇق. «ۋايجان، قەرزدارنىڭ قەبرىسى بارمىتى، قەرز ئېلىۋاتقانلار بىزلىمىستۇق، پۇل يىغالمىغاندىن كېيىن مۇشۇنداق قىلىپ كۆنىمىز» دەپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باھانە ئىزدەپ، ئەر-خوتۇن ئۆزئارا تەسەللىي بېرىشىپ كۆڭلىمىزنى خوش قىلىشىپ، ياسىداق ئۆيىمىزگە ھوزۇرلىنىپ قاراپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولسا ماشىنىمىز، شۇنداق مودا زىننەتلەنگەن ئۆيىمىز، ئۆيدە تېلېفون، قوللىرىمىزدا يانفون بار دېيىشىپ، «تېشىمىز ۋال-ۋۇل، ئىچىمىز غال-غۇل» بولۇپ يۈرۈشتۇق. تاكى ھازىرغىچىلىك مۇشۇ قىلغانلىرىمىزنى توغرا، يېڭى زامان ياشلىرى ئالدى بىلەن راھەت سۈرۈپ، پۇلنى كېيىن تۆلەيدۇ، چوڭلارغا ئوخشاش ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ، ماۋۇنى توي قىلغاندا ئالغان، تاشلىساق بولمايدۇ، دەپ «ئاسارىئەتىقە» ساقلاپ، ياچىرايلىق كىيىمەي، ياچىرايغا چىققۇدەك يېمەي، يائۆينى زامانغا لايىق زىننەتلىمەي يۈرۈپ ئىشمۇ؟ دەپ كەلگەنىدىم.

«نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟» مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن، شېرىن خىياللىرىمدىن، ئاشۇ بىمەنە تەسەللىيلىرىمدىن ئويغاتتى.

شۇنداق، يېزىلاردا ئاپەت بوپتۇ دەپ، ئىدارە ئونيۈەن بېرىڭلار دېسە، ئون يۈەن بەردۇق، بولمىسا كىيمەيدىغان، ئۆيدە تاقىشىپ يۈرگەن كىيىملىرىمىزنى بوغجىماقىلىپ ئاپىرىپ بەردۇق. ئاپەتكە ئۇچراپ ئاشۇ كېسەك تاملىق ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ، سوغۇقتا ۋە ياكى ئىسسىقتا قالغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىرەر قېتىملىق مېھماندارچىلىقنىڭ، بىرەر تەخسە توخۇ قورۇدىقىنىڭ ياكى بالىلىرىمىزنىڭ سۈت پاراشوكىنىڭ پۇلىنى قىسپىراق خەجلەپ، كۆڭلىمىزدىن چىقىرىپ تۇرۇپ بېرىش خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمىدى. بىرەر قېتىم كۈلپەتتە قالغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىرەرسىدىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بەرمىدۇق. «قەرز ئېلىپ ئىشمۇ» دېدۇق. ئۆزىمىزگە كەلگەندە بولسا 100 يۈەن ئەمەس، نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەرز بولۇشتىن قورقمىدۇق. ئاتا-ئانىلىرىمىز ئاشۇ 60 يۈەن مائاش بىلەن قېرىپ قالغان بوۋا-مومىلىرىمىزنى بېقىپ دۇئاسىنى ئالغان، بىزدەك ئۈچ-تۆت بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاغزىمىزنى ئاش-نانغا تەگكۈزگەن، تويلىرىمىزنى قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلغان تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، ھەرقېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا «ئىقتىسادىمىز يېتىشمەيدۇ» دەپ ۋايساپلا يۈردۇق. ئۆزىمىزنىڭ ھازىرغىچە بىرەر پۇڭ پۇلنى «مايەردە تۇرۇپ تۇرسۇن» دېمىگەنلىكىمىزنى، چوڭلار ئاغرىپ تارتىپ قالسا كېرەك بولار دېمىگەنلىكىمىزنى، بالىلىرىمىز چوڭ بولار، مەكتەپكە كىرەر، پۇل كېرەك بولار، دەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمىگەنلىكىمىزنى ئويلىماپتۇق. ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئېشىنساق بىر-ئىككى كىلو بىرەر نەرسە ئېلىپ كىردۇق، ئېشىنالمىساق بىر ئائىلىدىن تۆت-بەش ئادەم بولۇپ چوڭ ئۆيلەرگە قۇرۇق كىرىۋەردۇق. «بالام، ئۆيۈڭلاردا نېمە كەم، ئىككى ياقتىن بانكىغا قەرز تۆلەۋاتىسىلەر، پۇل يېتىشىۋاتامدۇ؟ ياردەم كېرەكمۇ؟ بولمىسا ماۋۇ بىر باك مايىنى ياكى ئاۋۇ بىر خالتا گۈرۈچنى، بولمىسا ئاۋۇ بىر پۇت گۆشنى ئەكېتىڭلار، ئىككى بالاڭلاربار ئەمەسمۇ» دېسە، «ئاپا، دادا، سىلەرگە نېمە كېرەك، بىز سىلەرگە ئېلىپ بېرەيلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا موككىدە خۇش

www.uyghurkitap.com

يىقىپ: بوپتۇ ئەمسە، دەپ قىزارماستىن ئېلىپ كەتتۇق. ئۈچ-تۆت بالىنى چوڭ قىلىپ، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق دېگەن ئاتا-ئانىلىرىمىز بالىلىرىنىڭ قەرز بولغانلىقىدىن چىرايى باللارنىڭكىدىنمۇ بەكرەك سارغىيىپ، ئاشۇ بىزنىڭ مائاشىمىزدىنمۇ تۆۋەن بولغان پېنسىيە مائاشىدىن ئامال بار ئېشىنىپ يەنە داۋاملىق ياردەمدە بولۇۋاتسا، يەسلىگە ئايدا 350 يۈەن تۆلەش ئېغىر كېلىپ، لېكىن ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ئايدا 100 يۈەن بېرىپ قويۇش ئېسىمىزگىمۇ كەلمەي بالىلىرىمىزنى باقتۇرۇۋاتىمىز. بىز چوڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈن، ئاتا-ئانىلار بايرىمىنى سەۋەبسىز ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز. ياشىنىپ قالغان، ئۇيقۇسى ئازلاپ كېتىپ نېرۋىسى ئاجىزلاشقان، ئۇنتۇغاق بوپقېلىۋاتقان ئاقباش ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزنىڭ توي خاتىرە كۈنلىرىمىز، بالىلىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. چوڭلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدىغان، قىستاڭ بوپكەتكەن ئاپتوبۇسلارغا ئاران تەسلىكتە چىقىۋاتقان ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ نەچچە يۈەنلىك تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ماشىنىلىق كەلگۈسى يوقمىدۇ؟ ئاپتوبۇس ھەر بىر بېكەتكە كىرىپ قاتتىق تورمۇزلانغاندا ئۇياق-بۇياققا سىلكىنىپ ئاران تۇرۇشقا شۇنچە خۇشتارمىدۇ؟ ياق! ئۇلار شۇ نەچچە يۈەننى ئاياپ قالماقچى، بىزگە - بالىلىرىغا كېرەك بوپقالار، دەپ ئاياپ قالماقچى. بىزچۇ؟ ئاپتوبۇسنى سېسىقچىلىق، قىستاڭچىلىق، نېمىدېگەن جاپا، دەپ ياراتماي، كىچىلىك پۇتلىرىمىزنىڭ تىك تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، «ئۇن كوينى بۇگۈن قويساق ئەتە يوق، بولدىلا» دەپ تاكسىغا بەردۇق. ئايدا بىر-ئىككى قېتىم رېستورانلارغا بېرىپ، جوزىدىكى مول-نېمەتلەرنى بىر-بىرىمىزدىن ھال تارتىشىپ يېمەي، ئۇلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ كۆلكە-چاقچاق قىلىشىپ ئويناپ قايتىشتۇق. لېكىن بىر تال ئاق نان ئۈچۈن زار بولغان، «قاچان گۆش يەرمىز» دەپ ئاپتاپتاكۆيۈپ كەتمەن چاپقان، خامان سورىغان دېھقانلىرىمىزنى ئويلىماپتۇق. ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزنى ھەم ئاتا-ئانىلىرىنى باققان بولسا، بىز ئاتا-ئانىلىرىمىز تۇغقۇل ئاشۇ بىر-ئىككى بالىلىرىمىزنىمۇ باقالماي ۋايساپ ئولتۇرۇپتۇق. بالىلىرىمىزغا زاكا ئىشلەتمەي بىر خالتىسى 20-30 يۈەنلىك قەغەز زاكا ئىشلىتىۋاتىمىز. بالىلىرىمىزنىڭ كالتىسى كەملىكىگە كېرەكلىك دورىلىرى تەييار، ئەمما ياشىنىپ قالغان، سۆڭەكلىرى چۈرۈكلىشۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىلىرىمىزغىمۇ بالىلىرىمىزغا ئوخشاش كالتىسى كېرەكلىكىنى ئويلىماپتۇق. بىز مانا مۇشۇنداق ئۈچۈر دەۋرى دەپ قوللىرىمىزغا يانفون تۇتۇۋالغان، ماشىنىلاشقان دەۋر دەپ پىكاپتا ئولتۇرۇدىغان، چوڭ بولۇپ ئۇماچ ئىچىپ، قوناق نېنى يەپ باقمىغان، ياماق ئىشتان كىيىپ باقمىغان، مائاشلىق لېكىن ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمىگەن، ئىشىنچە بىر پۇڭ پۇلى يوق، يۇقىرى ئىستېمال قىلىشقا كۆنگەن «كەمبەغەل» ھازىرقى زامان ياشلىرى. قىشلىق سەي-كۆكتاتلارنى كۆزدە 0.50 يۈەنگە بەرسە ئالماي، قىشتا سەككىز-توققۇز يۈەنگە ئەرزان ئىكەن دەپ ئېلىپ يەيدىغان ئەخمەق ياشلارمىز.

ھازىر ئۆيلەردە سۇ، گاز تۇرۇبىلاشتى، ئۇنىمۇ پۇل بەرسەكلا ئۆيگىچە ئەكىرىپ بېرىدۇ. شەھەرلىك ئەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈكىمۇ يېنىكلەپتۇ. ئىسسىق نان بازاردا تەييار، خالىساق تەييار كەسمە چۆپ، تۇگۈپ قويغان خام چۆچۈرىدىن تارتىپ لەڭمەن پىلتىسىمۇ بار. شەھەرلىك ئاياللىرىمىزنىڭ يۈكى يېنىكلەپتۇ. ئەمما دېھقانلىرىمىزنىڭ يۈكى يەنىلا ئېغىر كەن. بۇرۇن «دېھقانلار يازدا ئىشلەپ تاپقىنىنى قىشتا بىكار يېتىپ يەيدۇ، شۇڭا كەمبەغەل» دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى ئويلىسام، ئۇلار يازچە ئىشلىگەن بىلەن قولىغا ھېچنەرسە قالمىسا نېمىسىگە تايىنىپ ئىش قىلىدۇ؟ يېزىلاردا ئۇنىڭ ئېتىزىدا بار سەي-كۆكتات بۇنىڭ ئېتىزىدىمۇ بار تۇرسا كىمگە ساتىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ھالال تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئاشۇ غورىگىل نېمەتلىرىنى يېمەي نېمە يەيدۇ؟ ھۆكۈمەتقۇ بىز زىيالىيلارغا ھېيتلىق دەپ ماي، گۆش بېرىپتۇ، بىزچۇ؟ ئەقەللىيسى بىرەر نامرات قېرىندىشىمىزنىڭ ئۆيىگە: مانا، ھېيتتا يېگىن، دەپ بىكارغا كەلگەن نەرسىنىمۇ ئاپىرىپ بېرىشكە كۆزىمىز قىيدىمۇ؟ بۇرۇن: «دېھقانلار كەمبەغەل بولسىمۇ مۇنچىغا كىرىپ تۇرسا، بالىلىرىنىڭ كىيىمىنى پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ بەرسە بولمامدۇ؟» دەيتتىم. ئەسلىدە مۇنچىغا كىرگىلى بىر يۈەن تۇگۇل، بىر چېلەك سۇ ئۈچۈن نەچچە پۇڭ پۇلىمۇ يوق دېھقانلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. ھاجەتخانىغا كىرسە قەغەز يوق، داڭگال ئىشلىتىدىغان دېھقانلىرىمىزمۇ كۆرمىدىڭ ئىكەن. بىزچۇ؟ بالىلىرىمىزنىڭ جىجاپ، يىرتىپ ئويىنىشىغا ئاپئاق قەغەزلەرنى تاشلاپ بېرىمىز، بىر-ئىككى پۇڭلۇق پۇللارنى ئوينا، دەپ تاشلاپ بېرىمىز. ئاشۇ داڭلىق ماركىلىق سۈت پاراشوكلىرىنى ئىچىپ، كۆتىگە بىر قېتىملىق ئىشلىتىلىدىغان ئالىي زاكىلارنى ئىشلەتكەن، بىزدەك چوڭچى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئۆگەنگەن، ئىككى-ئۈچ ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا تاكسى توسۇشنى بىلىدىغان بالىلىرىمىز ھازىر چىۋىننى كۆرسىمۇ قورقۇپ، يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. بۇلارغا كىم سەۋەبچى؟

شۇنداق، ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلار پەقەت ئاتا-ئانىلىرى قىلىپ كۆنگەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرماقتا، ئاتا-ئانىلىرىدا «ئىقتىسادچىللىق» ئىدىيىسى بولمىغاندىكىن ئۇلاردىمۇ ئەلۋەتتە بۇنداق ئاڭ بولمايدۇ-دە. ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەپ ئىككى كۈن دەم ئالىدىغان بىز ياشلار «ئەقلىي ئەمگەك قىلغانلارنىڭ ھاردۇقى چىقمايدۇ، جىسمانىي ئەمگەك

قىلغانلارنىڭ ئۇخلىسىلا هاردۇقى چىقىدۇ»، «ۋاي، كىر ئالغۇدا كىر يۇيۇپ ھېرىپ كەتتىم، تاماق ئەتكۈدەك ھالىم يوق، سىرتتا تاماق يەيلى» دەپ يۈرۈيمىز. ئېتىزدىن ھېرىپ-ئېچىپ كېلىپ، كۆشىسىز تاماق يەپ ھارغىن بەدىنىگە قۇۋۋەت تاپالماي ئۇخلاپ قالغان دېھقانلىرىمىزنى ئەسلەپمۇ قويمايمىز. شاكىلات، ئويۇنچۇق دېگەنلەرنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، بالىلىرىمىز ئويناپ يىرتىۋەتكەن قەغەزلەردىن تىكىۋالغان دەپتىرىمۇ يوق يەرگە خەت يېزىپ ئولتۇرغان ئاشۇ سەبىي بالىلارنى بالىلىرىمىزنىڭ «ئانى ئېلىپ بەر، مانى يەيمەن» دېگەن يولسىز تەلەپلىرىنى ئورۇنداۋاتقاندا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايمىز. يېزا تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى ئاڭلىساق: «ئەجەب جاپالىقكەن-ھە!» دەپلا قويۇپ ئەتىسىلا ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماپتۇق.

ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، ئاش-ناننى خار قىلمايۋاتقان، نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن بىزگە ئوخشاش «كەمبەغەل ماناشلىق زىيالىيلار»مۇ ئاز ئەمەس دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئەتراپىمدا خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرۇم ئارىسىدا ماڭا ئوخشاشلار كۆپ. ئۇلارغا، شۇنداقلا ئۆزۈمگە شۇنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن: چوڭلارنىڭ ئىقتىسادچىللىقىدىن ئۆگىنەيلى. يېزىلاردىكى ئاچ-يالىڭاچ دېھقانلىرىمىزنى ئويلايلى. ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش بالىلىرىمىزغا ياخشى ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى. ئاش-ناننى خار قىلماي، ئارتۇقچە مەنمەنچىلىك قىلماي، هازىرقى كۈنىمىزگە شۈكۈر قىلىپ، بولسا ئېشىنالىساق يېزىلاردىكى ئاشۇ دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قالغان بالىلىرىنىڭ يىللىقى نەچچە ئون يۈەنلىك ئوقۇش پۇلىنى تۆلىشىپ بېرەيلى. ئۇلارمۇ ساۋاتلىق بولسۇن، قارا يەرگە سىڭىپ كەتمىسۇن. دېھقانلىرىمىز بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي سارغىيىپ يۈرمىسۇن. ئۇلار بىزگە دۇئا قىلىدۇ، ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزدىن خوش بولىدۇ، كۆڭلىمىز تەسەللىي تاپىدۇ.

ئاخىرىدا تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ مۇشۇ ماقالىنى يېزىشىمغا سەۋەب-نەتىجىلىك رول ئوينىغان ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىگە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ غەيرىي ئىستېمال بۇلغىنىشىغا ئۇچرىغان، دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتمىگەن بىزدەك ياشلارغا ياخشى ئۇستاز بولغان، قەلىمى كۈچلۈك قەدىرلىك دېھقان ئاكىمىز يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇقۇا، خەلقىمىزگە سىرداش بوپكەلگەن، بىزگە ئوخشاش يېڭى زامان ياشلىرىغا ئەھمىيىتى زور نەسىھەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

---

ئاپتور: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خادىمى (M2)

بۇ سان 2003 - يىل 1 - ئاپرېلدا تىزىشقا يوللاندى، 25-ئاپرېلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ

## ياۋۇنيۇەن ئۆلدىمۇ؟

فېئودال مۇستەبىتلىكنىڭ مۇھىم بىرخۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىدىيە جىنايىتى دەيدىغان گۇنا تەسىس قىلىنغان. جىنايەت قانۇنىدا جازانىڭ مۇددىتى بار، ئىدىيە جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازانىڭ مۇددىتى بولمايدۇ، ئۆلمىگىچە جازادىن قۇتۇلالمايدۇ، بولۇپمۇ قەدىمقى زاماندا شۇنداق بولغان. چۈنكى جىنايى ۋەقەدە جىنايەتتىن زىيان يېتىدىغىنى كۆپىنچە كونكرېت ئادەم؛ ئىدىيە جىنايىتىدىن زىيان يېتىدىغىنى سەلتەنەت ياكى ئىلاھىيەت، بۇنىڭغا كىم يول قويالايدۇ؟ (شاڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى) جۇ ھەم زالىم، ھەم شەھۋەتپەرەس ئىكەن. «شى بوچاڭ كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان يولسىزلىقلارغا خۇپىيانە لەنەت ئوقىغانىكەن، بۇنى چوڭ خۇخۇ بىلىپ قېلىپ خانغا چېقىپتۇ. خان شى بوچاڭنى يۇلى دېگەن يەرگە قاماپ قويۇپتۇ.» («تارىخنامە» گە قاراڭ). جۇخان شۇ «قورسىقىدا لەنەت ئوقىغان» شى بوچاڭنى ئۆزۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكتىن خانلىق سەلتەنىتىمۇ، نەسلى-نەسەبىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولغانمىش. كېيىنكى ئەۋلادلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغانمىش.

ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئىدىيىسى ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنەرمىش: بىرى - ئاغزى بىلەن ئىپادىلىنەرمىش، يەنە بىرى قەلەم بىلەن ئىپادىلىنەرمىش، ئۈچىنچىسى - قورسىقىدا ساقلىنىپ قالارمىش. «ئېغىز بىلەن ئىپادىلەنسە» ناھايىتى ئاسان مەلۇم بوپقالىدىكەن؛ ئاشكارا سورۇنلاردا «ئىپادە» لىنىشىنىڭ مەلۇم بوپقېلىشىدا گەپ يوق، ئۇ ھالدا ھەتتا ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ-بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن ئۆزئارا «خۇپىيانە ھەسرەت» قىلىشىشىڭىزمۇئىش چاتاق. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داھەتتا ئۆزىنىڭ ئاق سۇت بىلەن باققان پەرزەنتلىرىمۇ، بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياتىدىغان خوتۇنىمۇ «دەس تۇرۇپ» پاش قىلىدىغۇ. «قەلەم بىلەن ئىپادە قىلسا» تاغۇ-تاشلار ئاستىغا كۆمۈپ قويىمىسىلا تېخىمۇ خەۋپلىك بولىدىكەن. ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا - مانا مەن دەپ تۇرسا، مۇبادا كۆرۈپ قېلىشسا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. (16-ئەسىردىكى مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مۇتەپەككۇر ئەدىب، يازغۇچى زاھىد -

ئىنىرمۇتلىك ياراكلار

دەرۋىش. — تەرجىمان ئىزاھى) لى جى ئۆزى يازغان كىتابلىرىنى «كۆمۈلىدىغان كىتاب»، «كۆيدۈرۈلىدىغان كىتاب» دېگەنىكەن؛ كۆمۈۋەتمىگەنلىكى ۋەياكى ۋاقتىدا كۆيدۈرۈۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر كاللىسى كەتكەنىكەن. «قورسىقىدا ساقلىسا» خەۋپسىز بولار، لېكىن شۇنى ئەستە مەھكەم تۇتۇش شەرتكى، خاتىرە دەپتىرىڭىزگە يېزىپ سالماڭ، چۈنكى ئۆي ئاختۇرۇش بىزنىڭ ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئاتا مىراس ھۈنىرى.

ئىدىيە جىنايىتىنى ئومۇمەن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىنمىش. بىرى — قورسىقىدىكى گەپ-سۆزنى توغرىدىن توغرا تۆكۈۋېتىش، قورسىقىدا گەپ ياتقۇزماسلىق. مەسىلەن: «خەي رۈينىڭ پادىشاھنى تىللىشى»غا، جاڭ زىشىن، يولوكې (كاللىسىغا كەلگەن ھەق گەپنى قورقۇپ ئولتۇرماستىن دادىل سۆزلىگەنلىكى. — تەرجىماننىڭ ئىزاھى) غا ئوخشاش. بۇنداق جىنايەتلەر بۇرۇنقى زاماندا «مازار-ماشايىخلارغا تىل تەگكۈزگەن» دېيىلىدىكەن؛ ھازىرقى دەۋردە «زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان» دېيىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تۈرى — گەپنى ئەگىتىپ - يۆپۈتۈپ قىلىش: قەدىمقى ئىشلارنى ھازىرقى ئىشلارغا دارىتىپ سۆزلەش، قىزىمغا ئېيتاي، كېلىنىم ئاڭلىسۇن، دەپ دارىتمىلاش، گەپنى يۆپۈتۈپ ئىچىنى ئۆرتەش. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى تۈرگە كىرىدىكەن. لېكىن مۇشۇنداق جىنايەتتە ناھەقچىلىق - ئۇۋالچىلىق ھەممىدىن كۆپ بولىدىكەن. مەسىلەن، ئۆتمۈش خاندانلىقلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن «يېزىق زىندانى» دەيدىغان جازالار (بۇ، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان جازالىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ يازغانلىرىدىن ئايرىم سۆز-ئىبارىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، شۇنىڭدىن جىنايەت توقۇپ جازالايدىغان ئەھۋاللارنى بىلدۈرىدۇ. -تەرجىمان ئىزاھى)، «ئۈچ ئۆيلۈك پايناپ مەھەللە-سەنجياسۇن» (بۇ ئىبارە ئەسلىدە مەزكۇر ئۈچ نەپەر ئەدىبنىڭ مەخسۇس ھەجۋىي ماقالىلىرى ئۈچۈن گېزىت يۈزىدە تەسىس قىلىنغان ئەدەبىي سەھىپە. — تەرجىماندىن ئىزاھ) (بۇ ئۈچ نەپەر ئەدىب — 1960-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى دېڭ تو، ئاتاقلىق تارىخشۇناس، دراماتورگ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مارشى» نىڭ ئاپتورى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇخەن، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لياۋمۇشيادىن ئىبارەت. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) ئۈستىدىكى ناھەقچىلىقلار. بۇنداق جىنايەتلەرنى بىلىۋېلىش، ئايرىۋېلىش ئاسان ئەمەس، ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىلىم، ئالاھىدە ماھارەت كېرەك. بولۇپمۇ باشقىچە دىت كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بارا-بارا مەزمۇنى كەڭ ھەم چوڭقۇر بىر پەن — «دارىتىش ئىلمى» دەيدىغان بىر ئىلىم ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ئىلىم «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئۇنىڭ نامايەندە ۋەكىلى - ياۋۋېنيۈەن (ج ك پ 9-، 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» نىڭ ئاساسلىق كاتتىۋېشى. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) دۇر.

«دارىتىش ئىلمى»نىڭ ھەممىدىن چوڭ خۇسۇسىيىتى، گەپ-سۆزنىڭ ھەقىقىي - توغرا مەنىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا زورىدىن زورغا خاتا يېشىش، مۇجمەل-يوقىلاڭ ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىۋېلىش، يوق يەردىن توك ئۈندۈرۈش، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دېيىش ۋەھاكازا. ئەگەر سىز: «سەلكىن شامال خەت تونۇمىسا، كىتابنى ۋاراقلىغىنى نېمىسى؟» دېگەن بولسىڭىز، ئۇ پاش قىلىمەن دەپ، سىزنىڭ «مەيىن شامال» دېگىنىڭىز «مەنچىڭ» خاندانلىقىغا دارىتمىلىغانلىقىڭىز دەيدىكەن. خان بۇ گەپكە ئىشىنىپ، سىزنى جازالاپ نەسلى-ۋەسلىڭىز بىلەن قۇرۇتۇپ تۈگىتىدىكەن. ياۋۋېنيۈەن شۇنداق دارىتىپ بوھتان قىلىشتا ناھايىتى چېكىگە يەتكەن. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئاقنى قارا دەپ، قارىنى ئاق دەپ، سىزنى ئاغزىڭىزنى ئاچۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. مېنىڭچە ياۋۋېنيۈەننىڭ نامايەندە ئەسىرى «يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشىغا باھا» ئەمەس، بەلكى «تاۋجۇنىڭ ئىككى كىتابىغا باھا» دېگەن ئەسىرى. ياۋۋېنيۈەن «يېڭىسىغا باھا» دا يوق يەردىن توك ئۈندۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالغان، «تاۋجۇنىڭ كىتابىغا باھا» دا بولسا، تەپ تارتماستىن ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دېگەن. يەنى سۆڭگەكچىگە تاپانچا قىستۇرۇپلا ئوتتۇرىغا چىققان. تاۋجۇ «يۈكسەك غايە» نى مەدھىيىلىسە، ياۋۋېنيۈەن: «. . . مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈرگەن〈غايە〉سى بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ غايىسىدۇر، كاپىتالىزمنى قوغدايدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل غايىدۇر، جۇڭگودا پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كاپىتالىزمنى تىكلىدۇرىدىغان خام خىيالدۇر» دېگەن. تاۋجۇ «سەممىي ئىتتىپاقلىق» نى تەرغىب قىلسا، ياۋۋېنيۈەن: «. . . تاۋجۇنىڭ〈سەممىي ئىتتىپاقلىق〉 دېگىنى پرىنسىپنى قايرىپ قويۇپ، سوتسىيالىستىك نىشانغا ئاسىيلىق قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئىش قىلىدىغان سەممىي ئىتتىپاقلىقتۇر» دېگەن. مۇشۇنداق ھەددىدىن ئاشقان دەھشەتلىك «كالتەك-چوماق» قاقانداق نېمە دال بولالىسۇن؟!

گېئولوگىيە ئالىمى بىر ئۇچۇم قۇمنى قولىغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بار دېسە، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىچىدە راستىنلا ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن؛ تاغدىن بىر پارچە تاشنى كولىۋېلىپ، مۇشۇ تاغنىڭ تېگىدە تۆمۈركان بار ئىكەن دېسە، دەرۋەقە راستىنلا تۆمۈركان چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ بىر پەن. قۇرئەنداز قۇررىسىغا قاراپ تۇرۇپ، پالانى يەر خاسىيەتلىك ئىكەن، شۇيەرنى قەبرىستان قىلغان

www.uyghurkitap.com

جەمەتتىن چوقۇم پادىشاھ چىقىدۇ دېسە، پادىشا چىقىشى بۇياقتا تۇرسۇن، پۈتكۈل جان-جەمەتى پادىشاھ تەرىپىدىن قۇرۇتۇلۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. چۈنكى ئۇ (دۇنيا ھادىسىلىرىغا تۇرغۇن، ئۆلۈك ھالەتتە قارايدىغان. — تەرجىماندىن ئىزاھ) ئىلمىي ھېكمەت ئەمەس مېتافىزىكىدۇر. دارىتمىلايدىغان كىنايىچىلەر ئەنە شۇ قۇرئەندازلارغا ئوخشاش كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارغا ئىشىنىدىغانلار يوق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۈشتى قۇرۇمايدىكەن.

ياۋۋېنيۈەن ئاللىقاچان دەككە بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن سېسىتىلدىمۇ؟ مېنىڭچە، سېسىتىلغانلىقى ناتايىن. قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئەتىدىن كەچكىچە كۆزەينىكىنى تاقاپ ياكى قولىغا چوڭايتقۇچى ئەينەكنى ئېلىپ، خەت-قۇرئارىلىقىدىن «بىدئەت» — كۇپۇرلۇق، غەيرىي ئىدىيە ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بەندىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. سىز چۈشىنىنى تەتقىق قىلسىڭىز، ئۇ سىزنى شىر-يولۋاسقا «دارىتمۋاتىدۇ» دەيدىكەن. سىز ئومۇرتقىسىزھايۋان توغرىسىدا بىرنېمە دېسىڭىز، ئۇ سىزنى ئەجدىھارغا «دارىتمۋاتىدۇ» دەيدىكەن. . . ئۇلار ئەتىدىن-كەچكىچە «ئىنقىلاۋىي چوڭ تەنقىدنى قانات يايدۇرساق بولاتتى» دەپ ئويلايدىكەن.

1980-يىلى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» (بۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» — ج ك پ 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇڭۋېن، ج ك پ 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جياڭ چۈنچياۋ، ج ك پ 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى جياڭ چىڭ (رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى) ۋە ياۋۋېنيۈەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) سوتقا تارتىلغاندا ياۋۋېنيۈەنگە 20 يىللىق جازا كېسىلگەنىدى. 1976-يىلى قولغا ئېلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇ «توقماق» تۈرمىدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا ئۇ ھازىر ئۆلگەنمىدۇ؟ مەيلى ئۇ يەنە ئادەم قاتارىدا ھايات تۇرسۇن، مەيلى گۆردە ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتسۇن، ئىزباسارلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ماڭغان يولۇمدا يالغۇز يېتىم ئەمەسكەنمەن، دەپ پىسسىڭلاپ كۈلۈشى چوقۇم.

---

ۋۇجياۋمىن قەلىمىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 6-دېكابىر سانىغا بېسىلغان.

**توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى

## سۇڭ جياڭنىڭ «مەنسەپ تۇتۇش ماھارىتى»

بالا ۋاقتىمدا «سۇبويىدا»نى ئوقۇغىنىمدا، كېلىپ چىقىشى ئەرزىمەس پۈتۈكچى، قاراموتۇق، پەتەك سۇڭ جياڭنىڭ لياڭشەن كۆلىنىڭ غوجىسى بولغانلىقىغا قاراپ، بۇ بەلكىم «تارىخىي ئۇقۇشماسلىق بولسا كېرەك» دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە «سۇبويىدا»نى قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى بەزى «ھەقىقەت»لەرنى بايقىۋالغاندەك بولدۇم. سۇڭ جياڭ «ئەمەل-مەنسەپ سورۇنىدىكى كارامەت ئىگىسى» بولۇپ، «غوجا» بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن.

كونىلاردا: «ئادەم كەيپچىلىكتە راست گېپىنى قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. سۇڭ جياڭ كەيپچىلىكتە شۇنياڭ راۋىقىدا ئىسيان نەزمىسى يازغاندا، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، «مەن دېگەن كارامەت ئىستېبدات ئىگىسى» دەۋالىدۇ. ئۇنىڭ زادى قانچىلىك كارامىتى بار؟

ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۈنچىڭ ناھىيىسىدە پۈتۈكچى بولغان چاغدىكى ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. «سۇبويىدا»نىڭ 18-بابىدا: سۇڭ جياڭ ئۆمرىدە جاھانكەزدى مەرد-ئەزىمەتلەرنى دوست تۇتۇپ كەلگەن، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان دەپ تەسۋىرلەنگەن. قارىغاندا، سۇڭ جياڭ «كىچىك مەمۇر» ۋاقتىدىلا پۇل-مال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورىنى توقۇشتا كامالەتكە يەتكەن. ئۇ پۇل خەجلەشكە كەلگەندە ئەزەلدىن بېخىللىق قىلمايتتى. ئۇنىڭ مۇناسىۋەت تورىدا «جاھانكەزدى» كاللا كېسەرلەرمۇ، كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان لۈكچەكلەرمۇ بار ئىدى. تاڭ نيۇئېر ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ، سۇڭ جياڭنىڭ يېنىدىن ئىككى-تۆت تەڭگە تېپىپ خەجلەپ تۇراتتى. ناۋادا سۇڭ جياڭنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، جېنىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايتتى. كېيىن سۇڭ جياڭ يەن پوشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، دەۋا-دەستۇرغا قالغاندا، تاڭ نيۇئېر ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن. ئەلۋەتتە سۇڭ جياڭنىڭ ئەڭ زور مۇناسىۋەت تورى يەنىلا ئەمەل سورۇنىدا ئىدى. تاڭ نيۇئېر سۇڭ جياڭ ئۈچۈن رىيازەت چەككەندە، «ئامبال بېگىم گەرچە ئۇنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى، سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنى سوراق قىلىۋەرگەن». ئامبال بېگىممۇ سۇڭ جياڭنى «قوغدايدىغان كۆڭۈلۈك» بوپقالغان. بۇيرۇق بويىچە سۇڭ جياڭنى تۇتۇشقا كەلگەن ئەمما ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن جۇتۇڭنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار. ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇق خىيىمخەتەردىن ساق قۇتۇلۇپ كېتەلىگەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت تورىنىڭ شۇنچىلىك دەرىجىدە كەڭلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سۇڭ جياڭنىڭ يۈنچىڭ ناھىيىسىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئىشى «مەخپىي ئۇچۇر يەتكۈزۈش» تۇر. سۇڭ جياڭ

يامۇلنىڭ چاۋگەينى ئۇتماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خې تاۋنى سارايدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاتلىق ھېرىپ چاۋگەيگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۇنى قاچۇرۇۋېتكەن. بۇ، قارىماققا ھېرخىل «مەردانىلىق» تەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە پايدا-مەنپەئەت مەسىلىسى بۇيەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چاۋگەي دېگەن تۆرە بولۇپ، زامانىمىزدىكى يېزا-بازار كادىرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ناھىيە يامۇلدا ئىستىقبال تاپماق بولسا، رەھبەرنىڭ تەخسىكەشلىكىنى قىلمىسا، «تۆرىلەر»گە ئىلتىپات كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. سۇڭ جياڭ بۇ ئارقىلىق «نەپ»كە ئېرىشتى. كېيىن لىۋ تاڭ تاغدىن چۈشۈپ يۈزسەر ئالتۇننى سوغا قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. سۇڭ جياڭ پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغان ئادەم. ئۇنىڭ شۇنچىۋالا پۇلى زادى نەدىن كېلىدۇ؟ بۇنىڭدىن گۇمانلانماي بولمايدۇ.

ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن مۇناسىۋەت تورى توقۇپ چىقىش، يەڭ ئىچىدە نەپكە ئېرىشىش، كۆرۈنۈشتە بولسا يېتىم-يېسىرلارنىڭ غەمگۈزارى، مەرد-مەردانە بولۇۋېلىش، سۇڭ جياڭنىڭ «ئىستىبدات»لىرىنىڭ بىرى، ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەل سورۇندىكى كارامەت ئىگىسى بولۇشىنىڭ نەق ماھىيىتى. لياڭشەندە چاۋگەي «تاغتۇرانىڭ غوجىسى» ئىدى. ھەرقېتىم جازا يۈرۈشى قىلغاندا، سۇڭ جياڭ: ئاغىمىز تاغتۇرانىڭ غوجىسى. سىلى يەڭگىللىك بىلەن لەشكەر تارتسىلا بولمايدۇ»، دەپ باھانە كۆرسىتىپ، چاۋگەينى جازا يۈرۈشىگە چىقىقۇزماي، ئۆزى بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆزى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، چاۋگەينى «قارانچۇق» قىلىپ قويىدۇ. سۇڭ جياڭ گۆرۋەھۋازلىق قىلىشقىمۇ ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئۆز يېقىنلىرىنى مۇھىم ئىشلارغا قويىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرنى تاغقا ئالدۇرۇپ چىقىپ، ئىنىسى سۇڭ چىڭغا مالىيە ھوقۇقىنى تۇتقۇزىدۇ، ئۆزى بولسا لەشكەر ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالىدۇ. ھۆسنى-كامالەتتە تەڭداشسىز خۇسەننىياڭنى شەھۋەتپەرەس «پەتەك يولۋاس»قا خوتۇن بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەتراپىغا ئۆزى ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان سادىق مۇرت توپلايدۇ.

چاۋگەي قارانچۇق بوپقالغىنىغا تەن بەرمەي، ئۆزى لەشكەر باشلاپ زىڭتۇغا جازا يۈرۈشى قىلدى. نەتىجىدە زەھەرلىك ئوقيا ئوقى تېگىپ يارىلاندى. ناھايىتى روشەنكى، چاۋگەي ئۆزىنىڭ غوجىلىق ئورنىنىڭ سۇڭ جياڭغا قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا، جان ئۈزۈش ئالدىدا: «كىم مېنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تىرىك تۇتالىسا، شۇ تاغتۇرانىڭ غوجىسى بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. سۇڭ جياڭنىڭ ئەلەم ماھارىتىدىن قارىغاندا، ئۇ، شى ۋېنگۇڭغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. شى ۋېنگۇڭنى تۇتالايدىغانلاردىن پەقەت قاپلانباش لىن چۇڭنىلا ساناش مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ مۇرتى بولمىغاچقا، چاۋگەي ئۆلگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ زىڭتۇغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بېيجىڭغا بېرىپ، لۇجۈنىينى تاغقا چىقىشقا ئۈندەيدۇ. لۇ جۈنيى ئارقىلىق لىن چۇڭغا تاقابىل تۇرماقچى، ئۆزىگە تەھدىت بولىدىغان كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرماقچى بولىدۇ. لۇ جۈنىينىڭ «كالتەك ماھارىتى ئالەمدە تەڭداشسىز» بولۇپ، ئۇ شى ۋېنگۇڭنى تۇتالايتتى. ئەمما لۇ لياڭشەنگە يېڭى كەلگەچكە ئەتراپىدا ئۆزىنى قوللىغۇدەك ئادەم يوق دېيەرلىك بولۇپ، تاغتۇراغا غوجا بولۇشقا پېتىنالمايتتى. شى ۋېنگۇڭ تۇتۇلۇپ، سۇڭ جياڭ لۇ جۈنيىگە «ئورۇن بوشىتىپ» بەرگەندە، ۋۇيۇڭ خەلپەت لى كۈي، ۋۇسۇڭ، لۇجىشىنلارغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار چۇقان سېلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا لۇجۈنيى قانداقمۇ «غوجا» بولۇشقا پېتىنالىسۇن؟ سۇڭ جياڭنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ئۆزىگە بەشقولدەك ئايان، ئۆزىدىن ئىقتىدارلىقلار قوشۇنغا قېتىلسا، مەككارلىق بىلەن ئورۇن بوشاتماق بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ «ھوقۇق تارتىۋېلىش» ئويىنى بالدۇرراق يوق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

باشقىلارنى قارانچۇق قىلىپ قويۇش، ئۆزى ئەمەلىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش، ئۆز گۇماشتىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش، گۆرۋەھۋازلىق قىلىش، قارشى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇش، ئۆزىگە بولغان تەھدىتنى يوقىتىش سۇڭ جياڭنىڭ «ئىستىبدات»لىرىنىڭ ئىككىنچىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئەمەل سورۇندىكى كارامەت ئىگىسى» بولۇشىدىكى ئەڭ زەھەرخەندە ئۇسۇلى.

چاۋگەي ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەسىر كۈچى يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. سۇڭ جياڭغا بۇ نۇقتا ئىنتايىن ئايان بولغاچقا، ئۇ دائىم «چاۋگەينىڭ ۋەسىيىتى» دىن ئىبارەت بۇ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بايراقتىن پايدىلىنىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۆزى چاۋگەينىڭ سادىق مۇرتى بولۇۋالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرالىسۇن؟ ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاغزىدا چاۋگەينىڭ نامىنى دەستەك قىلىپ، يەڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ پىچىقىنى بىلەيدۇ. «مەردلەر سارىيى»نى «سادىق مەردلەر سارىيى»غا ئۆزگەرتىدۇ. «تەڭرى يولىدا ئادالەت يۈرگۈزۈش»نى «پەقەت پارىخور ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرىمىز، خانغا قارشى تۇرمايمىز» دېگەن بىلەن چەكلەپ قويىدۇ. ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن ئەل بولۇشقا قارشى تۇرغانلارنى چەتكە قاقىدۇ. يەنە مۇنداق ئىككى ھۈنەرنىمۇ ئويناپ چىقىدۇ. بىرى، ئۆزىگە خۇەنداۋ كەنتىدە ئۈچ جىلدلىق ساماۋىي كىتاب نازىل بولغانلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شەخسكە چوقۇنۇشنى بازارغا سالىدۇ. باشقىلارنى ئۆزىگە قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىرى، ئۇمۇمنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ئۆز خاھىشىنى يولغا قويىدۇ. لياڭشەن كۆلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان «ئۈچ كىشى» ئىچىدە لۇ جۈنيى ۋە ۋۇيۇڭلار بار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، يەنىلا سۇڭ جياڭنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى.

ئۆز غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن خىجىل بولماي

ياڭاقنى توقۇپ چىقىش، تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ سۈر-ھەيۋە كۆرسىتىش، شەخسىي نوپۇزىنى تىكلەش، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش، ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇش، سۈلۈك جىياڭ «ئىستىبدات» لىرىنىڭ ئۈچىنچىسى.

مۇشۇنداق يۇقىرى ماھارەتلەرگە ئىگە بولغان سۈلۈك جىياڭنى «ئەمەل سورۇنىدىكى كارامەت ئىگىسى» دېسەك ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. شۇڭا ئۇنىڭ «غوجا بولۇشى» مۇ ئەقىلغە مۇۋاپىق ئىش بولسا كېرەك.

شاجۇنشەن ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە ج ك پ جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن ئۆلكىلىك رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نەشرى ئەپكارى «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 11-سانىغا بېسىلغان. ئىبراھىم ئەمەت تەرجىمىسى

## نەچچە يىل ۋە نەچچە يۈز يىل

ھەرقېتىم بەزى ئىلغارلىقلارنى تەشۋىق قىلىدىغان خەۋەرلەردە، (كۆپىنچىلىرىدە بىزنىڭ مەلۇم تۈردە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز تىلغا ئېلىنىدۇ) «بىز قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر نەچچە يۈز يىل سەرپ قىلىپ تاماملىغان ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدۇق» دېگەندەك غەلىتە جۈملىلەرنى كۆرگىنىمدە، يۈرىكىم بىرقىسما بولۇپ، ئەتراپىمدا يەنە «تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر» نىڭ ھەمسەپەرلىرى بوپقالمىسۇن دەپ ئوغرىلىقچە ئاراپ باقىمەن. مەن ئۇلارنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىلىپ، بىزنى مەسخىرە قىلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن.

ۋات 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن قېتىملىق تەجرىبە ئارقىلىق 1782-يىلى ھور ماشىنىسىنى كەشپ قىلدى. 2002-يىلىغا كەلگەندە، مەن نەچچە يۈز يۈەن پۇل خەجلەپ، ۋات ئەينى چاغدا كەشپ قىلغان نەرسىدىن خېلىلا ئىلغار بولغان بىر ئۇسكۈنە سېتىۋېلىپ ئارقىدىنلا: «مانا مەن بىر نەچچە مىنۇتتىلا تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتتىكى مەشھۇر ئالىم ۋات ئەپەندى 20 يىلدا ياساپ چىققان نەرسىنى ياساپ چىقتىم» دەپ يازسام، ناۋادا مېنىڭ بۇ گېپىمنى يەرنىڭ تېگىدە ياتقان ۋات ئاڭلاپ قالسا، چوقۇم گۆرىدىن يۇگۈرۈپ چىقىپ، ياقامغا ئېسىلىشى مۇمكىن. بەختىمگە يارىشا مەن تېخى ئەخمەقلىقتە ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدىم. يۈزۈممۇ ئۇنچە قېلىنلىشىپ كەتكىنى يوق. چۈنكى مەن بۇنداق گەپنى قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما بەزى يولداشلىرىمىز بۇ گەپنى دېدى. دېدىلا ئەمەس بەلكى گېزىت، تېلېۋىزىيىلەردە ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەپ يۈردى. شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇلارغا بۇنداق گەپنى دېيىشنىڭ تولىمۇ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى دېمەي تۇرالمايمەن.

بۇلارنىڭ نومۇسسىزلىقى ئالدى بىلەن «بۇرۇن قول سېلىش» بىلەن «كېچىكىپ قول سېلىش» نى ئايرىيالمىغانلىقىدا. باشقىلار نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا بۇ يولدا مېڭىشنى باشلىغان، بىزگە بولسا ئەمدى تېخى بىر نەچچە يىل بولدى. بىز ئۇلاردىن توپتوغرا نەچچە يۈز يىل كېيىن قەدەم تاشلىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ يەنە ئۇنى-بۇنى دېگۈدەك يۈزۈمىز بارمۇ؟ ئەسلىدە ئاغزىمىزنى يۇمساق بولاتتى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلىقى «ئىجادىيەت» بىلەن «دورامچىلىق» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكىدە. باشقىلار نەچچە يۈز يىل بۇرۇن تۇنجى قەدىمىنى تاشلىغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئەزەلدىن تەييار يول يوق ئىدى. ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئېچىش ئارقىلىق تالاي جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، يول يوق جايدا يېپيېڭى بىر يول ئاچتى. مانا بۇ «ئىجادىيەت» تۇر. نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن بىز باشقىلار ماڭغان يول ئاغزىدا تۇرۇپ، گەرچە يول ياقىسىغا ئوت-خەسلەر ئۈنۈپ كەتكەن، يول يۈزى ئېگىز-پەس بوپكەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئالدىمىزدا يول بارلىقىنى پەرق قىلالايمىز. پەقەت نىشاننى پەرق قىلالىساقلا پۇختا قەدەم بىلەن بۇ يولدا ماڭىۋېرىمىز. مانا بۇنى «دوراش» دەيمىز.

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى نومۇسسىزلىقى، يول ئېچىش سۈرئىتى بىلەن يول مېڭىش سۈرئىتىنى سېلىشتۇرغانلىقىدا. يول ئاچقۇچىلار نەچچە يۈز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈپتۈز بىر يولنى بەرپا قىلسا، سىز «بېنس»، «تولپار» ماركىلىق پىكاپلارنى ھەيدەپ سائىتىگە 200 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن بۇ مۇساپىنى تاماملاپلا ئارقىدىن پۈتكۈل دۇنياغا: «مېنىڭ سۈرئىتىم ئۇنىڭدىن تېز. ئۇ نەچچە يۈز يىل سەرپ قىلىپ باسقان مۇساپىنى مەن بىر نەچچە مىنۇتتىلا تاماملىدىم» دېسىڭىز بولامدۇ؟ ناۋادا مەن يول ئاچقۇچى بوپقالسام، ئۇنداقتا مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سېلىش ئەخمەقلىق دەپ قارايمەن. چۈنكى مېنىڭ سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىدەك ۋاقتىم يوق. مەن يەنە يېڭى بىر يول ئاچمىسام بولمايدۇ-دە.

«فېلىيەتون» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىلى 8-سانىدىن

## مەن ۋە بىل گېيتسنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى پەرقلەر

مەن بىل گېيتس بىلەن بىر يىلدا تۇغۇلغان بولساممۇ، ئەمما ئىككىمىزنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىمىز زادىلا ئوخشىمايدۇ.

**1950-يىللارنىڭ ئاخىرىدا:**

گېيتس ئامېرىكىنىڭ سىئاتىلدىكى بىر ئوتتۇرا قاتلام بۇرژۇئا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

كىچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى ياداڭغۇ ۋە گالۋاڭراق بالا ئىدى.

مەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چەت ياقىدىكى كىچىك بىر بازاردا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، چوڭلار مېنى تولىمۇ ئەقىللىق، چېچەن دەپ ماختىشاتتى.

**1960-يىللارنىڭ دەسلىپىدە:**

گېيتس خۇسۇسىيلار قۇرغان خوپپېن مەكتىپىدە ياخشى بولغان زامانىۋى تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ، كومپيۇتېر ۋە BASIC تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

مەن بىر يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. مەن مۇئەللىم بىلەن بىللە ئاچارچىلىق بىلەن كۆرەش قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن بولغان كۆرەش قىلىش ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن بوپكەتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن «ئېلېكتر»نىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇ كىچىك بازارغا تېخى 1980-يىلى ئاندىن توك سىمى تارتىلدى.

**1967-يىلىدىن 1968-يىلىغىچە:** گېيتس 13 يېشىدىلا كومپيۇتېر پروگراممىسى تۈزەلىدى. 14 ياشقا كىرگەن يىلى مەكتەپتىكى كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك بىر تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، كومپيۇتېر تالانتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىشتىن بىر يىل ئىلگىرى رەسمىي دەرس توختىتىپ، ئىنقىلابقا كىرىشىپ كەتتۇق. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا بېشىمىزچىلاپ كىرىپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىز چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىش بولۇپ، قەلەم-قەغەز بىكارلىق ئىدى. گېزىتتىكى ماقالىلەرنى كۆچۈرۈپ مەكتەپ تاملىرىغا، كېيىن يەنە كوچىلارغا چاپلىدۇق. بىزنىڭ شوئارىمىز: «دۇنيادا يەنە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئازاب تارتىۋاتقان سىنىپىي قېرىنداشلىرىمىز بار. ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى!»دېن ئىبارەت ئىدى.

**1970-يىلىدىن 1971-يىلىغىچە:**

گېيتس 16ياش ۋاقتىدا دوستى ئەيلۇن بىلەن قاتناش سانلىق مەلۇمات شىركىتىنى قۇرۇپ، ئىنتېر 8008ئۆزەك ياپراقچىسىدىن پايدىلىنىپ شەھەر قاتنىشىنى نازارەت قىلىش، كۆزىتىش سىستېمىسىنى لايىھىلەپ چىقتى. 2-يىلى، 17 ياشلىق گېيتس مەكتەپكە ئۆزىنىڭ تۇنجى پروگراممىسىنى سېتىپ، 4200 ئامېرىكا دوللىرى تاپتى.

دەرس توختىتىپ ئۈچ يىل ئىنقىلاب قىلغاندىن كېيىن مەن ۋە بارلىق ساۋاقداشلىرىم ئىمتىھانسىزلا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقىدۇق. ئەدەبىيات دەرسلىكىمىز گېزىتلەردىكى باش ماقالىلەر ۋە تەنقىد ماقالىلىرى ئىدى. ئىنگلىز تىلى دەرسلىكىمىز يوق بولۇپ، ئەمدىلا 26 ھەرپنى ئۆگەنگەندۇق. ماتېماتىكا دەرسىدە بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق. مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي مەنبەئەيىم دادامنىڭ 23يۈەن مائاشى ئىدى. ئوقۇش خىراجىتىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن تاشچىلار ئەترىتىگە كىرىپ تاش چوقۇيتتۇق. پۈتۈن يازلىق تەتىلدە تاش چوقىساق، ئالتە يۈەن تاپاتتۇق.

**1972-يىلىدىن 1973-يىلىغىچە:**

گېيتس 19 يېشىدا خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىنى ئۆگەندى. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزىغا چۈشۈپ، كەڭ تەبىئەت ئۈچۈن «زور تۆھپە قوشتۇم»: بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ، ئېتىزدا سوتسىيالىزمنىڭ ياۋا ئوتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە رازى ئىدۇقكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ مايسىسىنىڭ ئۆسۈشىگە قەتئىي يول قويمايتتۇق.

**1974-يىلى:**

ئىنتېر 8008دىن ئون ھەسسە تېز بولغان 8080ئۆزەك ياپراقچىنى ئىشلەپ چىقىرىپ گېيتس يەنە بىر قەدەم ئالدىدا ماڭدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز سەككىز ھەپتە ئىشلەپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى مىكرو تىپلىق ھېسابلاش ماشىنىسىAitair8800غا BASIC تىلىنى سەپلەپ، شۇندىن باشلاپ CP يۇمشاق دېتال كەسپىنىڭ يېڭى ئېراسىنى ئېچىپ، پۈتكۈل سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

مەن يېزىدىن زاۋۇتقا قوبۇل قىلىندىم. ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىم 18يۈەن ئىدى. ئىشقا چىققاندا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىشىم كۆڭزىنى، لىن بياۋنى، جۇگوڭ (جۇ ئېنلەي) نى پىپەن قىلىشقا، كۆڭزىچىلار بىلەن قانۇنچىلارنىڭ كۆرىشىنى پىپەن قىلىشقا قاتنىشىش ئىدى.

**1975-يىلى:**

بۇيىل، دۇنياITتەرەققىيات تارىخىغا مەڭگۈ خاتىرىلىنىدىغان ئىش بولغان يىل بولۇپ، ئامېرىكىدا گېيتس بىلەن ئەيلۇن سىئاتىلدا مىكرو سوفىت شىركىتىنى قۇرۇپ 20 ياشلىق گېيتس CEO بولدى.

بۇ يىلى مەن زاۋۇتتا شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىنىپ ئۇستام بىلەن بىرلىكتە دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتمىسى (يوليورۇقى) نى تۇتقا قىلىش»نى تەنقىد قىلىپ، «ئوڭچىل دېلو ئاغدۇرۇش شامىلى»غا قارشى تۇرۇپ، «ماددىي مۇكاپاتنى قوماندان قىلىش»، «ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش»، «سوڭ جياڭنىڭ تەسلىمچىلىك لۇشيەنى»نى تەنقىد قىلىش بىلەن بوپكەتتۇق.

**1977-يىلى :**

گېيتسنىڭ ئىشلىرى كۈنسېرى روناق تېپىپ، مىكرو سوفىت شىركىتىنىڭ مەھسۇلات ماركىسى ئۆزكەسپى ساھەسىدە ئۆز نوپۇزىنى تىكلىۋالدى.

مەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، بەش يىل كېچىككەن

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇردۇم.

**1980 ـ يىلى:**

مىكرو سوفىت شىركىتى MS — DOS سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. DOS شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارلىق خۇسۇسىي كومپيۇتېرلارنىڭ دېگۈدەك ئىچكى قۇرۇلما سىستېمىسى بوپقالدى.

مەن تۇنجى قېتىم دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە پراكتىكانت ئوقۇتقۇچى بولدۇم. ئەمما DOS ئەمەس، بەلكى كومپيۇتېرنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

**1986 ـ يىلى:**

مىكرو سوفىت شىركىتىنىڭ پاي چېكى ئوچۇق-ئاشكارا بازارغا سېلىنىپ، ھەر بىر دانە پاي چېكىنىڭ باھاسى 21 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، جەمئىي توپلىغان مەبلەغ 61 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان، گېيتس ئۆزىمۇ بىر سەكرەپلا دۇنيا بويىچە ئەڭ ياش، قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن مىلياردىر بوپقالغان.

ئۇيىلى مەن ئورگانغا يۆتكىلىپ خان ئاشلىقى يەيدىغان دۆلەت خىزمەتچىسى بولۇپ ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ھۆججەت يېزىقچىلىقى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئايلىق مائاشىم 57 يۈەن ئىدى.

**1990 ـ يىلى:**

گېيتس Windows 3. 0 مەشغۇلات سىستېمىسىنى تارقىتىپ، پۇتكۇل يەرشارىدىكى سېتىلىش سوممىسى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن.

مېنىڭ ئايلىق مائاشىم 200 يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆپ يىلدىن بېرى ئامانەت قويغان پۇلۇمغا 18 دىيۇيملىق رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالدىم.

**1995 ـ يىلى:**

گېيتس Windosws95 نى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، Internet نى ئېچىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

مەن تۇنجى قېتىم بېيجىڭدىكى بەزى ئەدىبلەرنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى ئاڭلىدىم.

**1997 ـ يىلى:**

مكرو سوفىت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى 58 دۆلەتكە تارقىلىپ، 250 مىڭ نەپەردىن كۆپرەككە يېتىپ، تىجارەت سوممىسى 11 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، بازار قىممىتى 158 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. گېيتسنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى «كەلگۈسىدىكى ئۆي» پۈتكەن بولۇپ، ۋاشىنگتون كۆلى بويىغا جايلاشقان. ئەتراپتىكى مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، كۆلىمى 3700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈش باھاسى تەخمىنەن يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

بۇيىل مېنىڭ ئائىلەمگە نىسبەتەن قوش خۇشاللىق بولغان بىرىيىل بولدى. بىرىنچى خۇشاللىق: ئوغلۇم ئۆلكىلىك نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزۈندىن بۇيان يىغىپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ يۈەن مەكتەپ تاللاش خىراجىتىنى تېجەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ پۇلغا 486 تىپلىق كومپيۇتېردىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوغلۇمنى مۇكاپاتلىدىم. 2 ـ خۇشاللىق: مەنمۇ «ئۆي ئىسلاھاتى» غا قاتنىشىپ ، دوست-بۇرادەرلىرىمگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئۆي سېتىۋالىدىغان پۇلنى راستلاپ ئۈچتىن ئىككى قىسىم مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋالدىم. شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭگودىكى «مۈلۈك قىسىم مۈلكى» بار دۆلەت خىزمەتچىلىرى قاتارىغا كىرەلىدىم.

**1998 ـ يىلى:**

گېيتس Windows98 نى تارقىتىپ، IE كۆزەتكۈچ پۈتكۈل يەرشارىنى قاپلىدى. تورغا كىرىش ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش بوپقالدى.

ئېلىمىزدە بولسا ، تورغا كىرىش ناھايىتى چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى. مەن بېيجىڭدىن يىراق بولغان كىچىككىنە بىر شەھەردە كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە باشلىدىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا «بەش سىزىقلىق خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نى، WORD دا ماقالە تەھرىرلەشنى مەشق قىلىشقا باشلىدىم.

**1999 ـ يىلى:**

مىكرو سوفىتنىڭ بازار قىممىتى 407 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پۈتكۈل يەرشارىدىكى 1000 چوڭ كارخانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئەنئەنىۋى بولغان داڭلىق شىركەتلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، گېيتس داۋاملىق يەرشارى بويىچە ئەڭ چوڭ باي دېگەن تەختتە ئولتۇردى.

مەنمۇ كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلىشقا خېلى پىشىپ قالدىم. مېنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلغىنى شۇكى، مەن شەھىرىمىز بويىچە بىرقەدەر بۇرۇن ئىنتېرنېت تورىغا كىرگەن «ئىلغار» لارنىڭ بىرى سانىلاتتىم. توردىكى دۇنيا شۇنچە رەڭگا رەڭ بولۇپ، ھەقىقەتەن مېنىڭ نەزەر-دائىرەمنى كېڭەيتىپ، مېنى تولىمۇ خۇشال قىلاتتى. ئەمما مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ چوڭ ئازاب شۇكى، مەن گېيتستىن توپتوغرا بىر ئەسىر ئارقىدا قالغانىدىم.

ئەسلىدە مەن ئۆزۈمنى بۇنداق سېلىشتۇرماسلىقىم، بولۇپمۇ داڭلىق شەخس بىلەن سېلىشتۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئەمما، مېنىڭچە، بۇنداق سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنلىكىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار. بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك، تەلەيلىك، ئۇلار بىز ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئۆزۈل-كېسىل خالىي .

---

ليۇ يەنپىڭ قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل 8 ـ سانىغا بېسىلغان. ئەسەرلەرنىڭ -

تەرجىمانى: **توختىھاجى يۇنۇس**

www.uyghurkitap.com

# خىزمەتچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا خەلقئارا خەۋەر

ياپونىيىدىكى بىر شىركەت خىزمەتچىدىن ئوننى ئالماقچى بولۇپ، 300 ئادەمدىن يېزىقچە، ئېغىزچە ۋە تەكرار ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئون ئادەمنى تاللاپ چىقىپتۇ. تۇفىيېئېر ئىسىملىك يىگىت قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ، جاھان زۇلمەتلىك تۇيۇلۇپ، ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، تۇفىيېئېرنىڭ ئۆيدىكىلىرى ۋاقتىدا توسقاچقا، پاجىئە يۈز بەرمەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى شىركەت تۇفىيېئېرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۈچىنچى بولۇپ ئۆتكەنلىكى، بىراق كومپيۇتېردىن چاتاق چىققانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا گېزىتتە بايانات ئېلان قىپتۇ. تۇفىيېئېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قايغۇنى شادلىققا ئايلاندۇرۇپ، تۇفىيېئېرنى شىركەتكە ئەكەپتۇ. بىراق شىركەت: تۇفىيېئېرغا ئوخشاش ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولىدىغان، روھىي چىدامچانلىقى ئاجىز كىشىلەر شىركىتىمىزدە ئىشلىسە، شىركەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، تۇفىيېئېرنى قوبۇل قىلماپتۇ.

گېرمانىيىدىكى بىر شىركەت خىزمەتچىدىن ئوننى ئالماقچى بولۇپ 300 ئادەمدىن يېزىقچە، ئېغىزچە ۋە تەكرار ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئون ئادەمنى تاللاپ چىقىپتۇ. راين ئىسىملىك يىگىت قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئازاپلىنىپ، ھەممە ئارزۇ-ئارمانلىرى بەربات بولغاندەك بولۇپ، ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئائىلىسىدىكىلەر ۋاقتىدا توسقاچقا، پاجىئە يۈز بەرمەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى شىركەت رايىننىڭ ئىمتىھاندىن ئۈچىنچى بولۇپ ئۆتكەنلىكى، بىراق كومپيۇتېردىن چاتاق چىققانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا گېزىتتە بايانات ئېلان قىپتۇ. شىركەت يەنە رايىننىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، رايىننىڭ شىركەتكە بېرىپ ئىشلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. بىراق راين ۋە ئائىلىسىدىكىلەر شىركەت خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتەك مۇشۇنداق مۇھىم ئىشتا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى، بۇنىڭدىن بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇنداق شىركەت رىقابەت جەريانىدا جەزمەن شاللىنىپ قالىدۇ، بۇنداق شىركەتتە ئىشلەش نومۇس، شۇنداقلا رايىننىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇ شىركەتتە ئىشلەشنى رەت قىپتۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت خىزمەتچىدىن ئوننى ئالماقچى بولۇپ 300 ئادەمدىن يېزىقچە، ئېغىزچە ۋە تەكرار ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئون ئادەمنى تاللاپ چىقىپتۇ. مىك ئىسىملىك يىگىت قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ، جان يېقىشقا كۆزى يەتمەي ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئائىلىسىدىكىلەر ۋاقتىدا توسقاچقا، پاجىئە يۈز بەرمەپتۇ. دەل شۇ چاغلاردا ھېلىقى شىركەت مىكنىڭ ئىمتىھاندىن ئۈچىنچى بولۇپ ئۆتكەنلىكى، كومپيۇتېردىن چاتاق چىققانلىقتىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا گېزىتتە بايانات ئېلان قىپتۇ. مىك ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، مەزكۇر شىركەت خىزمەتتىكى سەۋەنلىكى تۈپەيلى ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ قوبۇل قىلىنغان مىكنى تىزىملىكتىن چۈشۈرۈپ قويۇپ مىك ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زور ھاقارەتكە ئۇچراتتى، مەنىۋى جەھەتتە زور بېسىم پەيدا قىلىپ، ئائىلىنىڭ تىنچلىقى ۋە خۇشاللىقىنى بۇزدى، دەپ قاراپ ھېلىقى شىركەت ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىپتۇ ۋە سوت مەھكىمىسىدىن ھېلىقى شىركەتتىن مىك ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ روھىي زىيىنى ئۈچۈن 200 مىڭ دوللار تۆلەم ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

جۇڭگودىكى بىر شىركەت خىزمەتچىدىن ئوننى ئالماقچى بولۇپ، 300 ئادەمدىن يېزىقچە، ئېغىزچە ۋە تەكرار ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئون ئادەمنى تاللاپ چىقىپتۇ. كۇشۇ ئىسىملىك يىگىت قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئاتامغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ ئويلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئائىلىسىدىكىلەر ۋاقتىدا توسقاچقا، پاجىئە يۈز بەرمەپتۇ. دەل شۇ چاغلاردا ھېلىقى شىركەت كۇشۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۈچىنچى بولۇپ ئۆتكەنلىكى ، بىراق كومپيۇتېردىن چاتاق چىققانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا گېزىتتە بايانات ئېلان قىپتۇ. كۇشۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆز يېشى قىپتۇ ۋە «يۈكسەك پەزىلەتلىك، چوڭقۇر مېھىر-شەپقەتلىك شىركەت رەھبەرلىكىگە تەقدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە بىلەن «بۇ قېتىمقى خىزمەتچى قوبۇل قىلىش جەريانىدىن شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ دانا، ئادىل ئىكەنلىكىنى، خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى چاكىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقلىرىڭلارنى تۈزىتەلەيدىغانلىقىڭلارنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىدىڭلار. بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز، سىلەر بىزنىڭ تايانچىمىز. سىلەرگە رەھمەت-ھەشقاللا!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تەشەككۇرنامىنى شىركەتكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

---

دەن خۇڭئېن ئىمزالىق بۇفېلىيەتون «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2003-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

# ئۆز پۇقرالىرىمىزنى ھۆرمەتلەيلى

مەندە مۇنداق بىر تۇيغۇ بار، دۆلىتىمىزدە ئۆز پۇقرالىرىمىز ھەممىشە چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش سىپايە مۇئامىلە ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭدىكى گۈگۈڭ سارىيىدا مەخسۇس «چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر كىرىش ئېغىزى» تەسىس قىلىنغان، مەلۇم شەھەرنىڭ قاۋاق كوچىسىغا مەخسۇس «چەت ئەللىكلەر ھاجەتخانىسى» سېلىنغان. سودا سارايى، مېھمانخانىلاردا مۇلازىمەتچىلەر چەت ئەللىكلەرگە ئىنتايىن تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەيدۇيۇ، ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ھەتتا تىللاپ قويىدۇ. چەت ئەللىكلەر جۇڭگودا ئويناپ يۈرۈپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، ئەڭ زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئەۋەتىلىدۇ ھەم ئەڭ ئۇستا دوختۇرلار قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندۇرۇلىدۇ، ئەمما جۇڭگولۇقلارغا ئۇنداق تەلەي نېسىپ بولمايدۇ. دۆلەت ئىچىدە ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتسە، كېمە چۆكۈپ كەتسە، كەلكۈن، يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرسە، بەختسىزلىككە يولۇققۇچىلار ئۈچۈن كىملەرنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا تەزىيە بىلدۈرگىنىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما چەت ئەلدە پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىپ ياكى كۆۋرۈك گۈمۈرۈلۈپ كېتىپ نەچچە ئون ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ھالىمىز قالمايدۇ.

ھەيران بولماڭكى، بىز جۇڭگولۇقلار ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كۆزگە ئىلمايدىغاندەك قىلىمىز. ئەمما چەت ئەللىك خەقلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى ئەڭ ئەلا مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئامېرىكا ئايروپورتلىرىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىدا ھەممىشە ئامېرىكىلىقلار ئالدىدا چەت ئەللىكلەر كەينىدە كىرىدۇ. يۈك-تاق تەكشۈرگەندە ئامېرىكىلىقلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىنسا، چەت ئەللىكلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنىدۇ ھەم قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ. ياپونىيىدىمۇ ئوخشاش، ئۇيەرنىڭ ئايروپورت ۋە پورتلىرىدا ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ پورتقا كىرىش ئېغىزىدىن يەتتە-سەككىزى بولسا، چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن پەقەت بىرسىلا بار. ئەگەر كىرىش ئېغىزىنى بەك قىستاڭچىلىقكەن دەپ قارىسىڭىز، ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن كىرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما ياپونىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سىزنىڭ كىرىشىڭىزگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئۆز ئادەملىرىنى باشقىلاردىن بەكرەك ھۆرمەتلەيدۇ. سىز: خەق تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولغاندىكىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ-دە، دەپ قارىماڭ. ياق، ئۇلارغا شۇ نەرسە ئايدىڭكى: مەيلى رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ) ياكى ئاددىي خىزمەتچى بولسۇن، ئوفىتسىر ياكى ئىشسىز قالغانلار بولسۇن ئۇلار بەھرىلىنىۋاتقان پاراۋانلىقنى ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى ياراتقان، ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىلا ئۇنىڭ ھەقلىق ئىگىسىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، قاتناش قوراللىرىنى چەت ئەللىكلەر بىكارغا بېرىۋەتسە كېرەك، شۇڭا ئۇلار ئۆزگىلەرگە خوش-خوش، ئۆز ئادەملىرىگە مۇشت-مۇشت دەيدۇ.

ئالدىنقى كۈنلەردە ئىنتېرنېتتىن جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور، پروفېسسورى جى جياڭ ئەپەندىنىڭ بىر نوتۇق ئورىگىنالىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىپ قاتتىق چېچىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مۇشۇ يىللاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپى نېمە ئۈچۈن دېگۈدەك چەت ئەلگە بارىدىغان بوپقالدى؟ ھازىر ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى پۇقرالارنى ئۆز دۆلىتىنى سۆيىدىغان قىلىش كېرەك. گۇاڭشىدا كۆمۈلۈپ يانقىلى نەچچە ئون يىل بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى جۇڭگولۇق ئىشلەمچىلەر ئىزدىدى. سۆڭەكلەر تېپىلغاندىن كېيىن جەسەت ساندۇقلىرىغا سېلىپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئامېرىكىلىقلارغا يەتكۈزۈپ بەردۇق. بۇنىڭدىن ئامېرىكىلىقلار پەخىرلەنمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگولۇق ئىشلەمچىلەر سۆڭەك ئىزدەپ يۈرۈپ يارىلانسا، قولىغا 200 يۈەننى تۇتقۇزۇپلا ئۆيىگە قوغلىدۇق... بىر ياپونىيىلىك دېھقان ئېمېي تېغىغا ئوينىغىلى بېرىپ ئۆزىنى زەخمىلەندۈرۈۋالغاندا، جۇڭگونىڭ ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلانىنى ئەۋەتىپ ئۇنى قۇتقۇزدۇق. ئەمما ياپونىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ياتىقىدا ئۆلۈپ كېتىپ يەتتە كۈندىن كېيىن بايقالدى. مىڭگوۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بىر ئائىلىلىك ئەر-ئايال ۋە ئۇلارنىڭ بالىسى زەھەرلىك موگۇ يەپ، ئانا-بالا ئۆلۈپ كېتىپ، ھايات قالغان دادا مىڭگوۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىلغاندا بىر ياپونىيىلىك پروفېسسور ئۇنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويمىدى. بىز نېمىدەپ ئۇلارغا شۇنچە دوستانىلىق قىلغۇدەكمىز. ئۆزىمىزنى بەك كەڭ قورساق چاغلاپ كەتتۇقمۇ نېمە؟» ئادەم ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەندىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئۆزىنى كەمسىتسە باشقىلار ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ھۆرمەتلىسەك، ئاندىن باشقىلار بىزنى ھۆرمەتلەيدۇ. بىر قانچە يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن ئامېرىكىلىق ياشنىڭ سىنگاپوردا قامچىلىنىش ۋەقەسىدە، مىنىڭچە ئىككىلا دۆلەت بوش كەلمىدى. ئامېرىكا تەرەپتىن رەئىس جۇمھۇر

ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزپۇقراسى ئۈچۈن گەپ قىلدى، بۇنىڭدىن ئۇ دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدۇق. سىنگاپور تەرەپ، بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار ئۇرۇۋېدى خەق ئۇلارغا ئوڭ كۆزدە باقتى. مۇبادائۇرمىغان بولسا خەق ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان بولاتتى.

بىز بىر مەزگىل ھەممىشە كوللېكتىۋىزملىقنى تەكىتلەپ كەلدۇق، ئەلۋەتتە كوللېكتىۋىزملىق بولمىسا بولمايدۇ، ئەمما بۇ، شەخسنىڭ قىممىتىنى دەپسەندە قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلماسلىقى كېرەك . ئەمەلىيەتتە، بىر شەخسنىڭ قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بىر مىللەتنىڭ قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىققا باراۋەر. ئەنگلىيە دۆلەت نېفىت شىركىتى نېفىت تۇرۇبىسى ئورناتقاندا، نېفىت تۇرۇبىسىنى بىر مومايىنىڭ داچىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغراكەپقالغاندا، موماي قوشۇلمىغان: دۆلەت شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە قانداقمۇ تاجاۋۇز قىلالىسۇن؟ دەرھەقىقەت، شەخسنىڭ مەنپەئىتى بولمىسا، نەدىمۇ مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بولسۇن؟ ئاخىرى دۆلەت مومايغا يېڭىلىپ، نېفىت تۇرۇبىسىنى باشقا يەر ئارقىلىق ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزگەن.

ھەقىقىي ماركسىزمچىلار دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارىمايدۇ. ماركس گېگېل قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن دۆلەت ۋە شەخس مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن شەرھلەپ، دۆلەت شەخس مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەركىزى بولالمايدۇ، دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: «دۆلەت فۇنكسىيىسى پەقەت ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇدلۇق ۋە پائالىيەت شەكلىدۇر» . ماركس: «ئادەملىك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسىي ماھىيىتىدۇر» دەپ قارىغان. بۇنداق دېگەنلىك، دۆلەت ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇد بولىدۇ، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئادەم دۆلەت ئۈچۈن مەۋجۇد بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر. دۆلەت خەلققە مەجبۇرىي يوسۇندا تېڭىلسا، ھەتتا دۆلەت ئۆز خەلقىنى ھۆرمەتلىمىسە قانداق بولىدۇ؟ بىر مىللەتنىڭ مەنۋىيىتى ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا بولغان پوزىتسىيىسىدە گەۋدىلىنىدۇ.

مەن مىللەتچى ئەمەس، ئەمما شۇ نەرسىگە ئىشىنىمەنكى، بىر ئادەم مۇبادا مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى سېزىشى كېرەكلىكىنى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز خەلقىنى قانداق ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ئادەم ھەرگىزمۇ ئىنتېرناتسىئونالىزمچى ئەمەس. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى : «دۆلەت كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى، كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە خۇسۇسىي مۈلكىنى قوغدىشى، ھەر قانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى چەكلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇ خىل فۇنكسىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەرقانداق قىلمىشى جىنايەتتۇر» دەپ قارايدۇ (لور. فون. مىپسىنىڭ «ئەركىن ۋە گۈللەنگەن دۆلەت تۈزۈمى » دېگەن كىتابىدىن ) .

---

جياڭشىنياڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ئەسلى «جەنۇب تۈگۈنۈكى ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 11-سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان

## «بەختىيار كۈنلەر»قانداق بولىدۇ؟

جاڭ يىمۇنىڭ «بەختىيار كۈنلەر» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. ئەمما ئۇ فىلىمنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭىمىكىن، ئۇنىڭدا قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن بۇ فىلىمنىڭ ئىسمىدىنلا جۇڭگولۇقلارنىڭ نەقەدەر خۇشال، نەقەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىدەك مەزمۇننىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس. ليۇخېڭشەن ئەپەندى «ۋاتىلداق جاڭ دامېنىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى» ناملىق بىر رومان يازغانىدى، ئەسلى روماندىكى «بەخت» تەئەددىي بىلەن ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، بىراق بۇ رومان تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەنگەن چاغدا ، ئەسلى ئەسەردىكى جاڭ دامېنلارنىڭ چۈمۈلە كەبى ئەرزىمەس، ئىشچى ھەرىلەر كەبى ئامالسىزلارچە كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشى «يوللار ئەگرى-توقاي بولسىمۇ ئىستىقبالىمىز پارلاق» دەپ قارايدىغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق، بەختىيار تۇرمۇش قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ تېلېۋىزىيە فىلىمى ناھايىتى كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى كەسپداشلارنىڭ بىرمەھەل راسا زوقىنى قوزغاپتىدەك. ئۇنىڭدىن باشقا چېن كەيگې رېژىسسورلۇق قىلغان «سىز بىلەن بىرگە بولسام» ناملىق يېڭى فىلىم، ئۆتمۈشتىكى «جەمئىيەتنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كۆزىتىش ھەم تەنقىد»تىن ئىبارەت بايانلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەقەلىكنى« تاڭ نۇرىدىكى خۇشال ھايات» ، «ساپ-تەبىئىي خۇشاللىق» سۈپىتىدە ئۆزگەرتىپ ئىشلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. جاڭ يىمۇمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇنداق داغدۇغىلىق بەختىيارلىق ۋە خۇشاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە؟

ئالدىنقى كۈنلەردە تاسادىپىي ھالدا «شىن نىڭ»

www.uyghurkitap.com

تەخەللۇسىدىكى بىر ئەيلەننىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم. ماقالىدا ئامېرىكىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىنو باھالىغۇچى جورجى ئالبېرت ئەپەندىنىڭ جاڭ يىمۇنىڭ «بەختىيار كۈنلەر» ناملىق كىنو فىلىمى ھەققىدىكى باھالىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئالبېرت ئەپەندى ئامېرىكىلىق كۆرۈرمەنلەرگە: «بەختىيار كۈنلەر» ناملىق فىلىمنىڭ ۋەقەلىكىنى قىسقىچە مۇنداق تونۇشتۇرۇپتۇ: بىر توپ ئىشسىز قالغان ئەرلەر بىر ئەما قىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىر تاشلىۋېتىلگەن كونا زاۋۇت ئىچىگە مەخسۇس بىر ساختا ئۆينى ياساپ، قىزغا بۇئۆينى قاۋاقخانىنىڭ ئۆيى دەيدىكەن، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرى يالغاندىن خېرىدار سۈپىتىدە ياسىنىپ ھەركۈنى قىزغا بەدەن ئۇۋۇلاتقۇزۇدىكەن ھەم ئۇنىڭغا پارچە خىراجەت بېرىدىكەن، بەرگىلى زادىلا پۇل تاپالمىغان چاغلاردا ئاق قەغەزنى پۇل ئورنىدا ئۇنىڭغا بېرىدىكەن. ھېلىقى ئەما قىز ئەمالاردا بولۇدىغان ئالاھىدە سېزىمىغا تايىنىپ، بۇ ئىشلارنىڭ باشلانغاندىلا ئاق كۆڭۈللەرچە ئويۇنالغان بىر مەيدان ساختا ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، لېكىن «خېرىدارلار» نىڭ ياخشى مىيتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، چاندۇرماي ئۇلارغا ماسلىشىدىكەن، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن كەتكەندىن كېيىنلا ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق راست گەپنى ئېيتىدىكەن. . . ئالبېرت ئەپەندى ئامېرىكىلىق كۆرۈرمەنلەرنىڭ بۇ فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن مۇقەررەر بۇ فىلىمنى ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە چاكىنا دەپ قارايدىغانلىقىنى تىلغا ئاپتۇ. شىن نىڭ ماقالىسىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ: «غەربلىكلەر بۇ خىل روھىي كەيپىياتنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلار بىلەن قانداقمۇ ھەمكارلىشالىسۇن؟ ئەجىبا بۇ ئادەمدە غۇرۇر ۋە كىشىلىك پەزىلەت دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ دەپ قارايدۇ. بۇ، جۇڭگودا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن، ئۆتمۈشتىكى ھاكىممۇتلەق دەۋرلەردە جۇڭگولۇقلار-نىڭ ھەممىسى خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە بۇرۇن-قۇلىقىغىچە تويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەۋر قىلىپ، خانلىق بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ كەلگەن.

ئالبېرت ئەپەندىنىڭ تەقرىزى ۋە شىن نىڭنىڭ ماقالىسىدىن شۇنەرسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «بەختىيار كۈنلەر» فىلىمىدىكى ئاتالمىش بەختىيار كۈنلەر، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «جاڭ دامېنىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى» دىكى «بەختىيار تۇرمۇش» تىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇ فىلىملەردە ئوخشاشلا ئالداش ۋە ئالدىنىش ، ئەخمەق قىلىش ۋە ئەخمەق قىلىنىش مەزمۇن قىلىنغان. بەزىلەر «غەرب دۇنياسىدا نىمە مەخسەت قىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ئالىيجاناب ئالداش مەۋجۇد ئەمەس، ئالداش ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭغا ھەرگىز چىدىغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، غەرب دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كېلىشىم مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. غەربتە ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بۇرۇنقى كېلىشىم ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇشقىمۇ ياكى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كېلىشىم ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇشقىمۇ، تەڭشەشكىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭ باش قاتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىغا تەھدىت سېلىشىنىڭ، ئۇلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشىنىڭ ياكى ھىيلە-مىكىر ئويلاپ ئۇلارنى ئالداشنىڭ ھېچقانچە ھاجىتى يوق. ئەمما جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا كۇڭزى ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن: «پۇقرانى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ» (پۇقرالارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىشلەتكىن، ئەمما ئۇلارغا سەن ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلدۈرمە) دەپ ئەقىل كۆرسەتكەن. تارىختىن بۇيان ھۆكۈمرانلار مۇشۇ ئاساسىي پرىنسىپنى مۇقەددەس بىلىپ، ئەلنى نادانلىقتا قالدۇرۇش تەدبىرىنى ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. ئۇندىن باشقا يەنە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەلنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى ھەمىشە پەردازلاپ، دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى، پۇقرالار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، شۇڭا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، بولمىسا، ئالەمنىڭ مالەم بوپكېتىپ، كىيىنىش-تويۇنۇش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلدى. قىسقىسى، خەق سىزنى ئالدىسۇن، ئالدىمىسۇن ئىشقىلىپ سىز ئۈچۈن پايدىلىق بوپكەلدى. سىزنىڭ يەيدىغىنىڭىز، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ - جاسارىتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇندى.

ھۆكۈمران ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنى ئالدىسا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئۆزىنىڭ ئالدىنىۋاتقان-لىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ھېچنېمىنى بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھۆكۈمران بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، لوگىكا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىمۇ ھۆكۈمراننى ئالدىغان بولىدۇ. بۇنى بىراۋنىڭ يولۋاسنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۆلگەن بولۇۋالمىسا يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى، ئۆلگەن بولۇۋالسىلا ئامان قېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولۇدىغانلىقىغا ئوخشاتساق، بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يولۋاسنى «ئالداش» راستىنى ئېيتقاندا ئۆزىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىندۇر. بىراق ھۆكۈمرانلار ئىچىدە جىن خۇي خانغا ئوخشاش «دۆلەتتە قەھەتچىلىك بولۇپ، ئەل ئاچ - زارلىقتا قالغان» يىللاردا ھەسرەتلىنىپ «شورپا ئىچسە بولمامدىغاندۇ» دەيدىغان ھاماقەت خانلاردىن باشقا، زور كۆپ ساندىكى ھۆكۈمرانلار

يەنىلا يولۋاستىن كۆپ ئەقىللىق. ئۇلارغۇنىڭ توققۇزىدا ئاۋام-پۇقرالارنىڭ قەستەن گالۋاڭ قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاۋام پۇقرالارنىڭ «خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتى»نى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. پۇقرالارنىڭ گالۋاڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى خالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، سەۋر قىلىشنى ھەم ھەمكارلىشىشنى خالىغانلىقىنى، داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇلار خاتىرجەم دەۋر سۈرەلەيدۇ، جەمئىيەتمۇ تىنچ-ئامان بولىدۇ، بۇنىڭغا قانداقمۇ خۇشال بولماي تۇرغىلى بولسۇن؟ شۇڭا، ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئوخشاشلا بىر-بىرىنى ئالدايدۇ. شۇنداقلا ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئىككىلا تەرەپ دانىشمەن گالۋاڭ بولۇۋېلىپ، مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويۇنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ تارىخىي ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئويۇننى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك: «جۇڭگولۇقلار ھەرقايسى تەرەپلەرگە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ھەمىشە ئالداش ۋە يوشۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ غەلىتە يوللىرىغا كىرىۋالىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇرۇس يولدا دەپ قارايدۇ، بۇيول ئۇلارنىڭ ئاجىز، ھورۇن ھەم شىتىلە پۇقرالىق خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ قويىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلغانسېرى، چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭماقتا.»، «جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن كىشىلىك ھاياتقا توغرا قاراشقا جۈرئەتسىز بولغاچقا، ئالداش ۋە يوشۇرۇشنى ئادەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇڭا ئۇلار ئالداش ۋە يوشۇرۇش سەنئىتىنى ئىجاد قىلغان. دەل جۇڭگو سەنئىتى جۇڭگولۇقلارنى ئالداش ۋە يوشۇرۇشنىڭ پاتقاقلىرىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنى ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلالمايۋاتىدۇ.»

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «بەختىيار كۈنلەر» مانا مۇشۇنداق ئالدىغۇچى (شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدانغۇچى) بىلەن ئالدانغۇچى (شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىغۇچى) نىڭ بىللە تۇرۇپ داۋراڭ قىلماي تىنچ ھەمكارلىشىشى داۋامىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتىدۇ.

---

فەن دولا قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «گۇاڭدۇڭ سودا-سانائەت گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 25-ئۆكتەبىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى: **ئادىل ئابدۇقادىر**

## «ۋاگوننى لىڭشىتىش ھىيلىسى»

«داھىيلارنىڭ پويىزغا ئولتۇرۇشى» دېگەن بۇ يۇمۇردا «سوتسىيالىزم» پويىزى مېڭىپ «بىر بۆلۈك رېلىسسىز يەر»گە كەلگەندە، داھىيلارنىڭ مۇشۇ ئىشقا تۇتقان ئوخشاشمىغان پوزىتسىيىسى سۆزلىنىدۇ.

بۇ ئىشقا قارىتا لېنىن «ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش» ئۇسۇلىنى، ستالىن بولسا «سىنىپىي كۈرەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۆمۈر يولنى تېزلا ياساپ يولنى داۋام قىلغان. تارىخ چاقى توختاۋسىز ئالغا باسقان.

خرۇششېف مىجەزى چۈس ئادەم بولغاچقا، تۆمۈر يولنى ئۇڭشاپ ئولتۇرماي پاراۋوزنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ، ۋاگونلارنى تاشلىۋېتىپ كېتىۋەرگەن.

گورباچېفنىڭ ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى قوپال بولغان. ئۇ مېڭىپ بولغان يەردىكى بىر بۆلۈك رېلىسنى قومۇرۇپ ئەكېلىپ يولنى ياساپ ماڭغان.

خرۇششېف بىلەن گورباچېفنىڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن بېرژنېف قانداق قىلغان؟ بېرژنېفمۇ خېلى ئۇزاققىچە قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن «پاراۋوزدىكىلەرنى پەسكە چۈشۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋاگوننى لىڭشىتىش ئارقىلىق ۋاگوندىكىلەرنى پويىز ھېلىھەم مېڭىۋېتىپتۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش» تەك قالتىس ھىيلىنى تېپىپ چىققان. مانا بۇ «بېرژنېف زامانىسى» دىكى رېئاللىقنىڭ چىن تەسۋىرى. «بېرژنېف زامانىسى» سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدا «تۇرغۇن دەۋر» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، شۇمەزگىللەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «لىڭشىش» ئىلكىدە گۇمران بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى «تۇيغان».

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن «19-ئاۋغۇست ۋەقەسى» نىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا كىشىلەر «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى» ۋە «سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ھالاكىتى» ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى داڭلىق ئالىم خۇاڭ ۋېيتىڭ «سوۋېت كومپارتىيىسى ھالاكىتىنىڭ ئون يىللىقىغا تەزىيە» («جەنۇب ھەپتىلىك گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 16-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىدە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئېچىنىشلىق، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى سوۋېت كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت خەلقى ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلغانلىقى نۇقتىسىدىن يەكۈنلەپ چىقتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى لۇكيانوف بولسا «دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنىڭ بۇزۇلۇشى» نۇقتىسىدىن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى «مونوپوللۇقتىن كېلىپ چىققان چىرىكلىك» («ھازىرقى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان) دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. كىشىلەر ئاشۇنچىۋالا يوشۇرۇن ئاپەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا كۆرمەسكە

سىلىنىۋالغان؟

بۇ سوئالغا بېرژنېفنىڭ «ۋاگوننى لىككىتىش ھىيلىسى» جاۋاب بېرىدۇ. بېرژنېفتەك رەھبەرلەر ئاشۇنداق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى «ھېس قىلدۇرماقچى» بولىدۇ. لېكىن خەلق ئۇنىڭغا گول بولارمۇ؟ ياق. بېرژنېفنىڭ ئۆز مەنسەپدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشىمۇ بىكارغا كېتىدۇ. يۇقىرى-تۆۋەندىكى بىر توپ بيۇروكرات ئەمەلدارلار ۋاگوننىڭ ئۆپچۆرىسىدە قۇرۇق ھە-ھۇ بىلەن «ۋاگوننى لىككىتقان» دەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بېرېژنېفنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەڭداشسىز» ئىكەنلىكىدەك «نوچىلىقى» غا مەستخۇش قىلىۋەتكەنىدى.

شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل تۈزۈلمىسى «لىككىش ئىچىدە مەستخۇشلۇققا غەرق بولغاچقا» ھۇش-كاللىسى جايىدا بىرەرسى چىقمىغان، چىققان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ئىش تەۋرىتەلمىگەن. ئاندىروپوف بېرژنېفتىن قېلىشمايدىغان چىرنىنكونىڭ ئورنىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا «دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇ-ئارمانلىرى» بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. باشقا مۇھىم شەخسلەر ۋە ئەربابلار قانداق قىلدى، بۇنىسى نامەلۇم.

بېرژنېف تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلىنى «چىڭدىغان». خۇاڭ ۋېيتىڭ بېرژنېفنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىككى نۇقتىغا: بىرى، تۈزۈملەشكەن تەدبىرلەر ئارقىلىق بيۇروكراتلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش، يەنە بىرى ئۆز يېقىنلىرىنى ھە دەپ يېنىغا تارتىش، دەپ يىغىنچاقلىغان. (1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى «بېرژنېفنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتىن «موسكۋا توقلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ» دېگەن جۈملىنى كۆچۈرۈۋالغانىدىم.) بېرژنېف ئاشۇ ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن ھوقۇق-ئىمتىيازىنى كېڭەيتىپ، يېقىنلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتقان. ئۇلار ئۆز ئارا پۈت تېپىشكەچ تىل بىرىكتۈرۈپ، «لىككىشۋاتقان گەۋدە» ھاسىل قىلغان ۋە قىڭغىيىپ قالغان سوتسىيالىزم بىناسىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىنى تېزلەتكەن. بۇ ھالەت مۇقەررەر ھالاكەتكە ئاپىراتتى. كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىسترلار كېڭەشىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن لۇژكوف مېغىزلىق قىلىپ: «ھوقۇق قىزىقىش-ھەۋەسكە ئايلانغاندا ھەممە ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ» دەپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقان.

شۇڭا يۇقىرىقى سىياسىي يۇمۇرنىڭ داۋامى «يېلتسىن ئوتتۇرا يولغا كەلگەن پويىزغا سەكرەپ چىقتى-دە ئۇنى باشقا ياققا قاراپ ھەيدىدى...» دەپ قارا يۇمۇرغا ئوخشاش تاماملىغان.

كىشىلەرنى ھېلىھەم «ئالغا بېسىۋېتىپتۇ» دېگەن تۈيغۇغا كەلتۈرۈش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق-ھە! ھەممىدىن مۇھىمى - تەرەققىيات. ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلغاندىلا ھەقىقىي ئۇيۇشۇشچانلىق پەيدا بولىدۇ. بېرژنېفنىڭ «ۋاگوننى لىككىتىش ھىيلىسى» دىن ئىبرەت ئالغان چېغىمىزدا، بىزدىكى تەخىرسىزلىك ۋە ئاچلىقلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

---

لۇجيەنخۇا ئىمزالىق بۇ ماقالە «ۋۋخەن سەھەر گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 2-ئۆكتەبىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 7-ئىيول سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

ئۈزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغۇچى: **ئازادىنىزامىددىن ئەنجانىي** (M1)

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**





**باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت** (M1) **مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت** (M2)



# سەرگۈزەشتىلەردىن بىركەلىمە

## ئابلەت ئابدۇللا زوقى

### يارالمىشتىن بىركەلىمە

ـ شەيتاننىڭ ئادەم ۋۇجۇدىدا قالدۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟
ـ ئادەمنىڭ جەۋھىرىنى سۇزۇش ئۈچۈندۇر.

### هايات زادى نېمە؟

ـ ئارزۇ قىلغانلىرىغا ئېرىشىش، ياكى ئېرىشمەكچى بولغانلىرىنى ئارزۇ قىلىش.

### كېيىرلىكىڭىز نېمە دەيدۇ؟

ـ خاتالىقنى بوينۇمغا ئېلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭغانۇرغۇن ئەجرىم سىڭگەن.

### ئاقكۆڭۈللىكىڭىز نېمە دەيدۇ؟

«ئۆزۈم ئارقىلىق باشقىلارنى ئوڭشايمەن» دېگۈچىلەر نېمىدېگەن ئەخمەق! ئەگەر، ئوبيېكت توغرا بولمىسا، ئۇ، ئېشەككە ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟

### يېڭىلگۈچى كىم؟

ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلار تەرەپدارى بوپكېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدىن كېيىنلا، ئەڭ چوڭ يېڭىلگۈچى ئىكەنلىكىمگە ئىقرار بولدۇم.

### قايتىش

ۋۇجۇدۇم قىلتىرىقتەك تولغانغان چاغدىلا، باياشاد كۆنلەرنىڭ مەن ئۈچۈن بىر ئىمتىهان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

### ئاشىق نېمە دەيدۇ؟

سىياسەتكە زورلىما، قەلبىمگە يارنىڭ سىياسىتى ھۆكۈمران چاغدا. . .

### دوست-يارانلەر نېمە ئۈچۈن قەدىرلىك؟

ئۇلار، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن پىكىر ئالماشتۇرۇش سورۇنىنى هازىرلىيالىغان.

### شائىرنىڭ يۈرىكى

مەن شېئىر توقۇيمەن. گېزى كەلسە ئۇ مېنى چۈۋۈيدۇ ھەم توقۇيدۇ.

### كىم كاندىدات ئەخمەق؟

ئۆزلىرى ئەخلاقلىق بولۇشالماي، باللىرى ئۈچۈن توم-توم ئەدەب-ئەخلاق كىتابلىرىنى ئېلىپ بەرگەن كىشىلەر.

### زادى كىم ساختا؟

ساختىلىقنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدىغان، ئەمما گۆدەككە «ئىمزەك» سالىدىغانلار.

### قەبرىمۇ ياكى. . .

«توي مۇھەببەتنىڭ قەبرىگاھى» ئىكەن، ئۇنداقتا، يۈرەكنىڭ ئارمان بىلەن قەبرىگە كىرىۋاتقىنىچۇ؟. . .

### ئادالەت تېشى

سەن ئويغانساڭ دۇنيا ئويغىنىدۇ. سەن ئويلانساڭ كائىنات سۈكۈتكە غەرق.

### ۋاقىت دېگەن نېمە؟

تىزگىنىنى سىيرىمەك تەس بولغان، ئەمما، غالىبلارنىڭ ئالدىدا توختايدىغان نەرسە.

### پەلەك نېمە ئۈچۈن چۆرگىلەيدۇ؟

خاتا ئىش قىلغانلارنىڭ سەۋەنلىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن.

### ئېرىشىش دېگەن نېمە؟

ـ يوقىتىش دېمەكلىك.

### شۈكۈر قىلىش قانداق ئىش؟

شۈكۈر قىلىش ـ هالال ئادەمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان خەتتۇر، ئەمما، تەلەپ ئەھلىنىڭ ئەرمىكى ئەمەس. ئۇ، يۈكسىلىشنىڭ دۈشمىنى.

### ھەقىقەتنىڭ ئىقرارى

كېچە پارغائايلىنىپ كەتكەنىدىم، ئەتىگەن شەبنەم بولۇپ تۇغۇلدۇم.

3002-يىل 27-مارت، ئاۋات

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

## ئۆمۈر ئەللەيلىرى

www.uyghurkitap.com



# ئېشەكنىڭ نەقدىرى

قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قېرى ئېشەكنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان دېھقاننىڭ ئېشەككە ھېسداشلىقى كەلسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى تەپسىلىي مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كېتىدىغان ئاۋارىچىلىقلار ئالدىدا ئېشەكنىمۇ، قۇدۇقنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا ئەرزىمەيدىكەن، دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشنىلىرىنى چاقىرىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن قېرى ئېشەكنى قۇدۇققا كۆمۈۋېتىپ ئازابتىن خالاس قىلىشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىپتۇ.

دەسلەپتە قېرى ئېشەك تولىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن دېھقان ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئېشەك ئۈستىگە توپا تاشلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، ئېشەكنىڭ كاللىسىدىن تۇيۇقسىز بىر خىيال كېچىپتۇ-دە، ئۈستىگە تاشلانغان توپىلارنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، توپا ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپتۇ. قېرى ئېشەك ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىغا قارىماي، سىلكىنىشنى ھەم قەدەم ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ ئاخىرى قۇدۇق ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى قارىماققا جاننى ئالىدىغان مۇشكۈلات بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ مۇشكۈلات ئىچىدە قىلچە ھۇدۇقماستىن ئىزدىنىش ئۇسۇلى ئىكەن.

تۇرمۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىز مەسىلىلەرگە يۈزلىنەلىسەك ۋە ئۆزىمىزدىكى ھۇدۇقۇش ھەم ئازابلارنى يېڭەلىسەك، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

مۇشكۈلاتلار بىزگە قاراپ كەلگەندە ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ ئىچىگە پايدىلىق ئامىللارمۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

يېڭى نەرسىلەرنى سىناق قىلىپ بېقىشتىن قورقماسلىق كېرەك. ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھەۋەسكار ياسىغان قېيىق ساق قېلىپ، مۇتەخەسسىسلەر ياسىغان (غايەت زور پاراخوت) «تىتانىك» چۆكۈپ كەتكەن.

---

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تەرجىمىسى (M1)



ئۇستاز، تونۇلغان ئەدىب، مۇھەررىر، «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»،
«جۇدالىق»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «سۇلتان سەئىدخان»، «سۇلتان
ئابدۇرەشىدخان» قاتارلىق شېئىر ۋە رومانلارنىڭ مۇئەللىپى، مۆھتەرەم
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ئەپەندى

تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بويىچە تونۇلغان ئەدەبىي تەرجىمان، ئۇستاز مۇھەررىر ماھىنۇر ھاجىياقۇپ خانىم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 - يىل 2 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16Gongti East Road, Beijing 100020.china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路72号
邮编：830001 电话：(0991)2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو
كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: (0991)2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22 定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 5 يۈەن